第三届新疆优秀社科期刊

2008

# 新玉文艺

NEW JADE LITERATURE

# يېڭى قاشتېشى

(قوشۇمچە سان)



خوتەن قەغىزى ۋاشىنگتوندا


يېتىمنىڭ پادىشاھ بولۇشى

دۇنيانى يەڭگەن ئوتۇنچى


سالى بىلەن ساھىبجامال

شاھزادىنىڭ ئاجايىپ سەرگۈزەشتىلىرى

ISSN 1002-9206



خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تەتقىقاتچىسى، پېشقەدەم
شائىر يولداش مەمتىمىن قۇربان ئەپەندى




# يېڭى قاشتېشى

2008 ـ يىللىق 0044 ـ قوشۇمچە سان

قوش ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال
(30 ـيىل نەشرى، ئومۇمىي 164ـسان)

## ئەدەبىي ئاخبارات

خوتەن قەغىزى ۋاشىنگتوندا..........................مەمتىمىن قۇربان (3)

## چۆچەكلەر

ئىمامنىڭ خوتۇنى بىلەن مۇزدوز .................. غەيرەت ئەخمەت (8)
ئوقۇغاننىڭ ئەقلى بار.......................... توختىخان روزى (10)
قازنىڭ گېلى پوق .......................... مەلىكە مەتتوختى (12)
بارىكاللا................................ غەيرەت مەمتىمىن (14)
پاراسەتلىك دېھقان.......................... مۇھەممەتساقى ساۋۇر (18)
ھەلىمىخان.......................... ئەخمەتجان ئابدۇللا (21)
تۆت قىز.......................................... مەينىگارخان (23)
ھەسەتخور ئاكا.......................... مۇھەممەتساقى ساۋۇر (25)
يېتىمنىڭ پادىشاھ بولۇشى.......................... مەمتىمىن قۇربان (27)
بېلىقچىنىڭ ئوغلى.......................... جالالىدىن مۆمىن (35)
سودىگەرنىڭ ئوغلى بىلەن كېنىزەك .......... مۇھەممەتساقى ساۋۇر (38)

باش مۇھەررىر:
مىجىت باقى
(خوتەن ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى)

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:
تۇرسۇنجان مۇھەممەت
(كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)

مۇھەررىرلەر:
مەتسىلىم مەتقاسىم
داۋۇت ئادىل

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى:
ئەكبەر سالىھ

ئۈچ مىڭ تىللالىق ئۈچ گەپ ......................... ئەخمەتجان ئابدۇللا (42)
ئاشىق ـ مەشۇقلار................................ مەمتىمىن قۇربان (44)
كۆز ئاغرىسا...................................... غەيرەت مەمتىمىن (49)
دۈشىنى يەڭگەن ئوتتۇنچى........................ جالالىدىن مۆمىن (51)
تىجىسەك تۈزۈلەرسەن............................ غەيرەت مەمتىمىن (54)
ئەخمەت بەگگى.................................... ئەخمەتجان ئابدۇللا (55)
تىلەمچىنىڭ قىزى................................. مەۋلان مەمتىمىن (56)
سالى بىلەن ساھىبجامال........................... مەۋلان مەمتىمىن (57)
ئەسكى خوتۇن دەججالدىن يامان................... مەمتىمىن قۇربان (62)
ئوتتۇنچىنىڭ كۆرگەنلىرى.......................... مۇھەممەتساقى ساۋۇر (64)
ئاق كۆكۈللەر.................................... ئەخمەتجان مەمتىمىن (66)
بىر كۆكۈلدە بىر خىيال............................ جالالىدىن (67)
يالغانچى........................................... جالالىدىن (68)
موللا ئۈز.......................................... ئەخمەتجان ئابدۇللا (69)
كەنجى ئوغۇل..................................... مەمتىمىن قۇربان (73)
شاھزادىنىڭ ئاجايىپ سەرگۈزەشتلىرى............. مەمتىمىن قۇربان (75)
ئامەتلىك يىگىت.................................. مەمتىمىن قۇربان (82)
ئەقىللىق قىز...................................... مەۋلان مەمتىمىن (93)
پادىشاھنىڭ يىگى خوتۇنى......................... غەيرەت ئەخمەت (95)
كىمنىڭ تۆھپىسى چوڭ........................... مەمتىمىن قۇربان (98)

---

**مۇقاۋا 1 ـ بەتتە: شاد ـ خۇرام دېھقانلار ......................... ئەركىن غوجىئەخمەت سىزغان**

**مۇقاۋا خېتىنى يازغۇچى: قاينام جاپپار**

تەھرىر ھەيئەتلەر:
(ئىلىپبە تەرتىپى بويىـ
چە تىزىلدى)

ئابدۇللا سۇلايمان
ئابدۇلئەھەد قادىرى
ئالتۇنگۈل رەجەپ
ئابدۇخېلىل ئابدۇجېۋىر
ئەنۋەر ھوشۇر
ئەزىز مۇھەممەت شەمس
تۇرسۇنجان مۇھەممەت
داۋۇت ئادىل
سىدىق قاۋۇز
مىجىت باقى
مۇھەممەت چاۋار
مەتنىياز روزى
مۇختار ھوشۇر
مۇختار مەترۇزى
مەتقاسىم ئابدۇراخمان
مەتسېلىم مەتقاسىم
نۇرمۇھەممەت توختى
ئۆمەر رەجەپ
ئوبۇل ھاشىم

مەسئۇل كوررېكتورى:
ئابدۇرېھىم رۇنۇن
(تەكلىپ قىلىنغان)
تۇرسۇنجان مۇھەممەت
مەتسېلىم مەتقاسىم

كومپيۇتېردا:
يالقۇن مۇھەممەدروزى



# خوتەن قەغەزى ۋاشىنگتوندا

## (ئەدەبىي ئاخبارات)

### ئەھمىيەتلىك ئۇچرىشىش

2001-يىل 7-ئاينىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىنىڭ بىرى. ئۈرۈمچى «ئىتتىپاق» تىياتىرخانىسىنىڭ يېنىدىكى بىر ئاشخانىدا خەتتات نىياز كېرەم ئەپەندىنىڭ ئۇچراشتۇرۇشى بىلەن تۈركىيىلىك پروفېسسور ئوغۇزخان بىلەن خوتەن ۋىلايەتلىك بىرىنچى ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ھۈنەر-سەنئەت ئوقۇتقۇچىسى مەتتۇرسۇن ئابدۇرېشىت ئەپەندىم تونۇشۇپ قالدى.

ئوغۇزخاننىڭ دادىسى قاغىلىقتىن تۈركىيىگە چىقىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان، ئوغۇزخان تۈركىيىدە تۇغۇلۇپ ئامېرىكىدا ئوقۇغان، يېشى ئاتمىشلارغا بېرىپ قالغان كىشى ئىدى. ئۇ ئاتاقلىق رەسسام غازى ئەھمەدنىڭ تەكلىپى بىلەن خوتەن قەغىزى ھەققىدە تەتقىقات ماقالىسى يازماقچى ئىكەنلىكىنى ئېيتقاندىن كېيىن مەتتۇرسۇن ئەپەندىدىن:

— خوتەنگە بارسام قەغەز ياساش مەشغۇلاتىنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدىغانلارنى تاپقىلى بولارمۇ؟ — دەپ سورىدى. مەتتۇرسۇن ئەپەندىنىڭ قارىقاش ناھىيىسىدىكى پۇرچاقچى يېزىسىنىڭ تۆگمەنئېرىق كەنتىدە ئاچىسى بار ئىدى. ئۇ ئاچىسىنى يوقلاپ بېرىش ئۈچۈن قەغەزچى مەھەللىسىدىن ئۆتكەندە يول بويىدا ئاپتاپقا قاقلاپ قويۇلغان قەغەز قېلىپلىرىنى كۆرەتتى. ئۇ يەنە خوتەن شەھىرىنىڭ يۇرۇڭقاش، ناۋا دېگەن جايلىرىدا بىر نەچچە قەغەزچى ئائىلىلەرنىڭ بارلىقىنى بىلەتتى. شۇڭلاشقا، ئۇ ئىشەنچ ۋە خاتىرجەملىك بىلەن:

— تاپقىلى بولىدۇ. مەنمۇ بىر نەچچە قەغەزچىنىڭ ئۆيىنى بىلىمەن، — دېدى. ئوغۇزخان مەتتۇرسۇن ئەپەندىم بىلەن تونۇشۇۋالغانلىقىدىن ئۆزىنى تەلەيلىك ھېس قىلىپ ئۇنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ قويدى.

— مەن پات يېقىندا خوتەنگە بارسام مېنى ئاشۇ كىشىلەر بىلەن كۆرۈشتۈرگەن بولسىڭىز.

— چامىمنىڭ يېتىشىچە ھەمكارلىشىمەن.

بىر ھەپتىدىن كېيىن ئوغۇزخان خوتەنگە كەلگىنىنى مەتتۇرسۇن ئەپەندىمگە تېلېفوندا مەلۇم قىلدى. مەتتۇرسۇن ئەپەندىم ئۇنىڭغا يول باشلاپ يۇرۇڭقاش ھەم زاۋىدىكى قەغەزچىلەر بىلەن كۆرۈشتۈرگەندىن كېيىن توختىباقاخۇننىڭ ئۆيىگە ئېلىپ كەلدى. ئوغۇزخان توختىباقاخۇن كۆرسەتكەن خوتەن قەغىزى قويۇشنىڭ تەپسىلىي مەشغۇلاتىنى تېلېكامېراغا تولۇق خاتىرىلىۋالدى. ئۇ خوتەن قەغىزىنىڭ تارىخى، ھازىرقى ئەھۋالى توغرىسىدا قىممەتلىك، مول ئاساسلارغا ئىگە بولغىنى ئۈچۈن خوتەنگە كەلگىنىدىن تولىمۇ رازى بولدى.

### تەلەيدىن خەۋەر

ئوغۇزخاننىڭ ماقالىسى تېمىسىنىڭ يېڭىلىقى، دەلىل-ئىسپاتلىرىنىڭ تولۇقلىقى بىلەن شۇ يىلى قىشتا ئامېرىكىدا ئېچىلغان ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا يۇقىرى

شۆھرەت قازىنىپ مۇكاپاتقا ئېرىشتى. بۇ يىغىننى ئۇيۇشتۇرغان ئامېرىكا سىمسىئونىيان مىللىي ئۆرپ ـ ئادەت، سەنئەت فېستىۋالى (يەرمەنكىسى)نىڭ تەشكىللىي ھەيئىتى ئەزالىرىدىن پاركېر خانىم قاتارلىقلار تېلېكامېرا لېنتىسىدىن خوتەن قەغىزى قويۇش مەشغۇلاتلىرىنىڭ ئېپتىدائىي پېتى داۋاملىشىپ كەلگىنىنى كۆرۈپ، بۇنىڭغا تولىمۇ قىزىقتى.

2002 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ ئۇجمە شاخلىرى يوپۇرماق كۆرسىتەي دەپ قالغان كۈنلىرىنىڭ بىرى. ئۇنىنچى ئەۋلاد قەغەزچى، بۇ مەھەللىدىكى ئاتا مىراس كەسپىنى تاشلىماي كەلگەن ئىككى قەغەزچىنىڭ بىرى، سەكسەن ياشلىق توختىباقاخۇننىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا قاپقارا قوڭغۇز پىكاپ توختىدى. ئۇنىڭ قوشنىلىرى دەزماللانغان كىيىملىرىگە قىلچە توپا قوندۇرمىغان، بەتىنكىلىرى پارقىراپ تۇرغان بۇ كىشىلەرنىڭ پىكاپتىن چۈشۈپلا توختىباقاخۇننىڭ ئۆيى تەرەپكە ماڭغىنىدىن ھەيران قېلىشتى. توختىباقاخۇن ھويلىسىدا ئايالى، كېلىنى، نەۋرىسى بىلەن قەغەز قويۇش مەشغۇلاتىغا تۇتۇش قىلىۋاتاتتى. ئۇ نامراتلىشىپ كەتكەن بولسىمۇ، دادىسىنىڭ ۋەسىيتىگە يۈزسىزلىك قىلمىغىنىنىڭ شان ـ شۆھرىتىنى كۆرىدىغانلىقىدىن بوگۇن خەۋەر ئاگلايدىغىنىنى بىلمەيتتى. ئىككى قاناتلىق، سىرلانمىغان كونا تاختاي دەرۋازا ئېچىلىپ ئالدىدا مەتتۇرسۇن ئەپەندىم، كەينىدە جاينا خانىم بىلەن ئوغۇزخان كىرىپ كەلدى. توختىباقاخۇن قېلىپنىڭ سۇيىنى ساقىتىپ تۇرغان پېتى بىر دەم ھەيرانلىق نەزىرىدە قاراپ قالدى، ئۇ مەتتۇرسۇن ئەپەندىم بىلەن ئوغۇزخاننى تونۇپلا قېلىپنى يەردە قويۇپ قوللىرىنى ئۇزىتىپ كۆرۈشكىلى كەلدى. ئۇلار قىسقىلا تىنچلىق سوراشقاندىن كېيىن توختىباخۇن كۆزلىرى يېشىل، چىرايى ئاق سېرىق، بويى ئېگىز، ئورۇق كەلگەن، قىرىق بەش ياشلاردىكى سېرىق چاچ ئايالغا ھەيرانلىق بىلەن قارىدى. ئاندىن ئوغۇزخانغا «بۇ كىم؟» دېگەن مەنىدە كۆز تىكتى. ئوغۇزخان جاينا خانىمنى ئۇنىڭغا تونۇشتۇرۇپ قويدى. جاينا خانىمنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن توختىباقاخۇن ئايالىنى، كېلىنىنى، نەۋرىسىنى قەغەز قويۇشنىڭ تەپسىلىي مەشغۇلاتىنى تەرتىپ بىلەن تولۇق كۆرسىتىشكە يېتەكلىدى. جاينا خانىم بۇ مەشغۇلاتلارنى تېلېكامېراغا باشتىن ـ ئاياغ خاتىرىلىۋالدى. مەشغۇلات ئۈچ سائەتچە داۋاملاشتى.

ئۇنىڭغىچە لەگمەنمۇ پىشتى. توختىباقاخۇن مېھمانلارنى داستىخانغا تەكلىپ قىلىۋېدى. جاينا خانىم ئۆز زۇۋانىدا بىر نېمىلەرنى دېدى، ئوغۇزخان:

ــ تامىقىڭلارنى يەۋېلىپ سىلەرگە زىيان سالساق بولمايدۇ. ئۆزۈڭلار يەۋېرىڭلار، ــ دەپ تەرجىمە قىلدى. توختىباقاخۇننىڭ قايتا ـ قايتا زورلىشى بىلەن مېھمانلار كاڭ ئوچاقتا يېقىلغان ئىسسىق تومناندىن بىر ـ ئىككى چىشلەم تېتىپ بېقىپ:

ــ مىزىلىككەن، يېيىشلىككەن، دەپ ماختاشتى.

جاينا خانىم ئوغۇزخان ئارقىلىق مۇشۇ مەھەللىلىك بىر كاۋاپچىنى تېپىپ ئۇنىڭغا بىر پاقلاننى تونۇرغا تىقىشنى بۇيرۇدى. كاۋاپ داستىخانغا كەلتۈرۈلۈشى بىلەن جاينا خانىم توختىباقاخۇننى ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنى تەكلىپ قىلىپ ھەممەيلەن بىللە ئولتۇرۇپ غىزالىنىشتى. بۇ توختىباقاخۇنغا مەشغۇلات كۆرسىتىپ بەرگىنى ئۈچۈن جاينا خانىمنىڭ بىلدۈرگەن ھۆرمىتى ئىدى. جاينا خانىم ئامېرىكا سىمسىئونىيان مىللىي ئۆرپ ـ ئادەت، سەنئەت فېستىۋالى تەشكىللىي ھەيئىتى توختىباقاخۇننىڭ خوتەن قەغىزى قويۇش مەشغۇلاتىنى كۆزدىن كۆچۈرۈشكە، فېستىۋالغا تەكلىپ قىلىش ـ قىلماسلىقنى بەلگىلەشكە تەيىنلىگەن خادىمى ئىدى. ئۇ بۇرۇنلا ئۇيغۇر يېزىقىدا باستۇرۇپ تەييارلاپ قويغان ئۈچ بەتلىك تەكلىپنامىدىكى تەكلىپ قىلىنغۇچىنىڭ ئىسمى ئۈچۈن بوش قالدۇرۇلغان ئورۇنغا ئىنگلىز يېزىقى بىلەن توختى باقى دەپ يازغاندىن كېيىن بۇ خەتنى توختىباقىنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ ئۆزىنىڭ زۇۋانىدا بىر نېمىلەرنى دېدى. ئوغۇزخان:

ــ مۇشۇ خەتكە ئاساسەن بۇ يىل 6 ـ ئايدا ئامېرىكىغا بارىدىكەنلا، ـ دەپ چۈشەندۈرۈپ قويدى.

توختىباقاخۇن ھەم ھەيران قالغاندەك، ھەم ئاگقىرالمىغاندەك چەكچىيىپلا قالدى. كۆڭلىدىكى گېپىنى ئېغىزىدىن چىقىرالمايۋاتقاندەك لەۋلىرى لىپىلداپ كەتتى. ئۇ ئامېرىكا دەپ ئاڭلىغان، ئەمما ئامېرىكىنىڭ دۇنيانىڭ قايسى تەرىپىدە ئىكەنلىكىنى مۆلچەرمۇ قىلالمايتتى. جاينا خانىم:

ــ ئۆيىڭىزدىن چىققاندىن باشلاپ ئۆيىڭىزگە كەلگىنىڭىزگە قەدەر بىر كۈنىڭىزگە ئەللىك دوللاردىن پۇل ئالىسىز. ياتاق، تاماق، قاتناش چىقىملىرىنى يەرمەنكە ئۈستىگە ئالىدۇ. سىزگە بېرىلىدىغان باشقا

پۇللارمۇ بار. ئاخىردا قىرىق مىڭ يۇەندىن كۆپرەك خەلق پۇلىنىڭ ئىگىسى بولىسىز، ــ دېدى. توختىباقاخۇننىڭ چىرايىدا ئۈمىد كۈلكىسى جىلۋىلەندى. دادىسىنىڭ «باي بولۇپ كەتسىڭىزمۇ، نامراتلىشىپ كەتسىڭىزمۇ بۇ ھۈنەرنى تاشلىماڭ» دېگەن ۋەسىيىتى ئۇنىڭ كۆڭلىدە لىپپىدە يورۇپ ئۆتتى. ئۇ بېشىنى لىڭشىتىپ:

ــ بولۇپتۇ. باراي، ــ دېدى. مەتتۇرسۇن ئەپەندىم چاقچاق قىلىپ:

ــ خەتتات بولغىچە قەغەزچى بولغان بولسام ۋاشىنگتونغا ئۆزۈم باراتتىكەنمەن، ــ دېدى، توختىباقاخۇنمۇ بوش كەلمەي:

ــ مېنىڭ تەلىيىمدىن قىزغاندىڭىزمۇ؟ ــ دېدى-دە يېنىدىكىلەرنى كۈلدۈرۈۋەتتى.

جاينا خانىم سورىدى:

ــ ئادەتتە قانداق تاماق يەيلا؟

ــ نېمە بولسا شۇنى يەۋېرىمەن، تاماق خىللىمايمەن.

ــ پولۇ بىلەن توخۇ گۆشىنىچۇ؟

ــ راسا يەيمەن.

ــ سىلىنى باقماق تەس ئەمەسكەن، ــ دېدى جاينا خانىم كۈلۈپ، يەنە سورىدى:

ــ قانداق كېسەللىرى بار؟

ــ كېسەل بىلەن بىرەر كۈن يېتىپ باقمىغىنىمغا ئوتتۇز يىلدىن ئېشىپ كەتتى.

ــ ئۇسساپ قالسىلا نېمە ئىچىدىلا؟

ــ چايلىق دورىلىرىم بار. شۇنى دەملەپ ئىچىمەن.

جاينا خانىم چايلىق دورىدىن يېتەرلىك ئېلىۋېلىشنى تاپىلىغاندىن كېيىن پىشكوك،توقماق، قېلىپ، كەمچە، يېتەرلىك قوۋزاق، شاخالارنى چوقۇم ئۇنتۇپ قالماسلىقنى تەكىتلىدى.

ــ ماتالنى، كىچىك كۈلچەكنى، تاشنى مەن تەييارلاپ قويىمەن، ــ دېدى. ئارقىدىن يەنە سورىدى،

ــ قېلىپ، توقماق، پىشكوك ــ بۇ ئۈچ خىل سايمان بۇ يەردە نەچچە پۇلغا تەييار بولىدۇ؟

ــ ئوتتۇز يۇەنگە، ــ دېدى توختىباقاخۇن كۆڭلىدە ھېسابلىغاندىن كېيىن. جاينا خانىم:

ــ نېمە دېگەن ئەرزان. مەن ئۈچ يۈز يۇەن بېرەي. قوۋزاق بىلەن شاخالىرى ئالتە يۈز يۇەن بولسۇنمۇ؟ ــ دەپ سورىدى.

ــ شۇنداق بولسۇن.

جاينا خانىم يۈز يۇەنلىك خەلق پۇلىدىن توققۇزنى ساناپ ئۇنىڭغا بەردى. ئوغۇزخان ئۇنىڭدىن سېتىۋالغان ئىككى خالتا قەغەزنى پىكاپنىڭ كەينىگە باسقاندىن كېيىن مېھمانلار بىلەن ساھىبخانلار قىزغىن خوشلاشتى.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەتتاتلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى نىياز كېرىممۇ بۇ فېستىۋالغا تەكلىپ قىلىنغانىدى. ئۇ مۇناسىۋەتلىك تارماقلارغا ئۆزىنىڭ ۋە توختىباقاخۇننىڭ يولىنى بىللە مېڭىپ، فېستىۋالغا قاتنىشىش ئۈچۈن رۇخسەت ئېلىشقا قانچىلىك ئەجىر سىڭدۈرگىنىنى توختىباقاخۇن بىلمەيتتى.

## خوتەن قەغىزى ۋاشىنگتوندا

2002-يىلى 6-ئاينىڭ شۇ جاي ۋاقتى بىلەن 24-كۈنى (دۈشەنبە) چۈشتە زېمىنغا قونغان چوڭ ئايروپىلان بىر دەم گۈركىرەپ ماڭغاندىن كېيىن ئاستا-ئاستا توختىدى.

ــ ۋاشىنگتونغا كەپتىمىز، ــ دېدى نىياز كېرىم يانداش ئولتۇرغان توختىباقاخۇنغا قاراپ. توختىباقاخۇن ئايروپىلاندىن چۈشۈۋېتىپ يەر، ئاسمانغا نەزەر سالدى. ئاسماندىن باشقا تەرەپلەر يۇرتىدىكىگە ئوخشىمايتتى. توختىباقاخۇن بۇ قېتىم ئۈرۈمچىگە كەلگەندە نىياز كېرىمنىڭ ئۆيىدە ئىككى كېچە ياتقىنىدىن ئىلگىرى ئۆزىنىڭ ئۆيىدىن باشقا ھېچكىمنىڭ ئۆيىدە قونۇپ باقمىغانىدى، ناھىيە بازىرىنى جاھاندىكى ئەڭ ئاۋات جاي دەپ قارايتتى. مېھمانساراي دېگەن نەرسىنىڭ بارلىقىنىمۇ بىلمەيتتى. «كىمنىڭ ئۆيىگە چۈشەرمىز ئۇ كىشى مېنى تونۇمايدىغان تۇرسا...» دېگەن غەملىك خىيال ئۇنىڭ كۆڭلىگە مۇز تەگكۈزدى، لېكىن دەرھال نىياز كېرىم بىلەن بىللە كېتىۋاتقىنى ئېسىگە كېلىپ خاتىرجەم بولدى. ئىككىسى ئايرودروم دەرۋازىسىدىن چىقىشى بىلەنلا جاينا خانىم بىلەن ئوغۇزخان ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ قىسقىلا تىنچلىق سوراشقاندىن كېيىن يۈك-تاقلارنى پىكاپقا باستى. ئوغۇزخان ئەينەك بېزەكچىلىكى ھۈنىرى بىلەن بۇ فېستىۋالغا تۈركىيىدىن تەكلىپ قىلىنغانىدى.

پىكاپ قانچىلىك يىراققا ماڭدى، بۇنى توختىباقاخۇن بىلەلمىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى يول بويىدىكى تاختا-تاختا يېشىللىقلارغا، چوققىسى ئاسمانغا تاقاشقان ئېگىز بىنالارغا ھەيرانلىق بىلەن قارايتتى. بىر چاغدا ئۇلار

دۆلەت چىمەنزارلىقى ئەتراپىدىكى مېھمانسارايلارنىڭ بىرىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا پىكاپتىن چۈشتى. جاينا خانىم بىلەن ئوغۇزخان ئۇ ئىككىسىنى باشلاپ ئىككى كىشىلىك ياتاقلاردىن بىرىگە ئورۇنلاشتۇردى. ئەتىگەنلىك ۋە كەچلىك غىزانى مېھمانسارايىنىڭ ئاشخانىسىدىن يەيدىغانلىقىنىمۇ ئەسكەرتىپ قولىغا بىلەت بەردى. ئۇلار چىقىپ كەتكەندىن كېيىن،

ــ خالا نەدىكى؟ ــ دەپ سورىدى توختىباقاخۇن ئۇشتۇمتۇت بىر ئىشتىن ئەنسىرىگەندەك كەيپىياتتا. نىياز كېرىم ياتاق ئىچىدىكى تازىلىق ئۆيىنى ئېچىپ يۇيۇنۇش كۆلچىكىنى، چوڭ، كىچىك تەرەت كاتەكلىرىنى كۆرسىتىپ قويغاندىن كېيىن:

ــ نامازغىمۇ مەشەدە تاھارەت ئالىدىلا، ـ دېدى.

6 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى (چارشەنبە) چۈشتىن بۇرۇن سائەت ئونبىردە توختىباقاخۇن مەشغۇلاتىنى باشلىدى. مەشغۇلات ئورنىنىڭ ئۈستى يېپىلغان بولسىمۇ، ھاۋا تونۇردەك قىزىپ كەتكەنلىكتىن ئۇ ئىسسىققا چىدىيالماي ئاق داكىدىن تىكىلگەن كۆينەك ئىشتىنىدىن باشقا ھەممە كىيىملىرىنى سېلىۋەتتى. ئۇ ئىشنى ئۆيىدىكىگە ئوخشاش قوۋزاق پىشۇرۇشتىن باشلىماقچى بولدى. گاز ئوچاققا ئېسىلغان پولات قازاننىڭ سۈيى قىزىغاندا شاخانى، قاينىغاندا قوۋزاقنى سالدى. قازان بىر سائەتتەك قاينىغاندىن كېيىن بىر تال قوۋزاقنى ئېلىپ چىلىك تارتىپ باقسىمۇ ئۈزۈلمىدى. يەنە بىر سائەتچە قايناتقاندىن كېيىن تارتىپ باقسا قوۋزاق يەنە ئۈزۈلمىدى. «شاخا ئاز بولۇپ قالمىغانتى، بۇ نېمە گەپ ئەمدى؟» توختىباقاخۇننى غەم باستى. قوۋزاق پىشمىسا مايى ياسىغىلى، قەغەز قۇيغىلى بولمايتتى. ئۇنىڭ يۈزى چۈشۈپ كېتەتتى. قانداق قىلىش كېرەك؟ ئۇ تەۋەككۇل قىلىپ قوۋزاقنى سۈزۈپ ئېلىپ بىر پارچە يۇپقا سۇلياۋ يوپۇققا يۆگەپ ئۈستەل ئۈستىدە ئاپتاپقا قاقلاپ قويدى. جاينا خانىم ئۇنىڭغا:

ــ قارىمامسىز، ماھارىتىڭىزنى كۆرىمىز دەپ نەچچە يۈز كىشى قاراپ تۇرىشىۋاتىدۇ. ئىشىڭىزنى داۋاملاشتۇرۇڭ، ـ دېۋىدى، توختىباخۇن:

ــ ئالدىراتماڭ، قەغەز پىششۇن، ــ دەپ قويدى. ئۇنىڭ ئالدى، يان ھەم ئارقا تەرەپلىرىدە ئوتتۇز ـ قىرىقچە كىشى تېلېكامېرا ھەم فوتو ئاپپاراتلىرىنى ئۇنىڭغا ئۇدۇللاپ قىستىلىشىپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا چىرايى قاپقارا گىدە چاچلىقلارمۇ، بۇغداي ئۆڭ قارا كۆزلۈكلەرمۇ، تېرىسى قايماقرەڭ ئاق قاشلىقلارمۇ كۆرۈنەتتى. ئۆزىگە قاراپ تۇرغانلارنىڭ جىقلىقىنى كۆرۈپ توختىباخۇننىڭ يۈرىكى دۈپۈلدەپ قالدى». «قوزام مېنى مات قىلمىغىدى ئىلاھىم» بىر سائەتتىن كۆپرەك ۋاقىتتىن كېيىن ئۇ تەۋەككۇل دەپ سۇلياۋ يوپۇقنى ئاچتى. قارىسا قوۋزاق قارىداپمۇ، پۈرلىشىپمۇ قالماي كۆڭلىدىكىدەك پىشىپتۇ. ئۇ بېشىدىكى تۆگمەن تېشى چۈشۈپ كەتكەندەك يېنىكلەپ قالدى.

جاينا خانىم ئۇنىڭغا تەييارلاپ قويغان «تاش» يا تاش ئەمەس، يا تۆمۈر ئەمەس، قانداقتۇر بىر قاتتىق جىسىم ئىدى. بۇ جىسىمنىڭ يۈزى ئەينەكتەك تەكشى، سىلىق بولۇپ، بويى ئۈچ غېرىچ، توغرىسى ئىككى يېرىم غېرىچ كېلەتتى. توختىباقاخۇن قوۋزاقنى ئۇنىڭ ئۈستىگە قويۇپ توقماق بىلەن سوقۇشقا باشلىدى. ئۆيىدە قوۋزاق سوقسا بوك ـ بوك ئاۋاز چىقاتتى. بۇ يەردە تۆمۈرنى ـ تۆمۈرگە ئۇرغاندەك توڭ ـ توڭ زىل ئاۋاز چىقارغانلىقتىن، بۇ نېمە ئىشتۇ؟ دەپ كىشىلەر تېخىمۇ كۆپ توپلىنىپ كەتتى. بىرى كەتسە ئىككىسى كېلەتتى. ئۇنىڭ مەشغۇلاتى تەرتىپ بىلەن داۋاملاشتى. ئۇنىڭغا تەييارلانغان ماتال، كىچىك كۆلچەكلەر تۆمۈردىن ياسالغان بولسىمۇ، ھەجمى ئۆيىدىكى بىلەن باراۋەر ئىدى. قېلىپتىكى سۇ ساقىپ بولۇپ قەغەز ئاپتاپقا قاقلانغاندا يۈزلىگەن فوتو ئاپپاراتلىرى كەينى ـ كەينىدىن چاراسلاپ كەتتى. توختىباقاخۇن مەشغۇلاتلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق بولغىنىدىن خۇشال بولۇپ ئەركىنلىشىپ قالدى. ھۈنىرىنىڭ بۇ قەدەر ئېزىزلانغىنىدىن روھلىنىپ كەتتى. ئىش ئورنىنىڭ ئىككى تەرىپىگە تىكلەنگەن كەڭ تاختايغا ئۇنىڭ چوڭايتىلغان سۈرىتى ھەم خوتەن قەغىزىگە دائىر چۈشەندۈرۈشلەر چاپلانغانىدى. چېچى سېرىق، كۆزى يېشىل، ئىككى مەڭزىدىن قان تېمىپ تۇرغان بىر مويسىپىت كىشى ئاۋۋال سۈرەتكە، ئاندىن توختىباقاخۇننىڭ چىرايىغا قارىغانىدى، توختىباقاخۇن ئېپتىخارلانغان كەيپىياتتا قول ئىشارىتى بىلەن «ئاشۇ سۈرەتتىكى ئادەم مانا مەن» دېگەن مەنىنى ئىپادىلىدى. بۇنى چۈشەنگەن ئۇ كىشى باش بارمىقىنى كۆرسىتىپ «قالتىس» دېگەن مەنىنى بىلدۈردى. چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچتە ئۇنىڭ بىر كۈنلۈك مەشغۇلاتى ئاخىرلىشىپ، نىياز كېرىم بىلەن ياتاققا قايتتى.

نىياز كېرىمنىڭ ھۆسنخەتتىن ماھارەت كۆرسىتىدىغان ئورنىمۇ يېقىنلا ئىدى.

توختىباخۇننىڭ كېيىنكى كۈنلەردە پائالىيىتى ئاشۇ تەرىقىدە كۆڭۈللۈك، نەتىجىلىك داۋام قىلدى. جايىنا خانىم ئۇنىڭ چوشلۇك تاماقتا ئۇچۇن بىر قاچا پولۇ، بىر نەچچە تىلىم قوغۇن، تاۋۇز ئەكىلىپ قويۇپتتى. «شۇنچە كۆپ ئادەم مېنىڭ ھۈنىرىمنى كۆرىمىز دەپ قارشىپ تۇرسا، مەن تاماق يەيمەن دەپ ئۇلارنى ساقلاتسام سەت تۇرىدۇ»، ئۇ ئىشنى داۋاملاشتۇرىۋېرەتتى. توختىباخۇننىڭ بىلىنەر ـ بىلىنمەس ھالدا ئالدىغا ئېگىشكەن كەگرەك مۈرىسى، ئاقىرىپ بولغان بىر سىقىم ساقىلى ئۇستىدىكى كۈلۈمسىرەشكە تەييار تۇرغان لەۋلىرى، ساڭگىلىغان قاپىقى بېسىپ تۇرغان شوخ، نۇر چېچىلىپ تۇرغان كۆزلىرى فېستىۋال كۆرۈرمەنلىرىنىڭ قەلبىگە سىڭگەن پېتى دۇنيانىڭ تەرەپ ـ تەرەپلىرىگە كەتتى. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە توختىباقاخۇن قوۋزاق سوقۇۋېتىپ ئېگىز بوي، ئورۇق، يەتمىش ياشلارغا كىرىپ قالغان ساقالسىز بىر كىشىنىڭ ئۆزىگە تىكىلىپ قاراپ تۇرغىنىنى كۆرۈپ قالدى. توختىباقاخۇن ۋاشىنگتوندا نىياز كېرىم بىلەن ئوغۇزخاندىن باشقا زۇۋانداش يوق دەپ ئويلايتتى.

ــ ئۆزلىرى خوتەندىنمۇ؟

توختىباقاخۇن ئۇنىڭ ئۇيغۇر ئىكەنلىكىنى بىلىپ بىر تۇغقىنىنى كۆرگەندەك خۇشال بولۇپ كەتتى. پاراڭلىشىش داۋامىدا توختىباقاخۇن ئۇنىڭ ئىسمى ئابدۇشۈكۈر ئىكەنلىكىنى، ئۈرۈمچىدىن ۋاشىنگتونغا قىزىنى يوقلاپ كەلگىنىنى بىلدى. ئابدۇشۈكۈرنىڭ قىزى ھەيدىگەن پىكاپتا ئولتۇرۇپ ۋاشىنگتوننىڭ نۇرغۇن رەستىلىرىنى ئايلانغىنى، ئۇلارنىڭ ئۆيىدە تېتىملىق لەگمەن يېگىنى توختىباقاخۇننىڭ كۆڭلىدە ئۇنتۇلماس، كۆڭۈللۈك ئەسلىمە بولۇپ قالدى.

7 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ھەر خىل ھۈنەر، كەسىپ ئۇستىلىرى ماھارەت كۆرسەتكەن، جۇڭگودىن ئوتتۇرا دېڭىزغا قەدەر سوزۇلغان يىپەك يولىدا راۋاجلانغان مۇزىكا، سەنئەت ۋە يېڭى كەشپىيات تېمىسىدا تۈنجى ئۆتكۈزۈلگەن ئوتتۇز ئالتىنچى نۆۋەتلىك سىمىسونيان مىللىي ئۆرپ ـ ئادەت سەنئەت فېستىۋالى ئاخىرلاشتى. شۇ كۈنى ئاخشىمى توختىباقاخۇننىڭ ياتىقى ئۇنى ئۇزىتىدىغانلار بىلەن لىق تولدى. دەسلەپتە توختىباقاخۇننىڭ ئەتلەس، ئاق دوپپا قاتارلىق سوۋغاتلىرىغا مۇيەسسەر بولغان جايىنا خانىم، ئوغۇزخانلارلا ئەمەس، ئابدۇشۈكۈر تۇردى، ھەتتا ياتاق قوشنىلىرىمۇ ئۇنىڭغا ھەم خوتۇن ـ بالىلىرىغا كىيىم ـ كېچەكلەرنى كۆڭۈل ئىزھارى قىلدى. ئۇنىڭ بىر خالتىسى سوۋغاتلىق بۇيۇملار بىلەن لىق تولدى.

فېستىۋال تەشكىلىي ھەيئىتى توختىباقاخۇنغا بېرىشكە تېگىشلىك پۇللارنى نىياز كېرىم ھېسابلىشىپ تاپشۇرۇۋالغانىدى.

توختىباقاخۇن ئۆزى قويغان خوتەن قەغىزىدە بىرسى يىگىرمە بەش بەتلىك، ئوتتۇز ئىككى باسما تاۋاقلىق دەپتەردىن بەش يۈزنى تىكىپ قاچىلىۋالغانىدى. ۋاشىنگتوندا بۇ دەپتەرلەرنىڭ يېرىمى بەش دوللاردىن سەككىز دوللارغىچە سېتىلغانىدى. توختىباقاخۇن نىياز كېرىمدىكى، جايىنا خانىمدىكى پۇللىرىنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئالدى، دادىسىنىڭ ۋەسىيىتى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا يەنە بىر قېتىم يورۇپ ئۆتتى. ئۇ بىر دەم خىيال سۈرگەندىن كېيىن:

ـ بۇ پۇل ھەج قىلىشىمغا يېتەرمۇ؟ ـ دەپ سورىدى.

ـ يېتىدۇ، كەڭتاشا يېتىدۇ.

ـ قوللىرىدا ئون ـ ئون بەش مىڭ كوي ئېشىپمۇ قالىدۇ، ــ دېيىشتى نىياز كېرىم بىلەن ئابدۇشۈكۈر تۇردى. توختىباقاخۇن ھاياجانلانغانلىقتىن لەۋلىرى تىترەپ، ساقىلى سىلكىندى. ئۇنىڭ خۇشاللىقى بىر دەمدىلا ئەندىشىگە ئالماشتى:

ـ بۇ ئاز پۇل ئەمەسكەن، ئوغرى، بۇلاڭچى بىلىپ قالسا چاتاقنىڭ چوڭى چىقىدۇ.

نىياز كېرىم بىلەن ئابدۇشۈكۈر تۇردى ئۇنىڭ قولىغا ئۆيىگە بارغۇچە يەتكىدەك پۇلنى تۇتقۇزدى. قالغان پۇللىرىنى ئايالچە پايپاقنىڭ ئىچىگە تەكشى تىزىپ، بېلىنى ئايلاندۇرۇپ كۆڭلەكنىڭ ئىچىدىن چىگىپ قويدى.

ئەتىسى ئەتىگەندە توختىباقاخۇن ئولتۇرغان يەتتە يۈز ئەللىك كىشىلىك ئايروپىلان ۋاشىنگتون ئايرودرومىدىن كۆتۈرۈلۈپ بېيجىڭغا قاراپ ئۇچتى.

**ئىزاھاتلار:**

پىشكوك، توقماق، قېلىپ، كەمچە، تاش، ماتال، كىچىك كۆلچەك ــ قەغەز قويۇش مەشغۇلاتى داۋامىدا لازىم بولىدىغان ئەسۋاب ھەم ئەسلىھەلەر.

مايى ــ سوقىلىپ خېمىر ھالىتىگە كەلتۈرۈلگەن قوۋزاق.

تەھرىرى: تۇرسۇنجان مۇھەممەت

# ئىمامنىڭ خوتۇنى بىلەن مۇزدوز

(چۆچەك)

قەدىمكى زاماندا، شەرقى تاماندا، مەلۇم ماكاندا، ھەممە تاماگەرلەرگە ۋەكىل بولغۇدەك بىر ئىمام ئاخۇنۇم ئۆتكەن ئىكەن. ئۇ نامازدىن باشقا ئۆلۈم - يىتىم، نەزىر چىراغ ئىشلىرىغا رىياسەتچىلىك قىلىدىكەن. ئىمام نەپسىنى باشقۇرۇش ھەققىدە جامائەتكە كۆپ ۋەز - نەسىھەت قىلغىنى بىلەن ئۆزى قاملاشقان بوي تۇرقىغا، چىرايلىق ھۆسن جامالىغا قىزىقىپ، شەيتىنى كۆچلۈك بىر ئايالنى نىكاھىغا ئالغان ئىكەن.

بۇ خوتۇن پات - پات سۇ ئەكىلىش ئۈچۈن كۆل بويىغا بارىدىكەن. بىر كۈنى شۇ مەھەللىلىك بويتاق موزدۇز كۆل بويىغا سۇغا كېلىپ ئىمامنىڭ خوتۇنى بىلەن ئۇچرىشىپ قاپتۇ. ئىككىسى ئەدەپ بىلەن سالاملىشىپتۇ. ئوتتۇرىدا باشقا گەپ - سۆزلەر بولماپتۇ. ئىككىنچى قېتىم ئۇچراشقاندا ئىمامنىڭ خوتۇنى كۈلۈمسىرەپ:

— سىلە يالغۇز تۇرسىلا نېمىشقا سۇنى كۆپ ئاپىرىلا؟— دەپ سوراپتۇ. موزدۇز:

— بۇرۇن ئاز ئىچەتتىم، سىلە بىلەن ئۇچراشقاندىن بۇيان يۈرىكىم قىزىپ كېتىپ، سۇنى جىق ئىچىدىغان بولۇپ قالدىم،— دەپتۇ. ئارىدىكى گەپلەر شۇنداق باشلىنىپ ئىككىسىنىڭ كۆڭۈل قېتىغا خېلى ئىچكىرلەپتۇ. كېيىنكى قېتىمدا موزدۇز ئۈمىد بىلەن:

— خېنىم چىدىغىلى بولمىدى، بىر ئىلاجىنى قىلمامىلا؟— دەپ سوراپتۇ. ئىمامنىڭ خوتۇنى:

— بىزنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىدا بىر تۈپ جىگدە بار، بۈگۈن ئاخشام سىلە بېرىپ ئاشۇ جىگدىنىڭ تۈۋىدە ئولتۇرسىلا، ئاخۇنۇم خۇپتەن نامىزىغا كەتكەندە مەن يانلىرىغا چىقاي،— دەپتۇ. موزدۇز مىڭ تەسلىكتە ئاخشامنى كەچ قىلىپتۇ. قاراڭغۇ چۈشە - چۈشمەيلا پايپاسلاپ بېرىپ جىگدە تۈۋىدە ئولتۇرۇپتۇ. ئاخۇنۇم خۇپتەن نامىزىدىن قايتىپ كەلگەندە خوتۇنى:

— يوندا تۆككىلى چىقسام جىگدە تۈۋىدە بىر ئادەمنىڭ كۆلەڭگىسىنى كۆرگەندەك قىلدىم، چىقىپ قاراپ باقسىلا، كىمكەن - دەپتۇ.

ئىمام ئاخۇنۇم چىقىپ جىگدە تەرەپكە ماڭغان ئىكەن جىگدە تۈۋىدە بىر ئادەم ئورنىدىن تۇرۇپتۇ. ئىمام:

— سەن كىم، نېمە قىلىسەن بۇيەردە؟— دەپ سوراپتۇ.

— مەن يېلىم كولىغىلى كەلگەنتىم، - دەپلا كېتىپ قاپتۇ موزدۇز.

ئەتىسى ئىمامنىڭ خوتۇنى سۇ قاپىقىدىن ئىككىنى يۈدۈپ كۆل بويىغا بارسا موزدۇز ئۈنىڭغا ساقلاپ تۇرغان ئىكەن. موزدۇز ئايالغا:

— مېنى تاس قالدىلا رەسۋا قىلغىلى، يالغانغا ئۇستا ئىكەنلا،— دەپتۇ.

— ئاخشام شۇنداق بولۇپ قالدى، ئەمدى ھەرگىز يالغان سۆزلىمەيمەن. بۈگۈن كەچتە ھويلىمىزغا كىرىپ تونۇرنىڭ ئىچىدە ئولتۇرسىلا، مەن پۇرسەت تېپىپ يانلىرىغا چىقىمەن،— دەپتۇ ئىمامنىڭ خوتۇنى. موزدۇز كەچ بولا - بولمايلا كېلىپ تونۇرنىڭ ئىچىدە ئولتۇرۇپتۇ، ئىمام شام نامىزىدىن قايتىپ كەلگەندە خوتۇنى:

— تونۇردا بىر نەرسە باردەك قىلىدۇ، قاراپ باقسىلا — دەپتۇ. ئىمام ئاخۇنۇم تونۇرغا قارىسا موزدۇز ئولتۇرغۇدەك.

— كىمسەن نېمە ئىش قىلىۋاتىسەن؟— دەپ سوراپتۇ ئىمام.

— مەن تونۇر سالماقچى ئىدىم، تونۇرلىرىنىڭ قورسىقىنى غېرىچلىۋالدىم،— مۇزدوز شۇنداق دەپلا ئۆزىنى تالاغا ئېتىپتۇ. ئەتىسى مۇزدوز بىلەن ئىمامنىڭ خوتۇنى يەنە كۆل بويىدا ئۇچرىشىپتۇ، موزدۇز:

— گەپلىرىگە ئىشەنگىلى بولمايدىكەن، قويسىلا سىلىنى،— دەپتۇ. ئايال مەرتەم - مەرتەم ئۈچ مەرتەم دەپتىكەن بۈگۈنمۇ يالغان سۆزلىسەم ئالدىلىرىدا تۇرۇپ بېرەي، نېمە قىلسىلا ئىختىيارلىرى،— دەپتۇ.

— ئەمىسە بۈگۈن ئاخشام نەدە ئۇچرىشىمىز؟

— ئۆيىمىزنىڭ كەينىدىكى كاۋا باراڭلىقىدا لەمگە ئېسىلىپ تۇرسىلا.

مۇزدوز «بۇ خوتۇن يالغان گەپ ئۈچ قېتىمغا بېرىپ قالسا ئالدىمدا تۇرۇپ بېرىدىغان بولدى» دەپ خۇشاللىنىپ قاراڭغۇ چۈشكەن ھامان كېلىپ لەمگە ئېسىلىپ تۇرۇپتۇ. ئايال ئېرىگە:

— باراڭلىققا قارىسام بىر ئادەم لەمگە ئېسىلىپ تۇرغاندەك قىلىدۇ. مەن قورقتۇم سىلى ھەيدىۋېتىپ كىرمەملا؟— دەپتۇ.

— كىمسەن نېمە ئىش قىلىسەن بۇ يەردە؟ دەپتۇ ئىمام ھويلىغا چىقىپلا.

— ئاخۇنۇمنىڭ قاپىقىنى غېرىچلاپ باقتىم— مۇزدوز شۇنى دەپلا بەدەر قېچىپتۇ. ئەتىسى كۆل بويىدا ئايالغا:

گېپىڭىزنىڭ تايىنى يوق خوتۇنكەنلا. يۈزلىرىگە تۈكۈرگىدەك بولدۇم،— دەپتۇ. ئايال مۇزدوزنىڭ ئالدىدا ئۆرە تۇرۇپ:

ـ گۇناھ مەندە، نېمە قىلسىلا مانا مەن تەييار،ـ دەپتۇ. كۆندۈز يولدىن ئاندا ـ ساندا ئادەم ئۆتۈپ تۇرغانلىقتىن موزدۇز ئامالسىز قاپتۇ. بۈگۈن ئاخشام ئاخۇنۇم خۇپتەنگە كېتىشى ھامان بىرىپ يوتقىنىمنىڭ ئايىغىدىن كىرسىلە،ـ دەپتۇ ئايال ـ مەن سىلىنى مەقسەتلىرىگە يەتكۈزەي.

ـ كەچتە ئايال ئىمام ئاخۇنۇمغا:

سىلە خۇپتەنگە بارماي بالدۇر يېتىپ قالسىلا،ـ دەپتۇ.

ـ نېمىشقا ؟

ـ سەۋەبىنى كېيىن بىلىپ قالىلا.

موزدۇز خۇپتەننىڭ ئەزان ئاۋازىنى ئاڭلاپلا ئالدىراپ ئىمامنىڭ ئۆيىگە كەلسە ئىشىك ئوچۇق تۇرغىدەك. موزدۇز ئۆيگە كىرىپ قارىسا ئايال يوتقاننىڭ ئىچىدە چۆمكىنىپ يېتىپتۇ. موزدۇز «ئوبدان چاغدا كەپتىمەن» دەپ خۇشال بولۇپ يوتقاننىڭ ئايىغىنى كۆتۈرۈپتۇ. ئىمام بېشىنى چىقىرىپ:

ـ كىمسەن، نېمە قىلماقچىسەن؟ـ دەپ ۋارقىراپتۇ. موزدۇز قورققىنىدىن ئوڭدىسىغا يىقىلغىلى تاس قاپتۇ. لېكىن دەرھال ئەقلىنى تېپىپ:

ـ ئۆزلىرىگە ئاتاپ ئۆتۈك تىكىپ بەرمەكچى ئىدىم، پاچاقلىرىنى غېرىچلىۋالاي دېگەنتىم،ـ دەپتۇ. ئەتىسى موزدۇز كۆل بويىدا ساقلاپ تۇرۇپ ئىمامنىڭ خوتۇنى كەلگەندە:

ـ يالغانچىلىقلىرى قاچان تۈگەيدۇ؟ـ دەپ كايىپتۇ.

ـ ئەمدى تۈگەيدۇ،ـ دەپتۇ ئايال ـ مەن بىسلىنى بىر نەچچە قېتىم ئالدىدىم. لېكىن سىلە سوۋۇپ قالماي مەندىن ئۈمىد ئۈزمىدىلە. مەن سىلىگە نىكاھلىق بولىمەن. سىلە ئىمام ئاخۇنۇمغا « ئۆيلىنىدىغان بولغانتىم نىكاھ ئوقۇپ بەرسىلە» دەيلا. ئېرىم مېنى سىلىگە نىكاھلاپ قويىدۇ.

ـ بۇ قانداق گەپ؟ـ دەپ سوراپتۇ موزدوز ھەيران بولۇپ. ئايال:

بۇنىڭ ئىلاجىنى ئۆزۈم قىلىمەن،ـ دەپتۇ.

شۇ كۈنى كەچتە موزدۇز ئىمام ئاخۇنۇمنىڭ ئىشىكىنى چېكىپتۇ. ئىمام ئاخۇنۇم چىقىپ موزدۇزنىڭ تەلىپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۆيىگە قايتىپ كىرىپ:

ـ مەن بىرسىنىڭ ئۆيىگە نىكاھ ئوقۇغىلى بارىدىغان بولدۇم. قورساقنى شۇ يەردە تويغۇزارمەن. ئىشىكنى ئىچىدىن تاقاپ ئولتۇرالا،ـ دەپتۇ. چاق ئىگىرىپ ئولتۇرغان ئايالى:

ـ تېزراق كەلمىسىلە ئەنسىرەپ قالىمەن،ـ دەپتۇ. ئاخۇنۇمنىڭ قەدەم شەپىسى يوقىلىشى بىلەن خوتۇنى ئېتىزلىقلاردىن ئۇدۇللاپ مېڭىپ موزدۇزنىڭ ئۆيىگە ئېرىدىن بالدۇر يېتىپ كەپتۇ. كىيىملىرىنى يەڭگۈشلەپ يۈزىگە چۈمبەل تارتىپ كۆرپە ئۈستىگە چىقىپ ئولتۇرۇپتۇ. سالام ـ سائەتتىن كېيىن، ئىمام ئاخۇنۇم بۇ ئايالنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنى، بۇرۇن نىكاھلىق بولغان ـ بولمىغانلىقىنى سوراپتۇ. ئايال جاۋاب بېرىپتۇ. «بۇ ئايالنىڭ ئاۋازى مېنىڭ خوتۇنۇمنىڭ ئاۋازىغا ئەينەن ئوخشايدىكەنغۇ» دەپ ھەيران بولۇپ ئۆيىگە بارغۇسى كېلىپ قاپتۇ.

ـ خۇتبە نىكاھىنى ئالماي كەپتىمەن، ئۆيگە بېرىپ ئېلىپ كېلەي،ـ دەپ باھانە كۆرسىتىپ ئورنىدىن تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ قەدەم شەپىسى يىراقلىششى بىلەن ئايالمۇ ئۆيىگە قاراپ يولغا چىقىپتۇ. بايىقى ماڭغان يولى بىلەن ئېرىدىن بۇرۇن ئۆيىگە كېلىپ ئىشىكنى ئىچىدىن تاقاپ چاق ئىگىرىپ ئولتۇرۇپتۇ. ئىمام ئاخۇنۇم ئىشىكنى قاتتىق ئۇرۇپتۇ. خوتۇنى ئىشىكنى ئېچىپ بەرگەندىن كېيىن يۈرىكى ئورنىغا چۈشۈپتۇ.

ـ نىكاھ ئوقۇپ بولدىلىما؟ـ دەپ سوراپتۇ خوتۇنىدىن.

ـ ياق، ئۇ خوتۇننىڭ ئاۋازى سىلىنىڭكىگە ئەينەن ئوخشايدىكەن. سىلىنى ماڭا يۈزسىزلىك قىلىپ موزدۇزغا تېگىدىغان بولدىمىكىن ـ يا؟ دەپ غەم يەپ كەلسەم سىلە ئۆيدە ئولتۇرۇپلا مانا.

ـ تۆۋە دېسىلە ئاخۇنۇم، مەن شۇنداقمۇ قىلارمەنما؟

ئىمام ئاخۇنۇم خاتىرجەم بولۇپ موزدۇزنىڭ ئۆيىگە مېڭىپتۇ. بىر دەمدىن كېيىن خوتۇنى ئېتىزلىقلاردىن ئۇدۇللاپ مېڭىپ موزدۇزنىڭ ئۆيىگە ئېرىدىن بالدۇر كېلىپ ئولتۇرۇپتۇ. ئىمام ئاخۇنۇم ئۆزىنىڭ خوتۇنىنى موزدۇزغا نىكاھلاپ قويۇپتۇ. ئۇ ئۆيىگە كەلسە خوتۇنى يوق تۇرغىدەك.

ئىمام ئاخۇنۇم ئەتىسى بامدات نامىزىدىن يېنىپ موزدۇزنىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ. قارىسا موزدۇز ئوچاققا ئوت قالا، خوتۇنى لەگمەن سوزۇپ ئولتۇرغۇدەك. ئىمام ئاخۇنۇم:

ـ ماڭسىلا مەن بىلەن ئۆيگە كېتىلى،ـ دەپ خوتۇنىنىڭ قولىدىن تارتىپتۇ.

ـ نىكاھىنى ئۆزلىرى ئوقۇپ قويغان تۇرۇقلۇق يەنە نېمە گەپ بۇ؟

مۇزدوز ئىمام ئاخۇنۇمنى تىللاپ قوغلىۋېتىپتۇ.

« مال ئىگىسىدىن ئوغرى كۈچلۈك» دېگەن ھېكمەت شۇنىڭدىن قالغان ئىكەن.

سۆزلەپ بەرگۈچى: قارىقاش ناھىيە ماڭلاي يېزىسىدىن ئابدۇرېشىت ياسار

نەشرگە تەييارلىغۇچى: قارىقاش ناھىيىلىك مەدەنىيەت تەنتەربىيە ئىدارىسىدىن غەيرەت ئەخمەت

تەھرىرى: مەتتېلىم مەتقاسىم



# ئوقۇغاننىڭ ئەقلى بار

(چۆچەك)

بار ئىكەن، يوق ئىكەن، ئاچ ئىكەن، توق ئىكەن، زامانە زورنىڭ، تاماشا كورنىڭ، ھۆپۈپ ئىمام بولغان، قۇشقاچلار جامائەت بولغان، باينىڭ ئاغزىغا ئاش تولغان، نامراتنىڭ كۆزىگە ياش تولغان بىر زامانلاردا روزاخۇن ئىسىملىك بىر ئادەم ياشىغانىكەن. ئۇ ئۈچ ئوغلىنىڭ چوڭىنى، ئوتتۇرانچىسىنى ئوقۇتماي، كەنجى ئوغلىنى مەكتەپكە بېرىپتۇ. روزاخۇن چوڭ ئوغلىنى موزدۇز ئۇستامغا شاگىرتلىققا بېرىپتۇ. ئۇستام شاگىرتىنى ئۈچ يىل ئېتىز-ئېرىق ئىشلىرىغا سالغاندىن كېيىن:

— يېپىنى ئەشمەي، دەرەپشىدە تەشمەي بىر جۈپ ئۆتۈك تىكىڭ، — دەپتۇ. شاگىرتى «ئۆزلىرى ئۆگەتمەي قويمىدىلا. مەن قانداقمۇ تىكەلەيمەن؟» دېگەنىكەن، ئۇستىسى غەزەپلىنىپ شاگىرتىنى قاتتىق ئۇرۇپتۇ. شاگىرتى بىر نەچچە كۈن ئورنىدىن قوپالماي يېتىپ ئۆلۈپ قاپتۇ. روزاخۇن قازاغا رازى بولۇپ شۈكرى قىپتۇ.

ئۇ ئىككىنچى ئوغلىنىمۇ ھۈنەرسىز قالمىسۇن دەپ ھېلىقى ئۇستىغا شاگىرتلىققا ئاپىرىپ بېرىپتۇ. ئۇستىسى بۇ بالىنى ئۈچ يىل قوي-ئۆچكە باققىلى سالغاندىن كېيىن:

— يېپىنى ئەشمەي، دەرەپشىدە تەشمەي بىر جۈپ ئۆتۈك تىكىڭ، — دەپ بۇيرۇپتۇ. شاگىرتى:

— ئاۋۋال ئۆزلىرى تىكىپ كۆرسىتىپ قويسىلا، — دېگەنىكەن.

— سەن ماڭا گەپياندۇرغىدەك بولدۇڭما قوڭالتاق!

— دەپ تىللاپتۇ، شاگىرتىمۇ بوش كەلمەي دېگۈسى كەلگەننى دەپتۇ. ئۇستىسى شاگىرتىنىڭ يۈرىكىنى ئۇدۇللاپ بار كۈچى بىلەن بىر مۇشت ئۇرغانىكەن، شاگىرتى شۇ يەردىلا جان ئۈزۈپتۇ. ئەسلىدە بۇ ئۇستا شاگىرت تەربىيلەشنى قولىدىكى ناننى باشقىلارغا تارتقۇزۇپ قويغانلىق دەپ ئويلاپ شاگىرتلارغا ئۆچمەنلىك قىلغانىكەن. روزاخۇن ئىككىلا ئوغلۇم ئاللانىڭ قازاسى بىلەن ئۆلۈپ كەتتى. بەندىنىڭ ئاللاھنىڭ ئىرادىسىغا باش ئەگمەي ئىلاجى يوق دەپ ئۆزىگە تەسەللىي بېرىپتۇ. بىر كۈنى كىچىك ئوغلى:

— ھۆرمەتلىك دادا. مەن مەكتەپتە يېپىنى ئەشمەي، دەرەپشىدە تەشمەي ئۆتۈك تىكىشنى ئۆگەندىم. مېنى ئاشۇ ئۇستىغا شاگىرتلىققا ئاپىرىپ بېرىڭ، — دەپ چىڭ تۇرۇۋاپتۇ. روزاخۇن بۇ ئوغلىنىمۇ ھېلىقى موزدۇزغا شاگىرتلىققا ئاپىرىپ بېرىپتۇ. ئۇستىسى ئۇنى ئېرىزاق كۆزدىن نېرى قىلىش نىيىتىدە بىر نەچچە كۈن ئۆي ئىشلىرىغا ياردەملەشتۈرگەندىن كېيىن:

— يېپىنى ئەشمەي، دەرەپشىدە تەشمەي بىر جۈپ ئۆتۈك تىكىڭ دەپتۇ. شاگىرتى قىزغىنلىق بىلەن ماقۇل بولۇپتۇ. شۇ ھامان بازاردىن بىر قاچا قېتىق بىلەن بىر تومنان ئەكىلىپ ئۇستىسىنىڭ ئالدىغا قويۇپ:

— ئۇستام، قېتىقنىڭ قايمىقىنى بۇزماي، تومناننى ئۇشتماي يەپ بەرسىلە، — دەپتۇ. ئۇستىسى بۇ قىلىقنى كۆرۈپ ئىلاجسىز ھۈنىرىنى ئۆگىتىشكە باشلاپتۇ. بىر كۈنى ئۇستىسىنىڭ كىچىك ئوغلى دادىسىغا:

— كىچىك تەرىتىم قىستاپ كەتتى، — دەپتۇ. ئۇستىسى شاگىرتىغا:

— بالامنى تالاغا ئەپچىقىپ تاھارەت قىلدۇرۇپ كىرگىن، — دەپتۇ. شاگىرتى بالىنى تالاغا يېتىلەپ چىقىپتۇ، بالا سىيگىلى ئولتۇرغانىكەن، شاگىرتى:

— سىيمە تاز، سىيمە. ئەگەر سىيدىغان بولساڭ

كۆتۈگگە دەرەپشە تىقسمەن، ـــ دەپ قورقۇتۇپتۇ. بالا ئىلاجسىز سىيمەي يېنىپ كىرىپتۇ. بىر دەمدىن كېيىن بالا يەنە:

ـــ كىچىك تەرىتىم قىستاپ كەتتى، ـــ دەپتۇ. ئۇستىسى شاگىرتىنى بالىنى سىيدۇرۇپ كىرىشكە بۇيرۇپتۇ. شاگىرتى بالىنى تالاغا يېتىلەپ چىقىپتۇ ـ يۇ يەنە قورقۇتۇپ سىيدۈرمەيلا قايتۇرۇپ كىرىپتۇ. ئۇستا بارلىق زېھنى بىلەن ئۆتۈك تىكىۋاتقاندا بالىسى:

ـــ چىدىيالمىدىم، ـــ دەپ جىقىراپ يىغلىغىلى تۇرۇپتۇ بالىسىنىڭ غەلۋىسىدىن تېرىككەن ئۇستا شاگىرتىغا:

ـــ ئۆلەر يېرىگە بىر قويغىنىا تازىناڭ، ـــ دەپتۇ. شاگىرتى «چوڭ ئاكامنىڭ ئىنتىقامىنى ئالدىغان پەيت مۇشۇ» دەپ ئويلاپ بالىنىڭ يۈرىكىنى ئۇدۇللاپ قاتتىق مۇشت ئۇرغانىكەن، بالا دەرھال جان ئۈزۈپتۇ.

ئۇستىسى شاگىرتىغا غەزەپلىنىپ:

ـــ شۇنداقمۇ ئۇرغان بارمۇ كىچىك بالىنى؟ ـــ دەپ ۋارقىراپتۇ. شاگىرتى:

ـــ ئۆزلىرىنىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلماسلىققا نېمە ھەددىم، ـ دەپتۇ. ئۇستىسى يەنە گەپ قىلىشقا ئامالسىز قىلىپ:ل

ـ ماڭ، زاراتگاھلىققا بېرىپ گۆر كولىغىن. گۆر چوڭ بولۇپ قالمىسۇن، ـ دەپ بۇيرۇپتۇ. بىر دەمدىن كېيىن ئۇستىسى بالىسىنى بەرلىكدە قويۇش ئۈچۈن جامائەتنى باشلاپ بېرىپتۇ. قارىسا گۆر كۆرۈنمەپتۇ.

ـ قېنى كولىغان گۆرۈڭ؟ ـ دەپ سوراپتۇ. شاگىرتى:

ـ مانا ماۋۇ، ـ دەپ كالىنىڭ ئىزىنى كۆرسىتىپتۇ.

ـ بۇ يەرگە بالام قانداق پاتىدۇ؟

ـ بالام پاتقىدەك گۆر كولىغان دېيمەي، گۆر چوڭ بولۇپ قالمىسۇن، دەپ بۇيرۇدىلىغۇ؟

جامائەت ئىشنى ئېنىق ئورۇنلاشتۇرمىغىنى ئۈچۈن ئۇستىنى مازاق قىلىپ ئەيىبلەپتۇ. ئۇستا شاگىرتىنى:

ـ ماڭ، تېز بېرىپ ئۆيدىن كەتمەن ئېلىپ كەل، ـ دەپ بۇيرۇپتۇ. شاگىرتى ئۇستىسىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئۇنىڭ خوتۇنىغا:

ـ بەرسۇن دەيدۇ، ـ دەپتۇ.

ـ نېمىنى؟

ـ سوراپ ئۆلتۈرماي تېز بەرسۇن دەيدۇ.

ـ نېمە ئۇ تېز بېرىدىغان؟

شاگىرتى ئۇستىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

ـ خوتۇنلىرى بەرگىلى ئۇنىمىدى؟ ـ دەپتىكەن، ئۇستىسى ئاچچىقلىنىپ قايتا ئەۋەتىپتۇ. ئۇستىسىنىڭ ئايالى نېمىنى بېرىدىغانلىقىنى بىلەلمەي:

ـ هوي تاز ئۇستاڭنىڭ بەرسۇن دېگىنى نېمە ئۇ؟ ـ دەپ سوراپتۇ.

شاگىرتى ئۇستىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

ـ خوتۇنلىرى بېشىنى تاراپ، قېشىغا ئوسما قويغىلى تۇرۇپتىكەن، ئورنىدىن قوپقۇسى كەلمىدى، ـ دەپتۇ. ئۇستىسى جامائەت ئالدىدا خىجىلچىلىقتىن ئۆپكىدەك قىزىرىپ، شاگىرتىغا:

ـــ بۇنداق خوتۇنىنىڭ بولغىنىدىن بولمىغىنى ياخشىكەن، سەن بارغىن، يەنە بەرگىلى ئۇنىمىسا كېلىشتۇرۇپ بىرنى تەپسەڭ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتمەننى تېپىپ بېرىدۇ، ـ دەپ تاپىلاپتۇ. شاگىرتى ئىككىنچى ئاكامنىڭ ئىنتىقامىنى ئالدىغان پەيت كەلدى دەپ ئويلاپتۇ. ئۇ ئۆيگە كېلىپ ئۇستىسىنىڭ خوتۇنىنى راسا بىر تەپكەن ئىكەن، شۇ يەردىلا جان بېرىپتۇ. شاگىرتى ئۇ خوتۇننى بىر قولىدا ئەينەك، بىر قولىدا پالكۈچ تۇتقان ھالدا يوتقان ـ كۆرپىلەرگە يۆلەپ ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپتۇ. ئاندىن كەتمەننى دولىسىغا سېلىپ ئۇستىسىنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ. ئۇستىسى بالىسىنىڭ دەپنە ئىشلىرىنى تۈگىتىپ ئۆيىگە كەپتۇ، خوتۇنىنىڭ بەخىرامان ئوسما قويۇپ ئولتۇرغىنىنى كۆرۈپ بىر غەزىپى ئون بولۇپ خوتۇنىنى قاتتىق تەپكەنىكەن، ئەسلىدە ئۆلۈپ بولغان خوتۇن نەچچە موللاقلاپ پەسكە چۈشۈپ كېتىپتۇ. شاگىرتى:

ـــ ۋاي خالايىق، ئۇستام خوتۇننى ئۆلتۈرىۋەتتى، ـ دەپ كوچىمۇ كوچا ۋارقىراپتۇ. قولۇم ـ قوشنىلار ئۇستىسىنى قازىغا تاپشۇرۇپتۇ. ئۇستا دارغا ئېسىلىپ ئۆلتۈرۈلۈپتۇ، مال ـ دۇنيالىرىغا شاگىرتى مىراسخور بوپتۇ. «ئوقۇغاننىڭ ئەقلى بار» دېگەن ھېكمەت شۇنىڭدىن قالغانىكەن.

سۆزلەپ بەرگۈچى: قارىقاش ناھىيە قوچى يېزا ھەلچاق كەنتىدىن **ئالىم مەنسۇر**

نەشرگە تەييارلىغۇچى: قارىقاش ناھىيە ئورچى يېزىلىق باشلانغۇچ مەكتەپ پېنسىئونېرى **توختىغان روزى**

تەھرىرى: **تۇرسۇنجان مۇھەممەت**

# قازىنىڭ گېلى يوق

(چۆچەك)

بۇۋامنىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە، بۇرۇنقى زاماندا مۇشۇ يۇرتىمىزدا ئىككى خوتۇنلۇق بىر باي ياشىغانىكەن، ئۇنىڭ چوڭ خوتۇنىدىن بىر ئوغلى، كىچىك خوتۇنىدىن بىر ئوغلى بار ئىكەن، باي كېسەل بولۇپ يېتىپ قاپتۇ. جان ئۈزۈش ئالدىدا ئىككى خوتۇنىنى گۇۋاھچى قىلىپ:

— كىچىك ئوغلۇم سادىرغا ئىككى مو يەرنى مىراس قىلىمەن. ئۇنىڭدىن باشقا باغ - ئېتىزلىرىمنى، مال-دۇنيارىمنى چوڭ ئوغلۇم قادىرغا مىراس قىلىمەن. - دەپتۇ. سادىرغا مەنسۇپ بولغان ئىككى مو يەر قادىرغا تېگىشلىك بولغان، ئېتىزلىقلار ئوتتۇرىسىدا ئىكەن ئۇن نەچچە يىلدىن كېيىن باي ھەم ئۇنىڭ ئىككى خوتۇنى ئارقا- ئارقىدىن بۇ ئالەمدىن ئۇ ئالەمگە سەپەر قىپتۇ. گۇۋاھچىلارنىڭ يوقلىشىنى ئارزۇلاپ كەلگەن قادىر ئۇكىسىنىڭ ئىككى مو يېرىنى مېنىڭ يېرىم دەپ تۇرىۋاپتۇ. سادىرمۇ:

— مېنىڭ دېيىشكە گۇۋاھچىڭ بارمۇ؟- دەپتۇ.

— سېنىڭ گۇۋاھچىڭ بارمۇ؟- دەپ ۋارقىراپتۇ قادىر. شۇنىڭ بىلەن ئاكا - ئۇكا ئوتتۇرىسىدا جېدەل باشلىنىپتۇ. قوشنىلارنىڭ مەسلىھەتى بىلەن بۇ ئىككىسى ئەتىسى ئەتىگەندە قازىنىڭ ئالدىغا بارماقچى بولۇشۇپتۇ. قادىر شۇ ئاخشىمى يانچۇقىغا مىڭ تەڭگە پۇل سېلىپ قازىنىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ. ئۇ ئەھۋالنى بايان قىلغاندىن كېيىن:

— جانابىي قازى ئاخۇنۇم، مېنىڭ پايدامغا گەپ قىلىپ قويغايلا — دەپ مىڭ تەڭگىنى ئۇزىتىپتۇ. قازى تەڭگىلەرنى قولىغا ئېلىپ خۇشال ھالدا:

— خاتىرجەم بۇلۇڭ، شۇنچە جىق پۇلنىڭ يۈز - خاتىرىسىنى قىلمىسام بولماس، — دەپتۇ ھەم قادىرنى ھۆرمەت بىلەن ئۇزىتىپ قويۇپتۇ. بىر دەمدىن كېيىن قازىنىڭ ئۆيىگە سادىر كىرىپتۇ. ئۇ ۋەقەنى بايان قىلغاندىن كېيىن:

— مۆھتەرەم قازى ئاخۇنۇم، ئاللاھنىڭ نامرات بەندىسىمەن. قول ئىلكىمدە مۇشۇ پالتىدىن باشقا ھېچ نەرسەم يوق، بۇ پالتىنى ئۆزلىرىگە تۇتتۇم. دەۋانى پالتىدا كەسكەندەك كەسكىن ھەل قىلىپ قويغايلا،— دەپتۇ. قازى پالتىنى خۇشاللىق بىلەن قولىغا ئېلىپ:

— خاتىرەم بۇلۇڭ، دەۋادا چوقۇم سىزنىڭ پايدىڭىز ئۈچۈن سۆزلەيمەن. — دەپتۇ. ئەتىسى ئەتىگەندە قادىر بىلەن سادىر قازىنىڭ ئالدىغا كەپتۇ. قازى ئۇلارنىڭ دەرد - شىكايىتىنى بىر - بىرلەپ ئاڭلاپتۇ، كۆڭلىدە ئىككى مو يەرنىڭ سادىرغا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى مۇقىملىغان بولسىمۇ، مىڭ تەڭگە يادىغا كېلىپ تەڭلىكتە قاپتۇ. قادىر:

— قازى ئاخۇنۇم مىڭ تەڭگىنىڭ يۈز خاتىرىسى بولسۇن ماقىما؟- دەپتۇ قازىنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ، بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ سادىرمۇ بوش كەلمەي:

— قازى ئاخۇنۇم، بۇ دەۋانى پالتىدا كەسكەندەك كەسكىن ھەل قىلغايلا، — دەپتۇ. قازى ئۇزاق ئويلانغاندىن كېيىن:

— مۇنداق قىلىلى، ئەتە سەھەر بامدات نامىزىدىن كېيىن مەن تالاش تارتىشتا قالغان يەرنىڭ ئۈستىگە بارىمەن، يەردىن «ئەي يەر، سېنىڭ ئىگەڭ كىم؟» دەپ سورايمەن. يەر زۇۋانغا كىرىپ ئىگىسىنىڭ ئىسمىنى ئېيتىپ بېرىدۇ. مەن يەرنىڭ جاۋابىغا قاراپ ھۆكۈم چىقىرىمەن،- دەپتۇ. ئاكا-ئۇكىلار قايتىپ كېتىپتۇ. بىر مەھەل ئۆتكەندىن كېيىن قادىر قازىنىڭ يېنىغا كىرىپ:

— جانابىي قازى ئاخۇنۇم، ئەگەر ئىككى مو يەرنى ماڭا بۇيرۇپ بەرسىلە يەنە مىڭ تەڭگە بېرىمەن،— دەپتۇ. قازى قادىرغا مەسلىھەت

كۆرسىتىپتۇ. قادىر قازىنىڭ مەسلىھىتى بويىچە ئاخشىمى قاراڭغۇ چۈشكەندە ئىككى مو يەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىن گەمە كولاپتۇ. نەپەس ئېلىش ھەم ئاۋاز ئاڭلىنىدىغان بولۇش ئۈچۈن بىر تال قومۇشنى گەمىنىڭ ئىچىدىن يەرنىڭ ئۈستىگە چىقىرىپ قويۇپتۇ. ئۆزى گەمىنىڭ ئىچىدە قاپتۇ. قازىنىڭ خىزمەتچىسى گەمىنىڭ ئاغزىنى كۆمۈپ، ئىزلارنى سۈپۈرۈۋېتىپ قايتىپ كەپتۇ. سادىر چاتقالنىڭ دالدىسىدا تۇرۇپ بۇ ئىشلارنى كۆرۈپ ئولتۇرغان ئىكەن. ئۇ بۇ ئىشلاردىن غەزەپلىنىپ قازىنى بوغۇزلىۋەتكۈسى كېلىپ چىدىيالماي قاپتۇ. لېكىن، ئۇنىڭ ئەپتى - بەشىرىسىنى خەلقى ئالەمگە سازايى قىلىشنى مۇھىم دەپ بىلىپ پەيلىدىن يېنىپتۇ. كۆڭلىدىن ھەر خىل خىياللارنى ئۆتكۈزۈپ، بىر پىلاننى مۇقىمداپ مىڭ تەسلىكتە تاڭنى يورۇتۇپتۇ. ئۇ بامدات نامىزىدىن كېيىنلا قازىنىڭ ئالدىغا كىرىپ:

يەردىن سوئال سورىغان چاغلىرىدا مەن بىللە تۇراي بولمىسا ھۆكۈملىرىگە قايىل بولمايمەن. گۇۋاھچىلىققا بىر نەچچە ئادەمنى بىللە ئېلىپ بارغايلا، — دەپتۇ. قازى ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنى پەملىمەي:

— دۇرۇس گەپ قىلدىڭىز، يەرنىڭ جاۋابىنى بىر نەچچە كىشى بىللە ئاڭلىساق، ھۆكۈمگە نارازى بولۇشقا ئامالسىز قالىسىز، - دەپتۇ - دە، ئۇ ئون نەچچە كىشىنى ئەگەشتۈرۈپ ئىككى مو يەرنىڭ ئۈستىگە ئېرىپتۇ. پىچىرلاپ بىر نەچچە ئېغىز سۈرە - ئايەت ئوقۇغاندىن كېيىن دۇئاغا قول كۆتۈرۈپتۇ. «ئىلاھى ئامىن» دىن كېيىن ئەھە - ئەھۇ يۆتىلىپ كانىيىنى چاغلىۋېتىپ ئۈنلۈك ئاۋازدا:

— ئەي ئىككى مو يەر، راستىڭنى دېگىن، سېنىڭ ئىگەڭ زادى كىم؟ — دەپ سوراپتۇ. گەمە ئىچىدە تۇرۇپ بۇ گەپنى ئاڭلىغان قادىر ئاۋازىنى ئۆزگەرتىپ:

— مېنىڭ ئىگەم قادىر، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. بۇ گەپ قومۇش ئارقىلىق جامائەتكە ئاڭلىنىپتۇ.

— ئاڭلاشتىلىمۇ جامائەت؟ ئاڭلىدىڭىزمۇ سادىر؟ بۇ ئىككى مو يەرنىڭ ئىگىسى قادىر ئىكەنلىكى دەلىلدىن ئۆتتى، - دەپتۇ قازى ھەيۋە بىلەن.

— مەنمۇ ئاڭلىدىم. بىراق ئاكام ئاڭلىمىدى. نەدىلا بولسا ئاكامنى تېپىپ كېلىلى. مېنىڭ قايىل بولغانلىقىمنى ئاكام ئۆزى كۆرمىسە كېيىن ئوتتۇرىمىزدا ئۇقۇشماسلىق بولۇپ قالامدىكىن دەيمەن، دەپتۇ سادىر.

— سادىرنىڭ گېپى ئورۇنلۇق، — دېيىشىپتۇ جامائەت، قازى تەمتىرەپ نېمە دېيىشنى بىلەلمەي قاپتۇ. سادىر غالىبانە قىياپەتتە:

— مۆھتەرەم قازى ئاخۇنۇم، بۇ يۇرتتا ئۆزلىرىنىڭ ئىجازەتلىرىنى ئالماي تۇرۇپ ھېچكىم سىرتقا كېتەلمەيدۇ. ئاكامنىڭ نەگە كەتكىنىنى ماڭا دەپ بەرسىلە. مەن تېپىپ كېلەي، — دەپ تۇرۇۋاپتۇ. جامائەت سادىرنىڭ گېپىنى قۇۋۋەتلەپتۇ. قازى ئىلاجسىز لام - جىم دېيەلمەپتۇ. سادىر:

— قازى ئاخۇنۇم، مەن ئۆزلىرىنى تەڭلىكتىن چىقىرىپ قوياي، - دەپ كەتمەن بىلەن گەمىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپتۇ. جامائەت گەمىدىكى قادىرنى كۆرۈپ ھەيران قاپتۇ. قازى ئۇقمىغان بولۇۋېلىپ:

— سىز نېمىشقا گەمىگە كىرىۋالغانسىز؟ — دەپ سوراپتۇ. قادىر:

— مەن ئۆزلىرىنىڭ مەسلىھىتى بىلەن ئىش قىلىپ مۇشۇنداق قىلدىمغۇ؟ بىلمەس بولىۋالغانلىرى نېمىسى؟ — دەپ رەددىيە قايتۇرۇپتۇ. قازى بۇ رەسۋاچىلىققا چىداپ تۇرالماي پايپاسلىغانچە ئۆيىگە كېتىپتۇ. جامائەت مەسلىھەتلىشىپ ئىككى مو يەرنى سادىرغا بۆلۈپ بېرىپتۇ. «قازىنىڭ گېلى پوق» دېگەن تەمسىل شۇنىڭدىن قالغانىدىكەن.

سۆزلەپ بەرگۈچى: قارىقاش ناھىيىلىك ئاپتوبۇس بېكىتىدىن جاپپار قارى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: قارىقاش ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىدىن مەلىكە مەتتوختى

تەھرىرى: تۇرسۇنجان مۇھەممەت

# باركاللا

(چۆچەك)

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا باشقىلارنىڭ ئېتىزلىقىنى ئىجارىگە ئېلىپ قوغۇن تېرىيدىغان ماخمۇت ئىسىملىك بىر كىشى ياشىغانىكەن. ئۇ كۈز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە ئۈچ ئېشەككە ئۈچ كۆشۈك قوغۇن-تاۋۇز يۈكلەپ شەھەرگە كىرىپتۇ. دەل شۇ چاغدا رەستىلەرنى ئايلىنىپ كېلىۋاتقان پادىشاھ ماخمۇتقا:

— ھەي ئاكا، بۇ قوغۇنلار ئۆزلىرىنىڭمۇ؟ — دەپتۇ.

— ھەئە، پادىشاھى ئالەم، — دەپتۇ ماخمۇت سالات بېرىپ.

— بۇ قوغۇنلارنى ماڭا ئاتاپ ئەكىرگەنمۇ؟

ماخمۇت «ياق، ساتقىلى ئەكىردىم» دېيەلمەي:

— ئۆزلىرىگە ئاتاپ ئەكىردىم، — دەپتۇ.

— باركاللا، - دەپتۇ پادىشاھ، — بۇ قوغۇنلارنى ئوردامغا چۈشۈرۈپ بەرگەن بولسىلا.

ماخمۇت پادىشاھقا ئەگىشىپ بېرىپ، ئۈچ كۆشۈك قوغۇننى ئۇنىڭ ھويلىسىغا چۈشۈرۈپ بېرىپتۇ. ئۇ ئۆيىگە قايتماقچى بولۇپ كەينىگە يانغاندا، پادىشاھ:

— قوغۇن تېرىغانلىرىغىمۇ باركاللا. ماڭا ئاتاپ ئەكىرگەنلىرىمۇ باركاللا. ئوردامغا چۈشۈرۈپ بەرگەنلىرىگىمۇ باركاللا، قوغۇنلىرى پىشسا ئەكىرىپ بېرىشنى ئۇنتۇپ قالمىسىلا» دەپ ئۆزۈنتىپ قويۇپتۇ. قوغۇنچى «پادىشاھ ھەممە قوغۇنلىرىمنى ئېلىپ بولغاندا پۇلنى بىراقلا تۆلەيدىغان ئوخشايدۇ» دەپ ئۈچ كۈندىن كېيىن ئۈچ كۆشۈك، يەتتە كۈندىن كېيىن ئۈچ كۆشۈك قوغۇن ئەكىرىپ پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا تەق قىپتۇ. ئاندىن «پۇلۇمنى بەرسىلە» دېگەننى پۇرىتىپ،

— ئېتىزلىقىمدا قوغۇن تۈگىدى، - دەپتۇ. پادىشاھ يەنىلا:

— ئۆزلىرىگە كۆپ باركاللا، — دەپ ئۆزۈنتىپ قويۇپتۇ. قوغۇنچى:

— بۇ قانداق بولغىنى؟ ھۆپۈپكە تورپاق ساتقاندەك سودا قىلدىممۇ، قانداق؟ مېنىڭ بالا-چاقام يوقمۇ، يەرگە ئىجارە ھەققى تۆلىمەمدىمەن؟ بۇ شەھەردە پادىشاھنىڭ «باركاللا»سىنى خەجلىمەيدىغاندۇ؟ — دەپ ساراڭدەك ئۆزىگە ئۆزى سۆزلەپ مېڭىپتۇ. دەل شۇ چاغدا ،پادىشاھنىڭ ۋەزىرلىرىدىن بىرى بىر ئىش بىلەن ماخمۇت قوغۇنچىنىڭ ئارقىسىدا ماڭغانىكەن، ئۇ:

— ھەي بۇرادەر، ھازىرقى گەپلىرىڭىزنى ئوبدان ئاڭقىرالمىدىم. قايتا بىر دەڭە، — دەپتۇ. ماخمۇتاخۇن چۆچۈپلا ئېسىگە كېلىپ ئورنىدا توختاپتۇ. ئاندىن ۋەزىرگە ئېگىلىپ سالام قىلغىنىچە دەردىنى بايان قىپتۇ:

— مۇنداق ئىشتى قارىسىلا، — دەپ پادىشاھنىڭ باركاللىسىغا قوغۇن ساتقان جەرياننى سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئاخىرىدا نارازىلىق بىلەن:

— قولىدا تۇتقىلى بولمايدىغان، كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان، يانچۇققا سالغىلى بولمايدىغان باركاللىنى كۆتۈرەلمەي ئىنجىقلاۋاتىمەن غوجام، — دەپ داتلاپتۇ.

— ساددىكەنسىز، سىزمۇ ئەقلىڭىزنى ئىشقا سېلىڭ، - دەپتۇ ۋەزىر، — سىز ھازىرلا بىر ئاشخانىغا بېرىپ ئاش-گۆشنى تويغىچە يەڭ. ئاشخانىنىڭ ئىگىسىگە پادىشاھتىن ئالغان باركاللانى بەرسىڭىز كېيىن بىر گەپ بولمامدۇ؟

ماخمۇتاخۇن ۋەزىر كۆرسەتكەن ئەقىل بىلەن بىر ئاشخانىغا كىرىپ قورسىقى تويغىچە پولۇ بىلەن گۆش يەپتۇ. ئاشخانىنىڭ ئىگىسىگە ئون قېتىم باركاللا ئېيتىپ ئاشخانىدىن چىقىپتۇ. ئاشخانا ئىگىسى ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ:

— ھەي بۇرادەر، يېگەن ئاشنىڭ پۇلنى تۆلىۋېتىڭ، - دەپتۇ.

— يوقسۇ بۇرادەر، پادىشاھ توققۇز كۆشۈك قوغۇنمىغا بەرگەن ئون باركاللىنىڭ ھەممىسىنى سىزگە بېرىۋەتتىم. ئىنساپ قىلىپ ئارتۇقىنى قايتۇرارسىز، — دەپتۇ. ئاشخانا ئىگىسى:

— چاقچاق قىلىۋاتامسىز؟ قۇرۇق باركاللىغا مۈشۈك ئاپتاپقا چىقمايدۇ. ماڭا باركاللا ئەمەس، پۇل كېرەك، — دەپ چىڭ تۇرۇۋېتۇ.

— مەن سىزگە پادىشاھنىڭ باركاللىسىنى بەردىم ئۇنى نەخ ئالتۇندىن يۇقىرى كۆرۈشىڭىز لازىم، — دەپتۇ ماخمۇتاخۇن ۋارقىراپ، بىرى ئۇنى دەپ، بىرى بۇنى دەپ جېدەل چوڭىيىپتۇ. بۇ جېدەل بەگنىڭ ئالدىدىمۇ ئايرىلماي پادىشاھنىڭ ئوردىسىغىچە بېرىپتۇ. سوراق

باشلىنىپتۇ. ئاشخانا ئىگىسى:

ــ ھۆرمەتلىك پادىشاھى ئالەم، بۇ مۇتىھەم گۆش بىلەن پولۇنى تويغىچە يەپ پۇل بەرمىدى. پۇلنى بېرىڭ دېسەم، «توققۇز كۆشۈك قوغۇننى پادىشاھقا ئۇن بارىكاللىغا ساتتىم. مەن سىزگە پادىشاھنىڭ بارىكاللىسىنى بەردىم» دەپ تۇرىۋالدى. قۇرۇق بارىكاللىغا نېمە كېلىدۇ زادى؟ ــ دەپ شىكايەت قىپتۇ. پادىشاھ ئۆزىنىڭ ئابرۇيىغا داغ تېگىپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ جېدەلنى تېز پەسەيتىش ئۈچۈن قول ئىشارىسى بىلەن ماخمۇتنى سۆزلىمەسلىككە بۇيرۇغاندىن كېيىن ئاشخانا ئىگىسىدىن:

ــ نەچچە پۇل بەرسە رازى بولىسىلا؟ ــ دەپ سوراپتۇ.

ــ ئۈچ تەڭگە بەرسە يېتىدۇ، ــ دەپتۇ ئاشخانا ئىگىسى. پادىشاھ ئۈچ تەڭگە بېرىپ، ئاشخانا ئىگىسىنى قايتۇرغاندىن كېيىن ماخمۇتاخۇنغا:

ــ قارىسام سىلە ئەقىلدە يېتىشكەن ئادەمكەنلا. بۈگۈندىن باشلاپ ئوردىدا تۇرۇپ قالسىلا، ــ دەپتۇ.

ــ ئىلتىپاتلىرىغا بارىكاللا پادىشاھى ئالەم. پېقىرنىڭ ئوردىدا قىلىدىغان ئىشىم نېمىكىن؟ ــ دەپ سوراپتۇ ماخمۇتاخۇن. پادىشاھ:

ــ ئوردا ھېسابسىز قوي، كالا، ئاتلارنى باقىدىغانلارنى باشقۇرىدىلا. قويلار سەمرىسۇن، كالىلار ئاۋۇسۇن، ئاتلار كۆندۈرۈلسۇن، ــ دەپتۇ. ئارىدىن ئۈچ يىل ئۆتۈپتۇ، ماخمۇتنىڭ مالچىلارغا تەلەپنى قاتتىق قويۇشى بىلەن قويلار ئىككى ھەسسە، كالا، ئاتلار بىر ھەسسىدىن كۆپەيگەننىڭ سىرتىدا سېمىز بېقىلىپتۇ. قولۇنلارمۇ ئوبدان كۆندۈرۈلۈپتۇ. ماخمۇتاخۇن پادىشاھقا يارايلا قاپتۇ. پادىشاھ ئۇنىڭ ئەقىل ـ پاراستىنى يەنە بىر قېتىم سىناپ بېقىش ئۈچۈن ئالدىغا چاقىرتىپ:

ـ تېز ئېپكەلسىلە، ــ دەپ بۇيرۇپتۇ. لېكىن نېمىنى ئېلىپ كېلىشنى دېمەپتۇ. ماخمۇتاخۇن سىرتقا چىقىپ كېتىۋېتىپ «نېمىنى ئېلىپ كېلىدىغاندىمەن، پادىشاھ تامغا يۆلىنىپ ئىشىككە قاراپ يېتىپتۇ. ئىشىك بىر ئاز قىڭغىيىپ قاپتىكەن، خارەت باشلاپ كەلسەم بولغۇدەك» دېگەنلەرنى ئويلاپتۇ ـ دە، خاراتنى چاقىرىپ كېلىپ ئىشىكنى چىرايلىق ئوڭشىتىپ قويۇپتۇ. بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن پادىشاھ:

ــ ماخمۇتاخۇن، تېز ئېپ كەلسىلە، ــ دەپ بۇيرۇپتۇ. ماخمۇتاخۇن سىرتقا چىقىۋېتىپ «نېمە ئېلىپ كېلىشىمنى دېگەن بولسا ئاسانراق تاپاردىم. پادىشاھ سۇۋۇقى ئاجراپ كەتكەن تامغا قاراپ يېتىپتۇ» ، دەپ ئويلاپتۇ. ئۇ دەرھال سۇۋاقچى باشلاپ كېلىپ تامنى ئەينەكتەك سىلىق سۇۋىتىپتۇ. پادىشاھ ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى تاپقانلىقىدىن تولىمۇ رازى بولۇپتۇ. ئۇ بارلىق ۋەزىر ـ ۋۇزرالارنى يىغىپ ماخمۇتاخۇننىڭ نەجىمە ـ ئۆتۈقلىرىنى سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن:

ــ بۈگۈندىن باشلاپ ماخمۇتاخۇننى باش ۋەزىرلىك مەنسىپىگە تەيىنلەيمەن، ــ دەپ جاكارلاپتۇ. ھەسەتخور ۋەزىرلەر بىر قوغۇنچىنىڭ باش ۋەزىرلىككە تەيىنلىگەنلىكىدىن يۈرىكى ئېچىشىپ كەتكەن بولسىمۇ، چاندۇرمىغان ھالدا:

ــ مەنسەپلىرىگە مۇبارەك بولسۇن باش ۋەزىر جانابلىرى ! ــ دەپ قۇتلۇقلاپتۇ. ماخمۇتاخۇن باش ۋەزىرلىككە چىققاندىن كېيىن ئوردىنىڭ كەيپىياتى جانلىنىپ، ئىشلار جايىدا يۈرۈشۈپتۇ. پادىشاھمۇ ئورنىنى ئۇنىڭغا تاشلاپ بېرىپ خاتىرجەم ھالدا شىكار ـ ساياھەتكە چىقىدىغان بولۇپتۇ. بەزى ۋەزىر ـ ۋۇزرالار قارىماققا باش ۋەزىر تاپشۇرغان ئىشلارنى جان كۆيدۈرۈپ ئىشلىگەندەك كۆرۈنگىنى بىلەن، ھەسەت ئوتكۆرلىرىدىن قويۇن چىقىرىشقا پۇرسەت ئىزدەيدىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىر ۋەزىر پادىشاھنىڭ ئالدىغا كىرىپ ھۆرمەت، تازىمدىن كېيىن:

ــ جانابلىرى ئون نەچچە سۇلتانلىق ئىتائەت قىلىدىغان كاتتا پادىشاھ. باش ۋەزىر سەلتەنەتلىرىگە سەلتەنەت قوشۇپ، نام ـ شۆھرەتلىرى بارغانچە ئېشىۋاتقان مۇشۇ كۈنلەردە، ئۆزلىرىگە ھېچقانداق پادىشاھلىقتا بولمىغان ئالاھىدە ئالىي بىر قەسىر بىنا بولمىقى لازىمدۇر. بۇ ئىشنى خېلى بۇرۇنلا ئويلىغان بولساقمۇ قولىمىزدىن كەلمىگەنلىكتىن ئېغىز ئاچمىغانىدۇق، ھازىر باش ۋەزىرىمىز بۇ ئىشنى جەزمەن باشقا ئېلىپ چىقالايدۇ، يەرگە تۈۋرۈك كۆممەي، ئاسمانغا تاناب تارتماي تۇرۇپ، مۇئەللەقتە ئېسىلىپ تۇرىدىغان قەسىر ـ ساراي سالساق قۇدرەتلىرىنىڭ ئۇلۇغ نامايەندىسى بولاتتى، ــ دەپتۇ. پادىشاھ بىر دەم ئويلانغاندىن كېيىن:

ــ سىلىچە بۇنداق ئالاھىدە ئىمارەتنى باش ۋەزىر سالدۇرالارمۇ؟ ــ دەپتۇ.

ــ چوقۇم سالدۇرالايدۇ، ــ دەپتۇ ۋەزىر. پادىشاھ ماخمۇت باش ۋەزىرنى چاقىرىپ، جاھاننىڭ ھېچقانداق يېرىدە يوق بۇنداق ئالاھىدە شەكىلدىكى مۇئەللەق بىنانى قىرىق كۈن ئىچىدە پۈتكۈزۈشنى تاپشۇرۇپتۇ. باش ۋەزىر ماقۇل دەپتۇ ـ يۇ، كۆڭۈل ئارامى بۇزۇلۇپتۇ. «ئەي خۇدا، مېنى بالا ـ قازادىن يىراق قىلغايسەن، ــ دەپ

يېلىنىپتۇ. ئۇ ئەمدى خوتۇنۇم بىلەن ئىككى قىزىمنى ئېلىپ بۇ پادىشاھلىقتىن چىقىپ كەتمىسەم شەرمەندە بولىدىغان ئوخشايمەن»، ئۇ ئۆيىگە بېرىپ تەييارلىقنى پۈتكۈزۈپ شۇ كېچىسىلا مېڭىپ كېتىپتۇ. ئۇلار بىر نەچچە كۈن مېڭىپ بىر مەھەللىدىن ئۆتۈپتۇ. بۇ مەھەللىلىك بىر يىگىت ماخمۇتاخۇننىڭ چوڭ قىزىنى ياقتۇرۇپ قېلىپ ئۇلارغا ھەمراھ بولۇپ بىللە مېڭىپتۇ. ماڭا ـ ماڭا كەڭ كەتكەن سايلىققا چىقىپ قاپتۇ. يىگىت:

ــــ ھەي ئاكا، يولنى قىسقارتامايلىمۇ؟ ــــ دەپ سوراپتۇ. ماخمۇتاخۇن تېرىكىپ:

ــ يولنىڭ ئۇزۇنى ئوتتۇز كۈنلۈك، قىسقىسى بىر ئايلىق دېگەن گەپ بار. سىز يولنى قىسقارتالايدىغان خىزىر ئەلەيھىسسالام بولمىغاندىكىن، جىم مېڭىڭا، ــ دەپتۇ. يىگىت كۈلۈپ قويۇپتۇ. چوڭ قىز دادىسىنىڭ گېپىگە ھەيران بولۇپ ياقىسىنى چىشلەپتۇ. ئۇلار ئەتىسى بىر دەريانىڭ بويىغا كەپتۇ. يىگىت:

ــــ ئاكا، سىلىگە قارىغاندا مەن ياشكەنمەن. ئىككىمىز دەرياغا كۆۋرۈك سالمايلىمۇ؟ ــ دەپ سوراپتۇ. ماخمۇتاخۇن:

ــ ھوي كالتە پەم، پادىشاھلار كۆۋرۈك سالالمىغان بۇ دەرياغا سەن بىلەن مەن كۆۋرۈك سالالايمىزمۇ؟ مەن بىلەن ماڭار بولساڭ ئاغزىڭنى يۇمۇپ جىم ماڭ. بولمىسا مەندىن يەنە ئىزا ئاڭلايسەن، ــ دەپتۇ. يىگىت كۈلۈپ قويۇپ، ئوت ـ چۆپلەر ئۆستىگە ئۆزىنى تاشلاپ يېتىپتۇ. بىر دەم ماڭغاندىن كېيىن چوڭ قىز دادىسىغا:

ــــ ھەي دادا، سىز ساراڭ بولۇپ قالدىڭىزمۇ؟ راستىنلا ۋاپاغا جاپا ياندۇرىدىغان بولۇپ قاپسىز. ئۇ يىگىتنىڭ «يولنى قىسقارتايلى» دېگىنى «بېشىمىزدىن ئۆتكەن كەچمىش ـ كەچۈرمىشلىرىمىزنى سۆزلىشىپ، ۋاقىتنىڭ ئۆتكىنىنى سەزمەيلا ماڭايلى» دېگىنى ئىدى، «دەرياغا كۆۋرۈك سالايلى» دېگىنى بولسا «مەن سىلىنى ھاپاش قىلىپ دەريادىن ئۆتكۈزۈپ قوياي» دېگىنى ئىدى. سىز شۇنىمۇ چۈشەنمەي ئۇ يىگىتنىڭ دىلىغا ئازار بەردىڭىز، ــ دەپتۇ. ماخمۇتاخۇن بىر دەم ئويلانغاندىن كېيىن قىزىنىڭ دېگەنلىرىنى توغرا تېپىپتۇ. قىز يەنە:

ــ بېشىڭىزدىن ئۆتكەن ئىشلارنى سۆزلەپ بەرسىڭىز، سىزگە مۇئەللەقتە ساراي سالىدىغان مۇشكۈلات كەلگىنىنى ئاڭلىغان بولسا ئۇ يىگىت بىرەر ئورۇنلۇق مەسلىھەت بېرىشىمۇ مۇمكىن ئىدى؟ ــ دەپتۇ.

ــ ئۇ يىگىتنى چاقىرىپ كەل. مەن ئەپۇ سوراي. سەن ئۇنىڭ ئەقلىنى سىناپ كۆرگىن ــ دەپتۇ ماخمۇت ئاخۇن. ئىشلار تەرتىپى بىلەن داۋاملىشىپ چوڭ قىزى ئۇ يىگىتنىڭ ئەقىل پەمىنى سىناپ باقماقچى بولۇپتۇ. چوڭ قىز دەرھال بىر قازان چۆچۈرە ئېتىپتۇ. ئۇنىڭدىن بىر قاچىغا ئۇسۇپ قاچىنىڭ ئاغزىنى بىر نان بىلەن يېپىپتۇ. ئۇنى سىڭلىسىدىن بىر ئون يېتىم يىراقلىقتىكى تېرەك تۈۋىدە ئولتۇرغان يىگىتكە ئەۋەتىپتۇ. ئۇ سىڭلىسىگە:

ــ يىگىت نېمە دېسە ئۇنى ئېسىڭدە چىڭ ساقلاپ ئۇنى ماڭا دەپ بېرىسەن، ــ دەپتۇ. يىگىت ئاشنى ئىچىپ ناننى يەپ بولۇپ قاچىنى قىزغا بېرىپتۇ.

ــ ئاچامغا نېمە دەيمەن؟ ــ سوراپتۇ قىز يىگىتتىن.

ــ ئاي يورۇق يۇلتۇز پۈتۈن دېدى، دەڭ ــ دەپتۇ يىگىت. قىز سىڭلىسى ئېلىپ كەلگەن جاۋابنى ئاڭلاپ «نان پۈتۈن، ئاش يوق» دەپ جاۋاب بەرگەنلىكىنى بىلىپتۇ ـ دە، سىڭلىسىدىن رازى بولۇپتۇ. ئەتىسى سىڭلىسىدىن يەنە بىر قاچا ئاش بىلەن بىر ناننى يىگىتكە ئەۋەتىپتۇ ھەم جاۋاب ئېلىپ كېلىشنى تاپىلاپتۇ. سىڭلىسى يولدا كېتىۋېتىپ بىر نەرسىگە پۇتلىشىپ يىقىلىپتۇ.ناننىڭ قىرغىقىدىن ئازراق سۇنۇپ كېتىپتۇ، چۆچۈرىدىن ئۈچ تال چېچىلىپ كېتىپتۇ. يىگىت ئاشنى ئىچىپ ناننى يەپ بولۇپ، قاچىنى قىزغا بېرىپ:

ــ ئاي كەمتۈك يۇلتۇز پۇچۇقكەن ــ دەپتۇ. قىز سىڭلىسىنىڭ جاۋابنى ئاڭلاپ نان بىلەن ئاشنىڭ ساق بارمىغىنىنى بىلىپ قېلىپ سىڭلىسىغا كايىپتۇ.

ماخمۇت ئاخۇن قىزىدىن يۇقىرىقى ئەھۋاللارنى ئاڭلىغاندىن كېيىن يىگىتنى چاقىرىپتۇ. ئۇنى مېھمان قىلىپ ئىچىلىپ ـ يېيىلىپ مۇڭدىشىپتۇ. بېشىدىن ئۆتكەن كەچۈرمىشلىرىنى، يۇرتىدىن قېچىپ چىقىشىنىڭ سەۋەبىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. يىگىت پادىشاھنىڭ ئۇنىڭغا ئاسمان بىلەن يەرنىڭ ئارلىقىدا قەسىر ـ ساراي بىنا قىلىشنى بۇيرۇغانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن:

ــ تەس ئىش ئەمەسكەن، ــ دەپتۇ.

ــ قېنى دەڭە، قانداق ئامالى بار بۇنىڭ؟ ــ دەپ سوراپتۇ ماخمۇت ئاخۇن

ــ بىر تورغاينى بوشلۇقتا قانات قېتىپ تۇرۇپ گەپ قىلالايدىغان قىلىپ كۆندۈرۈشىمىز كېرەك. بۇنىڭغا يىگىرمە كۈن كېتىدۇ، ــ دەپتۇ يىگىت.

ــــ قانداق كۆندۈرىمىز تورغاينى؟ ــــ قىزىقىپ سوراپتۇ ماخمۇتاخۇن. يىگىت:

ــــ تورغايغا ئۈچ كۈن سۇ ۋە دان بەرمەيمىز. تۆتىنچى كۈنى ئادەمدىن تارتىنماي دان ۋە سۇغا ئېتىلىدىغان بولىدۇ. بارا ـ بارا ئىنچىكە يىپ بىلەن پۇتىنى باغلاپ ئېگىزگە ئۇچىرىمىز. يىپنىڭ بىر ئۇچىنى

قويۇۋەتمەي تورغاينى بىر دائىرىدە چۆرگىلەپ «چۇ، چۇ، چۇ، لاي، كېسەك، سۇ» دەپ سايراشقا ئادەتلەندۈرىمىز، ـ دەپتۇ. ئۇلار بىر تورغاينى تۇتۇپ يىگىتنىڭ دېگىنى بويىچە كۆندۈرۈپتۇ. ئارىدىن يىگىرمە كۈن ئۆتكەندە ماخمۇت باش ۋەزىر پادىشاھنىڭ ئالدىغا كىرىپ:

— جانابىي پادىشاھى ئالەم، تەلەپلىرىگە لايىق سارايىنىڭ لايىھىسى پۈتتى. ئوردىدىكى ۋەزىر-ئەمەلدارلار بىر ھەپتە لاي، كېسەك، سۇنى ساراي قۇرۇلۇشىغا ئۆز قوللىرى بىلەن يەتكۈزۈپ بەرمىسە قۇرۇلۇش چىداملىق پۈتمەيدىكەن، ـ دەپتۇ.

ـ كىمنىڭ گېپى بۇ؟ ـ دەپ سوراپتۇ پادىشاھ.

— ئۆزۈمنىڭ گېپى ئەمەس، ساراي سېلىشقا مەن تەكلىپ قىلغان ئۇستامنىڭ تەلىپى بۇ.

پادىشاھ بارلىق ۋەزىرلىرىنى ئالدىغا چاقىرىپ:

ـ ياخشى مەسلىھەتىڭلارغا يارىشا مۇئەللەق قەسىر-سارايى سېلىشنىڭ تەييارلىقلىرى تاماملاندى. ئۇستا سىلەرگە ساقلاپ قالدى. ھەممىڭلار قۇرۇلۇش ئورنىغا بېرىپ تاش، كېسەك، لاي، سۇلارنى ئۇستىغا ئۆز قولۇڭلار بىلەن يەتكۈزۈپ بېرىشىڭلار كېرەك. بولمىسا مەسلىھەتىڭلار ئىشقا ئاشمايدۇ، — دەپ بۇيرۇپتۇ.

ۋەزىرلەر قۇرۇلۇش ئورنىغا بېرىپ تۇرۇشىغا ھېلىقى يىگىت تورغاينى ئاسمانغا قويۇۋېتىپتۇ. پۈتنىغا چىگىلگەن كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان ئىنچىكە يىپنى بارمىقىغا باغلىۋاپتۇ. تورغاي ئاسمانغا يىگىرمە ئادەم ئېگىزلىكىچە كۆتۈرۈلگەندىن كېيىن يۇملاق دائىرىدە ئايلىنىپ:

— چۇ، چۇ، چۇ، لاي، كېسەك، سۇ... دەپ سايرىغىلى تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭغا قارىتىپ ۋەزىرلەرنىڭ بىر نەچچىسى كېسەك ئېتىپتۇ. بىر نەچچىسى تاش ئېتىپتۇ، بىر نەچچىسى لاي ئېتىپتۇ. ھېچقايسىسى «ئۇستام»نىڭ قولىغا يەتكۈزەلمىگەنلىكتىن، يېنىپ چۈشكەن تاش-كېسەك، قاپاقلار بىرىنىڭ بېشىغا، بىرىنىڭ دولىسىغا، بىرىنىڭ بۇرنىغا چۈشۈپ ئۇلارنى يارىلاندۇرۇۋېتىپتۇ. باشلاردىن قان، كۆزلەردىن ياش ئېقىپتۇ. باش ۋەزىر بىلەن ھېلىقى يىگىت كۈلكىسىنى بېسىپ تۇرۇپ ۋەزىرلەرنى «ئۇستام»غا تاش، كېسەك، لاي-سۇ يەتكۈزۈپ بېرىشكە ئالدىرىتىپتۇ. ھېرىپ دەرماندىن كەتكەن ۋەزىرلەر پادىشاھنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

ـ دات پادىشاھى ئالەم. بىز باش ۋەزىرنى قولىدىن كەلمەيدىغان ئىشقا زورلاپ ئالدىلىرىدا شەرمەندە قىلماقچى ئىدۇق. بىزنىڭ بۇ يامان نىيىتىمىزدىن باش ۋەزىرنىڭ پەم-پاراستى ئۈستۈن كېلىپ بىزنى يەڭدى. ئۆزىمىز شەرمەندە بولدۇق، بىز جازاغا لايىقمىز، — دېيىشىپتۇ.

ـ ھەر قايسىلىرىنىڭ سۇيىقەستلىرىنى مەن باشتىلا سەزگەنىدىم، — دەپتۇ پادىشاھ، — سىلەرنىڭ خاھىشىڭلار بويىچە ۋەزىپە تاپشۇرسام ئويلىمىغان يەردىن ئۇتتۇقلۇق ئورۇنلىدى. ئەمدى قانداق قىلىسىلەر؟

— باش ۋەزىرگە باش ئېگىپ، ئۇنىڭدىن گۇناھىمىزنى تىلەيمىز، ـ دېيىشىپتۇ ۋەزىرلەر. پادىشاھ:

ـ بۇنداق قىلىشىڭلارمۇ تېگىشلىكتۇر. بىراق، مەن ئۇنى شاھلىق تەختىگە تەكلىپ قىلماقچىمەن. سىلەرچە قانداق؟ ـ دەپتۇ. ۋەزىرلەر ھەيرانلىقتىن بىر دەم جىم بولۇشۇپ قاپتۇ. ئاندىن ئەقلىگە كېلىپ:

ـ جانابىي پادىشاھى ئالەم، ئۆزلىرى نېمە دېسىلە شۇ، ـ دېيىشىپتۇ.

— مەن قېرىپ قالدىم. ئەقىل-پاراسەتتە بۇرۇنقىدەك ئەمەسمەن. دۆلەتنىڭ روناق تېپىشى ئۈچۈن ئەقلى-پاراستى تولۇق، چارە-تەدبىرلىك ئادەم شاھ بولمىقى لازىمدۇر، ـ دەپتۇ پادىشاھ، ـ قېنى ھەممىمىز يېڭى پادىشاھىمىزنى مۇبارەكلەيلى.

ۋەزىرلەرنىڭ ھەممىسى:

ـ مۇبارەك بولسۇن پادىشاھ جانابلىرى، پەرمانلىرىغا جېنىمىز پىدا! ـ دەپ ۋارقىرىشىپتۇ. يېڭى پادىشاھمۇ:

ـ ھەشقاللا ۋەزىرلەر، ھەر قايسىلىرى بىلەن بىللە كۆكلەيمىز، ـ دەپتۇ. ئەتىسى يېڭى پادىشاھنىڭ پەرمانى جاكارلىنىپتۇ:

— ئەييۇھەنناس، ئاڭلاڭلار ئاما خاس، يېڭى پادىشاھىمىزنىڭ پەرمانى بويىچە خەلقنىڭ بەش يىللىق ئالۋان-سېلىقى كېچىرىم قىلىنىدۇ.

پۇقرالار كوچا-رەستىلەرگە چىقىپ خۇشاللىقىنى باسالمىغان ھالدا:

ـ يېڭى پادىشاھىمىزنىڭ شەپقىتىگە بارىكاللا، ـ دەپ تەنتەنە قىلىشىپتۇ. ماخمۇت پادىشاھ ئوردىنىڭ ئىشلىرىنى يۈرۈشتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن مۇئەللەقتە «قەسىر بىنا قىلىش» قا ئەقىل كۆرسەتكەن يىگىت بىلەن چوڭ قىزى ئۈچۈن قىرىق كۈن توي قىلىپ ئۇلارنى مۇرادىغا يەتكۈزۈپتۇ.

سۆزلەپ بەرگۈچى: قارىقاش ناھىيە ماڭلاي يېزىسىدىن ئابدۇرېشىت پاسار

نەشرگە تەييارلىغۇچى: قارىقاش ناھىيىلىك مەدەنىيەت-تەنتەربىيە ئىدارىسىدىن غەيرەت ئەخمەت

تەھرىرى: تۇرسۇنجان مۇھەممەت



# پاراسەتلىك دېھقان

(چۆچەك)

تاش سۇغا چۆكمىگەن، بوران ئۇچمە تۆكمىگەن، باينىڭ گېپىنى قازى سۆكمىگەن، ئىرىقنىڭ ئۇ تەرىپىدىكىلەر بۇ تەرەپكە ئۆتمىگەن بىر زاماندا، ئاۋۇ تاغنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى بىر يۇرتتا ھەسناخۇن ئىسىملىك بىر دېھقان ياشىغانىكەن. ئۇ ھەر قانداق ئىشنى پەم-پاراسەت بىلەن قىلىدىكەن.

بىر كۈنى ھەسناخۇننىڭ خوتۇنى ھەمراخان يولدا كېتىۋاتسا بىر ئادەم ئۇچراپتۇ. بۇ ئادەم ھەمراخانغا:

— نەگە بارىلا خېنىم؟ — دەپ سوئال تاشلاپتۇ. ھەمراخان «بۇ ئادەمنى مەن تونۇمىسام، نېمىشقا گەپ سورايدىغاندۇ؟» دەپ نارازى بولۇپ بىر دەم جاۋاب بەرمەي مېڭىپتۇ. بىراق، «بۇ كىشى مېنى تونۇيدىغان ئوخشايدۇ، سەت بولمىسۇن» دەپ ئويلاپتۇ-دە:

— ماخمۇت باينىڭ مەھەللىسىگىچە بارىمەن، — دەپتۇ.

— سىلىنىڭ ئەرلىرى بارمۇ؟

— ئېرىم بار، بالىلىرىممۇ بار، — دەپتۇ ھەمراخان.

— ئەستا... نېمىشقا ئەرگە تېگىشتىن بۇرۇن ئۇچرىمىغان بولغىيدىلە ماڭا. ھەمراخان ئۇ ئادەمنىڭ گېپىگە پەرۋا قىلماي مېڭىۋېرىپتۇ. ئۇ ئادەم ھەمراخانغا ياندىشىپ كېتىۋېتىپ:

— ئەرلىرى ماڭا ئوخشاش شوخ، خۇشخۇي ئەمەستۇ؟

— دەپ سوراپتۇ. ھەمراخان ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇتۇپ جاۋاب بەرمەي مېڭىۋېرىپتۇ. بىر دەم ماڭغاندىن كېيىن ئۇ ئادەم:

— مېنىڭ خوتۇنۇم مېنى تاشلاپ كەتكىنىگە ئىككى ئاي بولدى. شۇندىن بېرى ئايال زاتىغا يېقىنلىشىپ باقمىدىم. سىلە بەك قاملاشقان چىرايلىق ئىكەنلا، دېگەنلىرىنى بەرسەم، يۇرسىلە ئاۋۇ تامنىڭ كەينىگە بارىلى دەپتۇ. ھەمراخان ئۇ ئادەمنىڭ يۈزىگە چاڭگىدە بىر تەستەك سايتۇ-دە، قارىماي كېتىۋېرىپتۇ. ئۇ ئادەم يۈزىنى سىلاپ بولغاندىن كېيىن يۈگۈرۈپ ھەمراخاننىڭ

ئالدىغا ئۆتۈپ:

— خەپ توختاپتۇر. سېنىڭ ئەدىبىڭنى بەرمەيدىغان بولسام، — دەپ شەھەر تەرەپكە مېڭىپ كېتىپتۇ. ھەمراخان ئۆيىگە كېلىپ ئېرىگە بايىقى ئادەمنىڭ ھەممە گېپىنى دەپ بېرىپتۇ. ئاچچىقىنى باسالمىغان ھەسناخۇن ئۇ ئادەمنى ئىزدەپ شەھەرگە كىرىپتۇ. ئۇ قورسىقىنى تويغۇزۇش ئۈچۈن بىر ئاشخانىغا كىرىپ نېمە يېسەم بولاركىن دەپ ئويلىنىپ ئولتۇرسا، بىر كىشى ئىشكتىن كىرىپلا:

— ئاشپەز خېنىم. ماڭا تېتىغۇدەك نېمىلىرى بار، — دەپ سوراپتۇ.

— پولۇ بار، گۆش بار، مانتا بار. يەنە...

— مانتىلىرى قىزىقمۇ ؟ — دەپ سوراپتۇ ئۇ ئادەم ئاشپەزنىڭ گېپىنى بۆلۈۋېتىپ، — قىزىق بولسا بىر تال ئەكەلسىلە يەپ باقاي، تېتىپ قالسا ئاخشاملىققا كېلەي، قالغىنىنى...

گەپنىڭ نەدىن باشلىنىپ نەگە كېتىۋاتقىنىنى پەملەپ قالغان ئاشپەز ئايال جاۋاب بەرمەيلا قويۇپتۇ. ئۇ ئادەم باشقىلاردىن ھېيىقمايلا:

— ئەرلىرى بارمۇ-يا؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئېرىم يوق.

— بولماپتۇ، بولماپتۇ. دېھقانغا يەرمۇ ھەم، خوتۇن كىشىگە ئەرمۇ ھەم دېگەن گەپ بار. سىلە...

— بىرى ئالىمەن دەپ كەلمىسە ئۆزۈمچە تېگەي دەپ بارالامتىم؟ دەپتۇ ئايال ئۇنىڭ ئاغزىنى تاتىلاپ.

— كەلمىگىنى ياخشى بوپتۇ. مەنلا ئالاي سىلىنى، — دەپتۇ ئۇ ئادەم.

ھەسناخۇن ئۇ ئادەمنىڭ گەپ-سۆزلىرىگە، بوي-تۇرقىغا، كىيىملىرىگە قاراپ، «ھەمراخان گېپىنى قىلغان ماز ئادەم مۇشۇكەن» دەپ ئويلاپ، ئۇ كىشىگە:

— ئۆزلىرى بەك شوخ، خۇشخۇي ئادەمكەنلا، ئىسىملىرى نېمىكىن؟ ئۆيلىرى نەدىكىن؟ — دەپ سوئال قويۇپتۇ. ئۇ كىشى:

— مېنىڭ ئىسمىم رازىق. لەقىمىم خۇشخۇي. ئۆيىمىز ماخمۇت باينىڭ مەھەللىسىگە يېقىن، — دەپتۇ.

— مەن سىلىنى ياقتۇرۇپ قالدىم، كىشىنى زېرىكتۈرمەيدىكەنلا، بىزنىڭ ئۆيگە بارىلى، مەن سىلىنى مېھمان قىلاي، قىزىق گەپلىرى بىلەن مېنى قانغۇچە كۈلدۈرۈپ قويغايلا، — دەپتۇ ھەسناخۇن.

— ماقۇل، بارسامۇ باراي، — دەپ ھەسناخۇنغا ئەگىشىپ مېڭىپتۇ رازىق. رازىق ئىشىكتىن كىرىشىگىلا ھەسناخۇن ئىشىكنى تاقاپتۇ. ھەمراخان قولىغا بىر كالتەكنى ئېلىپ رازىقنى ئۇرغىلى تۇرۇپتۇ. باش-كۆزلىرى يېرىلىپ قىپقىزىل قانغا بويىلىپتۇ. رازىق يالۋۇرۇپ:

— خۇدانىڭ ھەققىدە بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچكەيلا. مەن سىلىنى تونۇماي بولمىغۇر چاقچاق قىلغىنىمغا تويدۇم. مىڭ تۆۋە قىلدىم، — دەپ يىغلاپتۇ. ھەسناخۇن:

— بۇرادەر، بۇنىڭدىن كېيىن يەنە چاكىنىلىق قىلما. بولمىسا تېخىمۇ سەت شەرمەندە بولىسەن، — دەپتۇ. رازىق كەينى-كەينىدىن تازىم قىلىپ:

— ماقۇل، ماقۇل، مەن ئادەم بولدۇم. مەن ئادەم بولدۇم، — دەپتۇ. ھەسناخۇن خوتۇنىنىڭ قولىدىكى كالتەكنى تارتىۋېلىپ ئىشىكنى ئېچىپ قويۇپتۇ. رازىق ئىشىكتىن چىقىپ ئارقىسىغىمۇ قارىماي قېچىپتۇ.

بىر كۈنى ھەمراخان شەھەردىكى سىڭلىسىنى يوقلاپ ئۆيىگە قايتىش ئۈچۈن يولغا چىقىپتۇ. كېتىۋېتىپ يول بويىدىكى توغراق تۈۋىدە مۈگدەپ ياتقان بىر يولۋاسنى كۆرۈپتۇ- دە، قورققىنىدىن- «ۋايجان»- دەپ تۇۋلاپتۇ. قۇچىقىدىكى بوۋاقمۇ يەرگە چۈشۈپ كېتىپتۇ. چىقىرىغان ئاۋازدىن چۆچۈگەن يولۋاس دەرھال كەينىگە بۇرۇلۇپ قارىسا، يولدا بىر ئايال داڭ قېتىپ تۇرغىدەك. يولۋاس ئورنىدىن تۇرۇپ ئايالغا ئېتىلماقچى بولغاندا يېقىنلا جايدىن: - توختا! - دېگەن كۈچلۈك بۇيرۇق ئاڭلىنىپتۇ. ھەسناخۇن ئايالىم مېڭىپ بولالمايدۇ دەپ ئېشەك ھەيدەپ شەھەرگە ماڭغان ئىكەن. ئۇنىڭ بۇيرۇقىنى ئاڭلاپ يولۋاس جىم توختاپتۇ. ھەسناخۇن:

— ھەي يولۋاس، بۇ مېنىڭ ئايالىم، بۇنى يېگۈچە مانا مېنى يېگىن - دەپتۇ.

— بوپتۇ ئەمسە، ئايالىڭ ئېشەككە مىنىپ كېتىۋەرسۇن،- دەپتۇ يولۋاس. ھەمراخان ئېرىگە:

— ياق سىز ھايات قېلىڭ، يولۋاس مېنى يېسۇن - دەپ يىغلاپتۇ.

— سىز بولمىسىڭىز بالىمىز تۆگىشىدۇ. ئىككىڭلار ئۈچۈن مەنلا ئۆلەي — ھەسناخۇن شۇنداق دەپ خوتۇنىنى ئېشەككە مىندۈرۈپ ۋىدالىشىپ ئۇزىتىپ قويۇپتۇ. ھەمراخان ئۆيىگە كېلىپ:

— ۋاپادار ئېرىمدىن ئايرىلىپ قالدىم، ئەمدى

قانداق قىلارمەن دەپ ئۆكسۈپ-ئۆكسۈپ يىغلىغىلى تۇرۇپتۇ. يىغلاپ-يىغلاپ بىر چاغلاردىن كېيىن، تەقدىرگە تەن بېرىپ يىغلاشتىن توختاپتۇ. ئۇ ئېرىنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى قانداق قىلىشنى ئويلىنىپ قايغۇرۇپ ئولتۇرسا، ئىشىك ئېچىلىپ ھەسسناخۇن خۇشال-خۇرام ھالدا گۈس-گۈس دەسسەپ كىرىپ كەپتۇ. ھەمراخان دەسلەپتە كۆزىگە ئىشەنمەپتۇ. ھەسسناخۇننىڭ قېشىدا بالىسىنى سۆيۈپ ئولتۇرغىنىنى كۆرۈپ ئاندىن ئەقلي جايىغا كەپتۇ. ئۇ ھەيران بولغان ھالدا ئېرىدىن:

ــ تووۋا خۇدايىم، يولۋاسنىڭ ئاغزىدىن قانداق ساق قالدىلا؟ ــ دەپ سوراپتۇ.

ئەسلىمە، ھەسسناخۇن ھەمراخاننى ئېشەككە مىندۇرۇپ ۋىدالىشىپ ئۆزىتىپ قويۇپلا يولۋاسنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

ــ مېنى يەي دېسەڭ يېيەلەيسەن. بىراق، مېنى سەۋەبسىزلا يېسەڭ ئارماندا كېتىمەن. بىرەر ئىشتا مېنى يېڭىپ ئاندىن يېسەڭ پېشانەمدىن كۆرەتتىم، ــ دەپتۇ. يولۋاس قايسى ئىشتا مۇسابىقىلىشىشنى ھەسسناخۇننىڭ ئىختىيارىغا قويۇپتۇ. ھەسسناخۇن ھەمراخاننى شەھەردىن قايتۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن ئېشەكنى ھەيدەپ ئۆيدىن چىققاندا يولدا بىر ئىشقا لازىم بولۇپ قالار دەپ بىر ئارغامچىنى، خوتۇنۇمنىڭ سىڭلىسى ئىچىپ باقسۇن دەپ كىچىك بىر خالتا قېتىقنى قويىنىغا سېلىۋالغانىكەن. يولۋاس ئىختىيارنى ھەسسناخۇنغا تاپشۇرغاچقا، ھەسسناخۇن.

ــ ئىككى ئىشتا مۇسابىقە قىلايلى. بىرىنچىسى يەرنىڭ ئۇچىينى، ئىككىنچىسى يەرنىڭ مېڭىسىنى تېپىشايلى. سەن يەڭسەڭ مېنى يېگىن، مەن يەڭسەم سېنى ئۆلتۈرۈپ تېرەڭنى سويۇۋالاي، ــ دەپتۇ. يولۋاس ھەسسناخۇننىڭ گېپىگە قوشۇلۇپتۇ. چۈنكى، ئۇ چوقۇم يېڭىمەن دەپ ئويلىغانىكەن.

ــ سەن باشلىغىن، ــدەپتۇ ھەسسناخۇن يولۋاسقا. يولۋاس ئۆتكۈر تىرناقلىرى بىلەن يەرنى كولاشقا باشلاپتۇ. بىر ئادەم بويى كولاپتۇ، ئىككى ئادەم بويى كولاپتۇ. ئون ئادەم بويى، ھەتتا يىگىرمە ئادەم بويى كولاپتۇ. يولۋاس ھېرىپ تەرلەپ كۈچىدىن كېتىپ يىقىلغىلى تاس قاپتۇ. يېڭىلىپ قالسا تېرىسى سويۇلىدىغانلىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ يەنە كولاۋېرىپتۇ. ئاخىرىدا ئامالسىز يەرنىڭ ئۇچىنى تاپالمىغىنىغا ئىقرار بوپتۇ.

ــ ئەمسە مەن ئىزدەپ باقاي، ــ دەپتۇ ھەسسناخۇن. ئۇ يولۋاس كولىغان كاتەككە چۈشۈپ، بىر دەم يەر كولىغان بولۇپ ئارغامچىنى سۆرەپ چىقىپ چاندۇرماي:

ــ بىر دەم چىدىغان بولساڭ زېمىننىڭ بۇ ئۇچىينى سەن تاپىدىكەنسەن دەپتۇ. يولۋاس زېمىننىڭ مېڭىسىنى تېپىش ئۈچۈن، بايا ئۆزى كولىغان چوڭقۇرلۇققا چۈشۈپ يەنە كولىغىلى تۇرۇپتۇ. ھېرىپ پۇت-قولىدا جان قالمىغانلىقتىن، «يەنە يېڭىلىپ قالىدىغان بولدۇم، لېكىن ئۇ مېنى ئۆلتۈرەلمەيدۇ، چۈنكى مەن ئادەمدىن نەچچە ھەسسە كۈچلۈكمەن» دەپ ئويلاپ:

ــ تاپالمىدىم، ــ دەپ ھۆركىرىگىنىچە چىقىپتۇ. ھەسسناخۇن:

ــ ئەمسە مەن ئىزدەپ باقاي، ــ دەپ چوڭقۇرلۇققا چۈشۈپتۇ. بىر دەم كولىغان بولۇپ خالتىدىكى قېتىقنى كۆتۈرۈپ چىقىپتۇ.

ــ بىر دەم چىدىغان بولساڭ، ساڭا ئۇچرايدىكەن، ــ دەپتۇ چاندۇرماي.

ــ كۈچۈڭ يەتسە مېنى ئۆلتۈرۈپ تېرەمنى سويۇۋال، ــ دەپتۇ يولۋاس ھۆركىرەپ.

ــ ياق! ــ دەپتۇ ھەسسناخۇن، ــ مېنىڭ بۇ غەلىبەمدە سېنىڭمۇ تۆھپەڭ بار. مەن سەن تەييارلىغان كاتەكنى ئازراقلا كولاپ بۇ نەرسىلەرنى تاپتىم.

يولۋاس ئۇنىڭ سەمىمىيلىكىدىن تەسىرلىنىپ:

ــ بۇنىڭدىن كېيىن ئىنسانلارغا چېقىلمايمەن، ــ دەپ ۋەدە بېرىپتۇ. ھەسسناخۇن يولۋاستىن قۇتۇلغىنىغا خۇشال بولۇپ ئۆيىگە بېرىپتۇ. بۇ ئەھۋاللارنى ئاڭلىغان ھەمراخاننىڭ ئەقلىلىق ئېرىگە بولغان مۇھەببەت-ھۆرمىتى ھەسسىلەپ كۈچىيىپتۇ. ئىككىسى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە بىر-بىرىگە سادىق بولۇپ خۇشال-خۇرام، بەختلىك ياشاپتۇ.

سۆزلەپ بەرگۈچى: قارىقاش ناھىيە ياۋا يېزا غاراللىق كەنتىدىن **ئەخمەتتوختاخۇن**

نەشرگە تەييارلىغۇچى: قارىقاش ناھىيە ياۋا يېزا جۇمە بازار كەنتىدىن دېھقان **مەمەتباقى ساۋۇر**

تەھرىرى: **داۋۇت ئادىل**



# هەلىمخان

(چۆچەك)

بۇنىڭدىن يۈز نەچچە يىل ئىلگىرى مۇشۇ يۇرتىمىزدا ھەلىمخان ئاتلىق بىر ئايال ئۆتكەنىكەن. ئېرى ھېلىماخۇن خوتۇنىنىڭ گېپىدىن چىقمايدىغان خۇدا قولى ياۋاش ئادەم ئىكەن. ئۇلار غورىگۇل تۇرمۇشىنى ياخشىلاش ئۈچۈن تەر ئاققۇزۇشقا كېچە-كۈندۈز تەييار ئىكەن. ھەلىمخان ھاردىم-تالدىم دېمەي چاق ئېگىرىپ، بىر كۈندە ئالتە سەر يىپ تەييارلايدىكەن. ئېرى يىپنى بازارغا ئاپىرىپ سېتىپ، پۇلىغا پاختا، ئاش-ئوزۇق ئالىدىكەن-دە، ياماپ-يۇمەپ دېگەندەك سىرىقتال كۈن ئۆتكۈزىدىكەن. ئۇلار بىر-بىرىگە مېھرىبان، ۋاپادار بولغانلىقتىن، كۆڭلى خاتىرجەم، كۈنلىرى خۇشال-خۇرام ئۆتىدىكەن. شۇ سەۋەبتىن، ھەلىمخان بارغانسېرى ھۆسنىگە تولۇپ چىرايلىقلىشىپ كېتىپتۇ. بىراق، تۇرمۇش ھەلەكچىلىكىدە ئەينەككە قارىغۇدەك ۋاقتى بولمىغاچقا، ئۆزىنىڭ بوي-تۇرقىنىڭ قاملاشقانلىقىنى، چىرايىنىڭ گۈزەللىكىنى بىلمەيدىكەن.

ئامبال ئوردىسىدا ھېكىمبەگ ئىسىملىك بىر ئەمەلدار بار ئىكەن، ئۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە باج-سېلىق سۈرۈشتۈرۈپ ھېلىماخۇننىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ قاپتۇ. بۇ چاغدا ھەلىمخان ھويلىسىدا يىپ ئېگىرىۋاتقان ئىكەن، ھېكىمبەگ بىر قاراشتىلا يۈرىكى «پىژ» قىلىپ قاپتۇ، ھېكىمبەگ ئەللىك ياشلاردىن ئاشقىنى بىلەن ھەۋەس دەرياسىغا بېشى بىلەنلا شۇڭغۇغان نا شۈكۈر ئادەم ئىكەن، ئۇ ھەلىمخانغا ئاچ كۆزلۈك بىلەن قاراپ قالغىنىنى ئۆزىمۇ سەزمەپتۇ. ھەلىمخان ئۇنىڭ ئەلپازىنى كۆرۈپلا ئۆيگە كىرىپ كېتىپ چىقمايلا قويۇپتۇ. ھېكىمبەگ يېنىدىكى ئىككى دورغىسىغا سەزدۈرۈپ قويماسلىق ئۈچۈن، گەپ قىلمايلا ئوردىغا كېتىپتۇ. ئەمما شۇنىڭدىن باشلاپ كۆڭۈل ئارامى بۇزۇلۇپتۇ. كېچىلىرى ئۇخلىيالماپتۇ، ئۇخلىسىمۇ ھەلىمخان چۈشىگە كىرىۋاپتۇ. ھەلىمخاننىڭ قىياقتەك قاشلىرى، تال-تال كىرپىكلىرى، كىيىكنىڭكىدەك كۆزلىرى، تولغان كۆكسى، چىۋىقتەك زىلۋا قامىتى، قاشتېشىدەك سۈزۈك بەدىنى ھېكىمبەگنىڭ كۆزىگە كىرىۋېلىپ، يېگىنى يېگەن، ئىچكىنى ئىچكەن بولماپتۇ.

ھەلىمخانمۇ ھېكىمبەگنىڭ ھامان بىر كۈنى بەز پۈرىغان مۈشۈكتەك بۇ ئۆيگە پەيدا بولىدىغىنىنى پەملىگەنلىكتىن، ئېرىگە:

— ھەي مۇسۇلمان، قولۇڭلىدىكى يىپنى سېتىپ پاختا، ئوزۇق-تۈلۈك ئالغاندىن باشقا، ئازراق ئۇپا، ئەڭلىك، ئوسما ئەكىلىشنى ئۇنتۇپ قالماڭلار، — دەپتۇ. ئېرى بازاردىكى ئىشلىرىنى تۈگىتىپ تېز قايتىپ كەپتۇ. ھەلىمخان ئوسما بىلەن قېشىنى قارايتىپتۇ. ئەڭلىك بىلەن لەۋ، تىرناقلىرىنى قىزارتىپتۇ. ئۇپا بىلەن يۈزىنى

ئاقارتىپتۇ. ئاندىن ئېرىگە:

ـ ئوسمىدا قارايتتىم، ئەگلىكتە قىزارتتىم، ئۇپىدا ئاقارتتىم، سىلە بازارغا بېرىپ قاراڭغۇ چۈشكەندە كېلىڭلار، مەن بۇقىنى باغلاپ تەييار قىلاي. پىچىۋېتىلى، بولمىسا بىزنى ئۇسسىدىغاندەك تۇرىدۇ، ـ دەپتۇ. ھېلىماخۇن خوتۇنىنىڭ مەقسىتىنى چۈشىنىپ بازارغا كېتىپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي ھېكىمبەگ ھويلىغا كىرىپ كەپتۇ. ئۇ بېشىنى يەرگىچە ئېگىپ تازىم بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن:

ـ چىرايلىق خېنىم، ئۆزلىرى قايسى چىمەندە ئېچىلغان گۈلكىن؟ ئەرلىرى باركىن ـ يوقمىكىن؟ ـ دەپ سوراپتۇ.

ـ مەن ئەرگە تەككىلى بەش يىل، ئېرىم سەپەرگە چىقىپ كەتكىلى تۆت يىل، قازا قىلغانلىق خەۋىرى كەلگىلى ئۈچ يىل بولدى ـ دەپتۇ ھىلىمخان كۆزلىرىدىن مۇسىبەت ياشلىرىنى تۆككەن ھالدا:

ـ قازانغا ياغ لازىم، قاپاققا باغ لازىم. مېنىڭ ئۆيۈمگە سىلىدەك نۇرلۇق چىراق لازىم. ماڭا تەگسىلە سىلىنى بېشىمدا كۆتۈرگەن بولاتتىم.

ـ ئۇنداق ـ مۇنداققا تەككۈم يوق. سىلىدەك ھېكىمبەگ ماڭا يوق. ئۇنى دەپ بۇنى دەپ ئىككىسى بىر ئۆيدە بولۇشقا كېلىشىپتۇ. كېلىشكىنى بويىچە ھېكىمبەگ تويلۇق ئۈچۈن ئالتە يۈز تەڭگە تاپشۇرۇپتۇ. ئاندىن ئاخشاملىققا كېلىدىغان بولۇپ قايتىپ كېتىپتۇ. نەپسى تاقىلداپ كەتكەن ھېكىمبەگ قاراڭغۇ چۈشە ـ چۈشمەيلا ھىلىمخاننىڭ ئۆيىدە پەيدا بولۇپتۇ، ھىلىمخان ئۇنىڭ تون ـ پەرىجىلىرىنى سالدۇرۇپ ئاسقۇغا ئېلىپ قويۇپ، چاي قايىنىتىشقا تۇتۇش قىپتۇ. ھېكىمبەگ سەۋر ـ تاقىتى توشقان ھالدا:

ـ ھەلىمە خېنىم، تېزراق ياتىلى. چىدىيالماي قالدىم، ـ دەپتۇ.

ـ ماقۇل، ئەمسە مەن نىكاھ ئوقۇيدىغان موللامنى چاقىرىپ كىرەي، ـ دەپ ھىلىمخان سىرتقا چىقىپ كېتىپتۇ. ھايال ئۆتمەي قايتىپ كىرىپ:

ـ ھەي ھېكىمبېگىم، ئەمدى قانداق قىلارمىز؟ بىزنىڭ ئادەم ھاياتكەن ئەمەسمۇ؟ يا بۇرۇن ئەمەس، يا كېيىن ئەمەس، يامان چاغدا كېلىپ قالدى. ئاچچىقى بەك يامان ئادەمتى، ئىككىمىزنى ئۆلتۈرىۋېتىشتىن يانمايدۇ، ـ دەپتۇ. ھىلىمخاننىڭ يىغلىغىنىنى كۆرۈپ ھېكىمبەگنىڭ بىر قورقۇشى ئون بوپتۇ.

ـ جېنىم خېنىم، ئۆزلىرى تېزرەك بىر ئامال قىلمامدىلا؟ ـ دەپتۇ ھېكىمبەگ غال ـ غال تىترەپ تۇرۇپ. ھىلىمخان ئالدىرىتىپ:

ـ ئەمسە تېز كىيىملىرىنى سېلىپ يالىڭاچلىنىپ موزاينىڭ يېنىدا تۇرسىلا، مەن ئىلاجىنى قىلىمەن، ـ دەپتۇ. بەگ دەرھال بەجا كەلتۈرۈپتۇ. ھىلىمخان بەگنىڭ بويىنىنى كۆلا بىلەن باغلاپ موزاي ئېغىلىدىكى قوزۇققا چىڭ چىگىپ تۇرسا، ئېرى ئىشىكتىن ئۇدۇل ئېغىلغا كىرىپتۇ. ئەتىگەندە خوتۇنى بىلەن دېيىشىۋالغىنى بويىچە:

ـ بۇ ئىككى موزاي نېمىشقا بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدۇ؟ ـ دەپ سوراپتۇ.

ـ سىلە سەپەرگە چىقىپ كەتكەندە كالىمىز بوغاز ئىدىغۇ، تۆت يىلدا تۆتنى مۇزايلاپ، ئاخىرىدا بۇ يىل قوشكېزەك موزايلىدى. ماۋۇ تۈكسىز تۇرغىنى بۇقا، تۈكى بارى غۇنىجىن، بۇقا غۇنىجىنغا چېقىلىپ خاپا قىلدى، ـ دەپتۇ ھىلىمخان.

ـ بۇقىنى قوناقنى جىق بېرىپ سەمرىتىپ قويۇپسىلە ئەمەسمۇ؟ ـ دەپتۇ ھېلىماخۇن، ـ پىچىۋەتسەكلا ياۋاش ئۆكۈز بولىدۇ. مەن ئۇستىرا ـ پىچاقنى ئېلىپ كىرەي، ـ دەپ چىقىپ كېتىپتۇ، ھېكىمبەگ پىچىلىپ كېتىشتەك پاجىئەدىن قورقۇپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن تارتىپ كۆلنى ئۈزۈپ قېچىپ كېتىپتۇ، شۇ كېچىسى ئالەم قازاننىڭ قارىسىدەك قاراڭغۇ بولغانلىقتىن، ھېكىمبەگ ئەل كۆزىدىن خالىي قاپتۇ. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، ھېكىمبەگ ئۆيىدىن تالاغا چىقالماپتۇ، نومۇستىن يۈرىكى ئېچىشىپ يېتىپ قالغانچە ئۇ دۇنياغا سەپەر قىپتۇ، بىراق ھىلىمخان بىلەن ھېلىماخۇن بىر ـ بىرىگە سادىق بولۇپ ئۆمرىنى خۇشال ـ خۇرام، خاتىرجەم ئۆتكۈزۈپتۇ.

سۆزلەپ بەرگۈچى: قارىقاش ناھىيە سايباغ يېزا كامپا كەنتىدىن **سايتاخۇن**

قارىقاش ناھىيە توخۇلا يېزا ئوتتۇرا مەكتەپتىن **ئەخمەتجان ئابدۇللا**

تەھرىرى: **داۋۇت ئادىل**

# تۆت قىز

(چۆچەك)

بۇرۇنقى زاماندا، مۇشۇ يۇرتتا، بىر جۈپ ئەر ـ خوتۇن ياشىغانىكەن. بۇلارنىڭ سەلىمە ئىسىملىك بىرلا قىزى بولغانىكەن. ئايلار، يىللار ئۆتۈپ سەلىمە ئون يەتتە ياشقا كىرگەندە شۇنداق چىرايلىق بولۇپ كېتىپتۇكى، كۈن دېسە كۆزى، ئاي دېسە ئاغزى بار ئىكەن. سەلىمەنىڭ چىرايلىقلىقى ھەققىدىكى تەرىپلەر يەتتە ئىقلىمغا پۇر كېتىپتۇ. قىزنىڭ ھۆسن ـ جامالىنى تاماشا قىلغىلى شەھەر ـ شەھەرلەردىن، يۇرت ـ يۇرتلاردىن نى ـ نى يىگىتلەر كېلىپ ئىشق ئوتىدا ئازابلىنىپتۇ. لېكىن قىزغا مۇھەببەت ئىزھار قىلىشقا پېتىنالماي قايتىشىپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە سەلىمەنىڭ يۇرتى قاراشلىق دۆلەتنىڭ پادىشاھمۇ ئوغلىنى ئەگەشتۈرۈپ، ئۇنى كۆرگىلى كەپتۇ. شاھزادە قىزنى كۆرۈپلا ئىشق سەۋداسىدا ھوشىدىن كەتكىلى تاس قاپتۇ. پادىشاھ ئوغلىنى ئەگەشتۈرۈپ قايتىپ كېتىپتۇ. ئارىدىن بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن قىزنىڭ ئۆيىگە نۇرغۇن سوۋغا ـ سالاملارنى كۆتۈرگۈزۈپ ئەلچىلەرنى ئەۋەتىپتۇ. قىزنىڭ ئانىسى ئەلچىلەرگە:

ـ بىز يوقسۇل ئادەملەر، پادىشاھقا قۇدا بولغىدەك ھالىمىز يوق، پادىشاھ ئۆز لايىقىدىكىلەردىن قۇدا ئىزدىسە، رەنجىشمىسىلە، ـ دەپتۇ. ئەلچىلەر:

ـ شاھىمىز مەنسەپ ـ مەرتىۋە سورۇشتۇرۇپ كەتمەيدۇ. ئۆزلىرىگە بولغان ئۈمىدى چوڭ. بىزنى نائۈمىد قايتۇرمىغايلا، ـ دەپ چىڭ تۇرۇۋاپتۇ. سەلىمەنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئاخىرى ماقۇل بولۇپتۇ. ئەتىسى قوشنىسىنىڭ ئۆيىدىن ئەلچى كىرىپ:

ـ بىز ئەزەلدىن بىر ئېرىقنىڭ سۈيىنى ئىچىپ، بىر مەھەللىدە تۇغۇلۇپ چوڭ بولغانلارمىز. بىز سىلىدىن قىز سوراپ كىردۇق، ـ دەپتۇ. سەلىمەنىڭ ئاتا ـ ئانىسى پادىشاھ بىلەن قۇدا بولۇشقا ماقۇل بولغانلىقىنى دەپ ئۇلاردىن ئەپۇ سوراپتۇ. ئەلچىلەر:

ـ سىلىگە پادىشاھ بولسا بولىدىكەن. قوشنا لازىم ئەمەسكەن، ـ دەپ رەنجىپ ئولتۇرۇۋاپتۇ. سەلىمەنىڭ ئاتا ـ ئانىسى تەڭلىككە چىدىيالماي:

ـ قېنى، ۋاقتى كەلسۇن، شۇ چاغدا بىر گەپ بولار، ـ دەپتۇ. ئەلچىلەر تەلىپىمىز قوبۇل بولدى دەپ خۇشال ـ خۇرام قايتىپتۇ. ئەتىسى سەلىمەنىڭ دادىسىنىڭ ئىككى تۇغقىنى ئەلچى كىرگۈزۈپتۇ.

ـ سەلىمىخان ياتلارغا كەتمىسۇن، ـ دەپتۇ ئۇلار. سەلىمەنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ:

ـ بالدۇرراق شەپە بېرىشمەپلا، باشقىلارغا ماقۇل دەپتىكەنمىز، گەپتىن يېنىۋالالايمىز، ـ دەپتۇ.

ـ باشقىلار بىزدىنمۇ مۇھىممىدى؟ ـ دەپ چىڭ ئولتۇرۇۋاپتۇ ئەلچىلەر، ـ تۇغقانچىلىقنىڭ يۈز ـ خاتىرىسى يوقما؟ ئۆلۈپ قالساق بىر مازاردا ياتىمىزغۇ؟

ـ قېنى، كېيىن بىر گەپ بولار، ـ دەپتۇ سەلىمەنىڭ ئاتا ـ ئانىسى.

ئەلچىلەر بۇنى قوشۇلدى دەپ چۈشىنىپ، رازىمەنلىك بىلەن قايتىشىپتۇ. ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن قىزنىڭ ئانىسىنىڭ ئاكىسى ئەلچى كىرگۈزۈپتۇ. ئەلچىلەر:

ـ ئاكىلىرى ئوغۇل چوڭ قىپتۇ، ئۆزلىرى قىز چوڭ قىپتىلا، ـ دىگەندەك گەپلەر بىلەن قۇدىلىشىش مۇددىئاسىنى ئىپادىلەپتۇ. قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسى:

ـ بۇرۇنراق ئېغىز ئېچىشماپلا، ئەمدى خەققە قىلغان لەۋزىمىزدىن يېنىۋالمايمىز، رەنجىشمىسىلە، ـ دەپتۇ. ئەلچىلەر:

ـ خەق بىزدىن ئەزىزمىدى؟ خەق ئالغان تويلۇقنى بىزمۇ ئالالايمىز. بىز تۇغقان ئەمەس دەپ تىلخەت يېزىپ بەرسىلە بولمىسا، ـ دەپ جاھىللىق بىلەن ئولتۇرۇۋاپتۇ. قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئامالسىز ھالدا:

ـ كېيىن بىر گەپ بولسۇن ئەمىسە، ـ دەپتۇ. ئەلچىلەر بۇ گەپنى رازىلىق بىلدۈردى دەپ چۈشىنىپ خۇشال ھالدا قايتىشىپتۇ. شۇنداق قىلىپ بىر قىز ئۈچۈن تۆت ئۆيدە توي تەييارلىقى باشلىنىپتۇ تۆت ئۆيدىن: «كېلەر ھەپتىنىڭ چارشەنبە كۈنى مېھمانلىرىمىزنى باشلاپ ئۆيلىرىگە بارىمىز، كېلىننى يۆتكەپ كېلىمىز» دېگەن مەزمۇندا تۆت پارچە باغاقچە قىزنىڭ ئۆيىگە كەپتۇ. سەلىمەنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ بېشى قېتىپ، گاڭگىراپلا قاپتۇ. شۇنداق سائەتلەرنىڭ بىرىدە ئۆينىڭ ئالدىغا بىر ساھىل كېلىپ:

ـ ھەق ئاللا ئىگەم، سەدىقە بالانى يەر، تۆۋە گۇناھنى يەر، سېخىيلەردىن بىر چىشلەم نان تىلەيمەن، ـ دەپتۇ. ئۆي ئىگىسى ساھىلنى ئۆيىگە باشلاپتۇ، ئالدىغا

داستىخان سېلىپ قورسىقىنى تويغۇزۇپتۇ. بىر دەمتىن كېيىن ساھىل ئۆي ئىگىسىگە كۆز تىكىپ:

— سىلىنىڭ كۆزلىرىدىن مەلۇم بىر ئىشقا باشلىرى قېتىپ قالغىنىنى بىلىپ قالدىم. دەرد-ئەھۋاللىرىنى ئاڭلاپ باقسام، مەندىن ياخشى مەسلىھەت چىقىپ قالسا ئەجەب ئەمەس، — دەپتۇ. سەلىمەنىڭ دادىسى يۇقىرىدىكى ۋەقەنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. ساھىل:

— بۇ ئىشنىڭ يولى ئاسان، باش قاتۇرغىدەك ئىش يوق، — دەپتۇ.

— بۇ ئاسان يولنى ماڭا كۆرسىتىپ قويغان بولسىلا، — دەپتۇ سەلىمەنىڭ دادىسى خۇرسەن بولۇپ.

— توي كۈنى قىزلىرى تۇرىدىغان ئۆيگە بىر مۈشۈك، بىر تەخەي، بىر چاشقاننى ئەكىرىپ قويسىلا، كېيىنكى ئىشلاردىن چاتاق چىقمايدۇ، — دەپلا غايىب بولۇپ كېتىپتۇ ساھىل. سەلىمەنىڭ دادىسى ساھىلنىڭ خىزىر ئىكەنلىكىنى بىلىپ خۇشاللىقتىن بېشى ئاسمانغا تاقىشىپتۇ. چارشەنبە كۈنىمۇ كېلىپ قاپتۇ. سەلىمەنى ئانىسى ياساپ جابدۇپ ئايرىم ئۆيگە بىر مۈشۈك، بىر تەخەي، بىر چاشقان بىلەن ئەكىرىپ قويۇپتۇ. سەلىمەنىڭ ئاتا-ئانىسى كۆڭۈلسىزلىكتىن ساقلىنىش ئۈچۈن تۆت ئائىللىك قۇدىسىنى ئەتىگەندە، چۈشتە-كەچتە، ئاخشىمى كېلىشكە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغانىكەن. مېھمانلار نۆۋىتى بىلەن كېلىشكە باشلاپتۇ. داستىخانلار تەرتىپى بىلەن سېلىنىپ، غىزالار رەت-رېتى بىلەن كەلتۈرۈلۈپتۇ. نىكاھ ئوقۇتۇش ئۈچۈن قىزىمنى ئېلىپ چىقاي دەپ ئانىسى ئۆيگە كىرسە بىر-بىرىدىن ئارتۇق-كېمى يوق تۆت قىز ئولتۇرغۇدەك. ئانىسى ھەيران بولغان ھالدا قىزلاردىن بىرسىنى يېتىلەپ چىقىپ نىكاھ ئوقۇتۇپتۇ. مېھمانلار قىزغىن كۈتىلىپ ئەدەپ بىلەن ئۇزىتىلىپتۇ. چۈشتىكى، كەچتىكى، ئاخشامدىكى تويلارمۇ شۇنداق كۆڭۈللۈك ئۆتۈپتۇ.

ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن سەلىمەنىڭ ئاتا-ئانىسى قىزىنىڭ قايسى ئۆيگە بارغىنىنى بىلگۈسى كېلىپ قاپتۇ. شۇ كۈنى پادىشاھ قۇدىسى ئۇلارنى چايغا چاقىرىپتۇ. ئۇلار ئېسىل غىزالارنى يەپ كىكىرىشىپتۇ. دۇئادىن كېيىن سەلىمەنىڭ ئانىسى:

— باللار ئوبدان چىقىشىپ قالدىمىكىن، — دەپ سوراپتۇ. خانىش:

— ئوبدان چىقىشىپ قالدى، كېلىنىمىز ئوغلۇق چوڭ بوپتىكەن، بىراق كېچىلىرى مۈشۈكنى دوراپ مياڭلاپ، ئوغلىمىزنىڭ بەدىنىنى تاتىلاپ يارا قىلىۋەتتى. بارا-بارا ئوگىلىشىپ قالار، — دەپتۇ. سەلىمەنىڭ ئاتا-ئانىسى «بۇ ئۆيدىكىسى مۈشۈك قىزىمىز ئىكەن» دەپ بىلىۋاپتۇ. ئەتىسى قوشنا قۇدىسى ئۇلارنى مېھمانغا چاقىرىپتۇ. تىنچ-ئامانلىق سورىشىپ كۆرپىدە ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن سەلىمەنىڭ ئانىسى ئايال قۇدىسىدىن:

— قىزىمىز ئوبدان كۆنۈپ قالدىمىكىن ئۆيلىرىگە، — دەپ سوراپتۇ.

— كۆنۈپ قالدى. لېكىن، كېچىسى تەخەيدەك تېپىپ ئوغلىمىزنى يېقىنلاشقىلى قويماپتۇ. ۋاقىت ئۆتكەنسېرى يېقىنلىشىپ قالار، — دەپتۇ ئايال قۇدىسى. «تەخەي قىز مۇشۇ ئۆيدىكەن» دەپ ئويلاپتۇ سەلىمەنىڭ ئاتا-ئانىسى، كېيىنكى كۈنىسى ئۇلارنى دادا تەرەپ تۇغقان قۇدىلىرى مېھمانغا چاقىرىپتۇ، سەلىمەنىڭ ئانىسى ئەپلىك بىر پەيتنى تۇتۇپ:

— قىزىمىز ئۆيلىرىگە كۆنۈپ قالغاندۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— كۆڭلى تۇردى، — دەپتۇ ئايال قۇدىسى، — بىراق كېچىلىرى چاشقاندەك كىتىرلاپ كۆرپە-ياستۇقلارنىڭ تېگىگە كىرىۋالىدىغان ئەيىبى باركەن. كۆنگەنسېرى ئوگىلىنىپ قالار، — دەپتۇ قۇدىسى. سەلىمەنىڭ ئاتا-ئانىسى چاشقان قىزىنىڭ مۇشۇ ئۆيدىلىكىنى پەملىۋاپتۇ. يەنە بىر كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئانا تەرەپ تۇغقان قۇدىلىرى بۇلارنى چايغا تەكلىپ قىپتۇ. داستىخاننى يىغىش ئالدىدا سەلىمەنىڭ ئانىسى:

— قىزىمىز ئوبدان كۆنۈپ قالغاندۇ-ھە؟ دەپ سوراپتۇ.

— مۇشۇ ئۆيدە تۇغۇلغاندەكلا بولۇپ كەتتى كېلىنىمىز، ئاش ئەتسە شۇنداق تەملىك، كىر يۇسا شۇنداق پاكىز، قىلغان ئىشىدىن ئېۋەن تاپقىلى بولمايدۇ، — دەپتۇ ئايال قۇدىسى. سەلىمەنىڭ ئاتا-ئانىسى ئۆزىمىزنىڭ قىزىمىز مۇشۇ ئۆيدىكەن دەپ بىلىپتۇ. سەلىمەنىڭ ئاتا-ئانىسى خىزىرنىڭ خەير-خاھلىقى بىلەن تۆت ئائىلە بىلەن قۇدا بولۇپ، ئىناق-ئىجىل ياشاپ، باي-باياشات تۇرمۇش كەچۈرۈپ ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ.

سۆزلەپ بەرگۈچى: قارىقاش ناھىيە ياۋا يېزا ئاقچېغىل كەنتىدىن ئەزىز ئاخۇن

نەشرگە تەييارلىغۇچى: قارىقاش ناھىيىلىك كۇتۇپخانىدىن مەينىگارخان

تەھرىرى: مەتسېلىم مەتقاسىم



# ھەسەتخور ئاكا

(چۆچەك)

قوشبۇلاق كەنتىنىڭ ئەگرىچوماق مەھەللىسىدە ئانىسى باشقا، دادىسى بىر ئاكا-ئۇكا ياشىغانىكەن، دادىسى قازا قىلىپ ئىككىلىسى ئانىلىرى بىلەنلا قاپتۇ. ئىككىلىسى لىڭگىرتاق ياساشنى بىلىدىكەن، ئاكىسى ئاسىم پەمسىز ھەم ھورۇن بولغاچقا، لىڭگىرتاقنى ئاز ياساپ، ئۇنى پۇللىقنى بەش پۇلغا ساتىدىكەن. ئۇكىسى قاسىم چىچەن ھەم ئىشچان بولۇپ، لىڭگىرتاقنى جىق ياسايدىكەن. ئۇن پۇللۇقنى يىگىرمە پۇلغا ساتالايدىكەن. شۇ سەۋەبتىن قاسىم باي بولۇپ كېتىپتۇ، بۇنىڭغا ھەسرىتى قوزغالغان ئاسىم بىر كۈنى ئۇكىسىنىڭ ئۆيىگە كېلىپ:

— ئۇكام، مەن مىڭ دانا لىڭگىرتاققا خېرىدار تاپتىم. مەن يۈزنى ياساي، سەن توققۇز يۈزنى ياسىغىن، - دەپتۇ. قاسىم ماقۇل بولۇپ بىر ھەپتىدىلا توققۇز يۈز لىڭگىرتاقنى ياساپ بوپتۇ. ئاسىم كېچىسى شەپە چىقارماي كېلىپ، ئۇكىسىنىڭ لىڭگىرتاقلىرىغا ئوت قويۇۋېتىپتۇ. قاسىم لىڭگىرتاقنىڭ كۆمۈرلىرىنى بىر تلغارغا قاچىلاپ ئېشەككە ئارتىپ شەھەرگە قاراپ يولغا چىقىپتۇ.

— ھەي ئۇكام، تاغىرىڭدىكى نېمە ئۇ؟ — دەپ سورىغانلارغا:

— كۆرسە كۆمۈر، خەجلىسە ئالتۇن، - دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. بىر كىشى بۇ گەپكە قىزىقىپ قېلىپ سوراپتۇ:

— ئۇكام، بۇ نېمە دېگىنىڭ؟

— قارىسلا كۆمۈرنىڭ ئۆزى، خەجلەيدىغان چاغلىرىدا ئالتۇنغا ئايلىنىدۇ.

— نەچچە پۇلغا ساتىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ ھېلىقى كىشى.

— يىرىم تاغار ئالتۇنغا ساتىمەن.

ھېلىقى كىشى «يېرىم تاغار ئالتۇن بېرىپ بىر تاغار ئالتۇنغا ئىگە بولسام ماڭا يېرىم تاغار ئالتۇن پايدا چىقىدۇ ئەمەسمۇ؟» دەپ خۇشال بوپتۇ-دە، بىر تاغار كۆمۈرنى ساندۇقىغا تۆكتۈرىۋېلىپ، يېرىم تاغار ئالتۇن قاچىلاپ بېرىپتۇ. سودىدا ئامەتى كەلگەن قاسىم خۇشال ھالدا ئۆيىگە قايتىپتۇ. ئۇ قىممەت باھالىق جاھازىلارنى سېتىۋېلىپ ئۆيىنى ۋال-ۋۇل ياسىتىۋېتىپتۇ. ئاسىم ئۇكىسىنىڭ ئۆيىنى كۆرۈپ ھەسەتخورلۇقتىن يۈرىكى ئېچىشىپ، سوراپتۇ:

— مەن توققۇز يۈز دانە لىڭگىرتاق ياسىغىن دېگەنتىم، ياساپ بولدۇڭمۇ؟

— ياساپ بولغانىدىم، ئىچى يامان بىر ئادەم بىر كېچىسى ئوت قويۇۋېتىپتۇ. ئۇنىڭ كۆمۈرلىرىنى بازارغا ئاپاردىم-دە، «لىڭگىرتاق كۆمۈرنى ئالىدىغانلار بارمۇ؟» دەپ توۋلىسام، خەقلەر تالىشىپ، دېگىنىمگە سېتىۋالدى. ھېسابلاپ باقسام لىڭگىرتاق ساتقاندىن ئۇنى كۆيدۈرۈپ كۆمۈرنى ساتسا پايدىسى كۆپ چىقىدىكەن، — دەپتۇ قاسىم.

ئاسىم ئۆيىگە بېرىپ بارلىق لىڭگىرتاقلىرىنى كۆيدۈرۈپ، كۆمۈرنى تاغارغا قاچىلاپ، ئېشىكىگە ئارتىپ بازارغا بېرىپتۇ. بازاردىكى بىرمۇ كىشى ئۇنىڭدىن:

— تاغىرىڭدىكى نېمە؟ — دەپ سوراپ قويماپتۇ. ئاخىرى ئۆزى:

— لىڭگىرتاق كۆمۈرى ئالىدىغانلار بارمۇ؟ — دەپ ۋارقىرىغىلى تۇرۇپتۇ. بازاردىكىلەر:

— بۇ ئادەم ساراڭ بولۇپ قالغانمۇ، قانداق؟ — دەپ

كۆلۈشۈپتۇ. ئاسىم بۇ كوچىدىن ئۇ كوچىغا، ئۇ كوچىدىن بۇ كوچىغا بېرىپ:

ـ لىڭگىرتاق كۆمۈرى ئېلىپ كەلدىم، كىم ئالىدۇ؟ ـ دەپ ۋارقىراۋېرىپتۇ. ھېچكىم «مەن ئالاي» دېمەپتۇ. ئاسىم ئالدانغىنىنى بىلىپ خاپا ھالدا ئۆيىگە قايتىپ كەپتۇ. ئەتىسى قاسىمنىڭ ئۆيىگە كېلىپ:

ـ ئۇكام، سەن كېچىسى نەدە ئۇخلايسەن، ئاناڭچۇ؟ ـ دەپ سوراپتۇ. قاسىم:

ـ مەن يەردە ياتىمەن. ئانام ساندۇق ئۈستىدە ياتىدۇ، ـ دەپتۇ. ئۇ ئاكىسىنىڭ بىكارغا سورىمىغانلىقىنى ھېس قىلىپ ئانىسى بىلەن ئورۇن ئالماشتۇرۇپ يېتىپتۇ. ئاسىم كېچىسى كېلىپ قاسىمنى بوغدۇم دەپ ئۆگەي ئانىسىنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈپتۇ. قاتتىق ئۇيقۇدا ياتقان قاسىم بۇنى سەزمەپتۇ. ئۇ ئەتىسى سەھەر ئويغىنىپ قارىسا ئانىسى ئۆلۈك ھالدا ياتقۇدەك، بۇ ئاكىسىنىڭ شۇملۇقى ئىكەنلىكىنى پەملىگەن قاسىم ئەتىسى ئانىسىنى ئېشىكىگە مىندۈرۈپ، قولتۇقىغا ئاچا يۆلەپ خۇددى تىرىك ئادەمدەك ئولتۇرغۇزۇپ ئېشەكنى ھەيدەپ مېڭىپتۇ. بىر مۇنچە ماڭغاندىن كېيىن بىر باينىڭ خامىنىغا كېلىپ قاپتۇ. قاسىم ئېشەكنى خامانغا ھەيدەپ قويۇپ، ئۆزى تام كەينىگە يوشۇرۇنۇپ ئولتۇرۇپتۇ. ئېشەك خامانغا يەنچىپ بۇغدايىنى يېگىلى تۇرۇپتۇ. باي:

ـ ھاي مەزلۇم، ئېشىكىڭنى توسقىن، ـ دەپتۇ. ئېشەكنىڭ ئۈستىدىكى ئايال ئېشەكنى توسماي بىپەرۋالىق بىلەن ئولتۇرۇپتۇ. باي ئاچچىقلانغان ھالدا كېلىپ ئېشەكنىڭ سۆڭگىچىگە بىرنى تەپكەنىكەن، ئېشەك سىڭارىيان بولۇپ، ئۈستىدىكى ئايال موللاقلاپ يىقىلىپتۇ. قاسىم يۈگۈرۈپ كېلىپ ئانىسىنىڭ بۇرنىغا ئالقىنىنى تۇتۇپ بېقىپ:

ـ ۋاي ئانام، ۋاي جان ـ جىگىرىم ئانام، ـ دەپ بىر دەم ئۇھ تارتىپ يىغلىغاندىن كېيىن بايغا ۋارقىراپتۇ، ـ ئېشەكنى تەپمىگەن بولساڭ ئانام ئۆلۈپ قالمايتتى.

باي قاتىل بولۇپ قېلىشتىن قورقۇپ:

ـ پەس گەپ قىلىڭ، بىر كىم ئاڭلاپ قالمىسۇن. سىزگە يۈز چارەك بۇغداي بېرەي، داۋا قىلماڭ، ـ دەپتۇ. قاسىم:

ـ ياق، يامۇلغا ئەرز قىلىپ ئانام ئۈچۈن جانغا جان ئالىمەن، دەپ چىڭ تۇرۇپتۇ. باي ئىككى يۈز چارەككە، ئاندىن ئۈچ يۈز چارەككە ئۆرلەپتۇ. قاسىم يەنىلا ئۇنىماپتۇ. باي:

ـ خاماندىكى بۇغدايىنىڭ ھەممىسىنى بېرەي، ـ دېگەنىكەن، قاسىم:

ـ تاغىرىم بولمىسا، نېمىگە قاچىلايمەن بۇغدايىنى؟ ـ دەپتۇ.

ـ تاغارنى مەن بېرەي.

ـ ۋاي ئانام، ۋاي مېھرىبان ئانام، ـ دەپ يىغلاپتۇ قاسىم، ـ باي سىزنى ئۆلتۈرىۋەتمىگەن بولسا، ماڭا بۇ خاپىلىقلار يوقتى، بۇ بۇغدايلارنى ئۆيىگە قانداق توشۇپ بولارمەن؟

ـ يىغلىماڭ ئۇكام يىغلىماڭ، ـ دەپ يېلىنىپتۇ باي، ـ بۇغدايىنى ئۆزۈم توشۇپ بېرەي.

شۇنداق قىلىپ باي تاغارلارنى ئۆزى چىقىرىپ، ئېشەك ـ كالىلارغا ئارتىپ، بىر خامان بۇغدايىنى قاسىمنىڭ ھويلىسىغا تىزىپ بېرىپتۇ. بىر نەچچە كۈندىن كېيىن ئاسىم ئۇكىسىنىڭ ئۆيىگە كېلىپ تاغارلارنى ساناپ بېقىپ:

ـ بۇغدايلىرىڭ مىڭ چارەكتىن ئاز ئەمەسكەن. نەدىن تاپتىڭ؟ دەپ سوراپتۇ. قاسىم:

ـ بىر كېچىسى ئانامنى ئۆلتۈرىۋەتكەن ئىكەنسىز، ئانامنىڭ ئۆلۈكىنى بازارغا ئاپىرىپ قەنەرگە ئاستىم. «ئانا گۆشى ئالىدىغانلار بارمۇ؟» دەپ توۋلىسام، بازارغا كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسى بەس ـ بەس تالىشىپ سېتىۋالدى. قوينىڭ گۆشىدىن ئون باراۋەر قىممەت سېتىپ پۇلىسىغا مۇشۇ بۇغدايىنى ئالدىم، ـ دەپتۇ. ئاسىم بۇ ئوبدان سودا ئىكەنغۇ دەپ ئىلھاملىنىپ ئۆيىگە بېرىپتۇ. كېچىسى ئۇخلاۋاتقان ئانىسىنى بوغۇزلاپ ئېشىكىگە ئارتىپ بازارغا ئاپىرىپتۇ. پارچىلاپ قەنەرگە ئېسىپ بار ئاۋازى بىلەن:

ـ ئانا گۆشى ئالىدىغانلار بارمۇ؟ ـ دەپ ۋارقىرىغىلى تۇرۇپتۇ. بۇنى ئاڭلىغانلار:

ـ قانداق ۋەھشىي ئادەم بۇ، ـ دەپ غەزەپلىنىپ ئۇنى مۇشتىلىغىلى تۇرۇپتۇ. ئاسىم ئۇلاردىن مىڭ مۇشەققەتتە قۇتۇلۇپ قېچىپ كېتىپتۇ. «ھەسەتخورنىڭ ھەسرىتى كۆپ» دېگەن ھېكمەت شۇنىڭدىن قالغانىكەن.

سۆزلەپ بەرگۈچى: قارىقاش ناھىيە سايباغ يېزا كامپا كەنتىدىن **ئابدۇرېشىت قۇربان**

نەشرگە تەييارلىغۇچى: قارىقاش ناھىيە ياۋا يېزا جۇمە بازار كەنتىدىن دېھقان **مەمەتساقى ساۋۇر**

تەھرىرى: **داۋۇت ئادىل**

# يېتىمنىڭ پادىشاھ بولۇشى

(چۆچەك)

تـارىخ بايـاۋانلىرىنى كېزىـپ، يىراقلارغـا نەزەر تاشلاپ، چۆچەكلەردىن قەلئە ياسىغۇچىلارنىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە، بۇنىڭدىن ناھايىتى ئۇزاق زامانلار ئىلگىرى، كۆسەن دۆلىتىنىڭ مەھەللىلىرىدىن بىرىدە ئاتا - ئانىسى ئۆلۈپ كەتكەن بىر يىگىت بولغانىكەن. بۇ يىگىت تولىمۇ ياۋاش، مۇلايىم بولغانلىقتىن، بۇنى بوزەك قىلىدىغانلار كۆپ ئىكەن، بۇ يىگىتنى پەرۋىش قىلىدىغان ئادەم بولمىغانلىقتىن، بېشىنى يارا بېسىپ تـاز بولـۇپ قالغـانىكەن. باشـقىلار ئـۇنى «مونۇكـۇم تـاز» دەپ قىچقىرىـدىكەن. ئـۇ ئۆزىنىـڭ كەمـسىتىلگىنىدىن بىزار بولۇپ باشقا يۇرتلارغا كېتىش نىيىتىگە كېلىپتۇ. ئۇ بىر كۈنى خۇرجۇنىغا نـان - توقاچ، قاپىقىغا سۇ قاچىلاپ يولغا چىقىپتۇ. ماڭا - ماڭا بىر چۆلگە بېرىپ قاپتۇ. بۇ يەردە يـول ئىككىـگە ئايرىلغـان ئىـكەن. يىـتىم يىگىـت قايسى يولغا مېڭىشنى بىلەلمەي ئىككىلىنىپ تۇرغانىدا، ياش قۇرامى ئۇنىڭغا باراۋەر كېلىدىغان ئىككى يىگىت پەيدا بوپتۇ - دە، ئۇنىڭدىن :

ــ ئېتىڭلار نېمە ئاداش؟ــ دەپ سورىغان ئىكەن، يىتىم يىگىت:

ــ مېنىڭ ئېتىم مۇنۇكۇم، سىلەرنىڭ ئېتىڭلارچۇ؟ ـ داپ سوراپتۇ. ئۇ ئىككىسى:

ــ مېنىڭ ئېتىم باقى.

ــ مېنىڭ ئېتىم ساقى، ـ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. باقى مۇنۇكۇمدىن:

ــ ئاداش نەگە كېتىۋاتىسىلەر؟ــ سوراپتۇ.

ـــ بارىـدىغان جـايىمنى بىلمەيـمەن. تەۋەككـۇل دەرياسىغا كېمەمنى سالدىم. ئاقىۋېتىم قانداق بولاركى ــ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. ساقى:

ـــ بىزمـۇ نەگە بېرىـشىمىزنى بىلمەيمىـز، بىلـلە ماڭايلى،ــ دەپتـۇ. شـۇنداق قىلىـپ ئـۇلار سـەپەرداش بولۇشـۇپتۇ. يـول بـويى مۇنۇكـۇم ساقى بىـلەن باقىـدىن نان، سۇلىرىنى ئايىماپتۇ. بىـر نەچچە كۈنـدىن كېيىن مۇنۇكۇمنىڭ يەيدىغان - ئىچىدىغىنى تۈگەپتۇ. ئۇ بـاقى بىلەن ساقىغا:

ــ سۇ نېنىڭلاردىن مـاڭىمۇ بېرىڭلار دەپتۇ. سـاقى بىلەن باقى:

ــ بىز سەندىن سۇ، نان تەلەپ قىلمىدۇق، ئـۆزۈڭ ئىختىيار قىلىـپ بەردىـڭ. ئەمدى چىدىماسلىق قىلىـپ قايتۇرۇپ ئالامتىڭ؟ــ دەپتۇ. بىر يۇتۇم سۇ، بىـر چىشلەم نان بەرمەپتۇ. مۇنۇكۇم ساقى بىلەن باقىـدىن ئايرىلىـپ قالـسا، يىرتقـۇچ ھايۋانلارغـا يەم بولـۇپ كېتىـشىدىن ئەنسىرەپ، بىللە ماڭماسلىققا ئامالى بولماپتۇ. قورسىقى بەك ئېچىـپ كەتـسە دەرەخ قـوۋزىقىنى چايناپتۇ. ئـۇلار مېڭىـپ - مېڭىـپ كەڭ قومۇشـلۇق ئارىـسىدىكى كـۆركەم سارايىنى كۆرۈپتۇ. بۇلار سارايغا ئورۇنلاشقاندىن كېيىن، سـاقى بىـلەن بـاقى ئېـسىل - غىـزالار بىـلەن قورسـىقىنى تويغۇزۇپ كىكىرىشىپتۇ. مۇنۇكۇم تۆكۈرۈكىنى يۇتـۇپ بىـر بۇلۇڭدا يىغلاپ ئولتۇرۇپتۇ. بۇ سارايىنىڭ ئىگىسى پەرىزات قىز مۇنۇكۇمدىن:

ـ سىز نېمىشقا يىغلايسىز؟ ـ دەپ سوراپتۇ. مۇنۇكۇم پـۇل، ئـوزۇق - تۈلۈكىنىـڭ يـوقلىقىنى، بـاقى بىـلەن ساقىنىڭ يۈزسىزلىك قىلغىنىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. پەرىزات قىز مۇنۇكۇمغا ئىچ ئاغرىتىپ ئـۇنى ئاشخانىسىغا باشلاپ غىزالاندۇرغانـدىن كېيىن، خۇرجۇنىنىـڭ ئىككـى پېيىغا نان - توقاچ قاپىقىغا سـۇ قـاچىلاپ بېرىپتـۇ. ئانـدىن بىر چاي خالتىسىنى مۇنۇكۇمغا بېرىپ:

ـــ ئەگەر خـاپىلىق تارتىـپ قالـسىڭىز، «پەرىـزات قىزنىڭ ئەمرى» دەپ قولىڭىزنى بـۇ خالتىغا سالـسىڭىز، يېتەرلىك ئـالتۇن - كۈمۈش ئالالايـسىز، ـــ دەپتـۇ. سـاقى بىلەن باقى «پەرىزات قىز ئۇنىڭغا نېمە بەردىكىن، بىزگە نـېمە بەرەركىـن؟» دەپ ئىـشىكنىڭ يوچۇقىـدىن قـاراپ تۇرۇپتۇ، پەرىزات قىـز بـۇنى كـۆرۈپ قىلىـپ بىـرىگە بىـر قالپاق، بىرىگە بىر جىلىتكە بېرىپتۇ. ئۈچ يىگىت پەرىزات قىزغا تەشەككۈر بىلدۈرۈپ يولغا راۋان بوپتۇ. ئۇلار ناخشا بىلەن روھلىنىپ، چۆچەكلەر بىلەن يولنى قىسقارتىپ بىر نەچچە كۈندىن كېيىن كاتتا بىر شەھەرگە يېتىپ كەپتۇ. ئـۇنىڭغىچە مۇنۇكۇمنىـڭ نـانلىرى تـۈگىگەن ئىـكەن. ئـۇ «پەرىـزات قىزنىـڭ ئەمـرى» دەپ چـاي خالتىـسىغا قـول سالغان ئىـكەن، بىـر سىقىم ئـالتۇن چىقىپتـۇ. ئـالتۇننى پۇلغا ئايلاندۇرۇپ يېگۈسى بارنى يەپتۇ، ئىچكۈسى بـارنى ئىچىپتۇ. ئاش - ئـوزۇقى ئاللىقاچان ئاخىرلىـشىپ قالغان باقى بىلەن ساقى :

ـ ئاداش مۇنۇكۇم، بىز خىزمىتىڭدە بولايلى، بىزنـى ئاچ قويماڭلار.ـ دەپ يالۋۇرۇپتۇ. ئاق كۆڭۈل، رەھىمدىل

مۇنۇكۇم :

ــ ماقۇل، ئىككىڭلار مېنىڭ خىزمەتكارىم بولۇڭلار، ئىش ھەققىڭلارنى ئالدىن بېرەي، ــ دەپ ئون سەردىن ئالتۇن بېرىپتۇ. باقى بىلەن ساقى شەھەردە دۇكان ئېچىپ تىجارەت باشلاپتۇ. مۇنۇكۇم بىر كونا تامنىڭ تۈۋىدە يېتىپ ئۇخلاپ قاپتۇ، ئۇخلاۋېتىپ بىر چۈش كۆرۈپتۇ، چۈشىدە چىرايى ئايدىن چىرايلىق، كۆڭدىن نۇرلۇق قىزنى كۆرۈپ ئاشىق بولۇپ قاپتۇ. ئۇ ئويغىنىپ قارىسا، يېنىدا قىز يوق تۇرغىدەك، ئۇ دەرھال ئىككى خىزمەتكارنى يېنىغا چاقىرىپ :

ـ مەن چۈشۈمدە بىر قىزنى كۆرۈپ ئەقلىمنى ئىشق سەۋداسى قاپلىۋالدى. ئىككىڭلار شەھەرمۇ ـ شەھەر ئارىلاپ، مەن چۈشۈمدە كۆرگەن چىرايلىق قىزنى تېپىپ كېلىڭلار، يول كىراسىنى ئاشۇرۇپ بېرىمەن ـ دەپتۇ. ئىككى خىزمەتكار :

ـ سىلە چىرايلىق قىزغا ئۆيلىنىش ئۈچۈن ئېسىل كىيىملەرنى ئېلىپ ياسىنىڭلا ـ دەپتۇ.

ـ مەن نېمە قىلىشىمنى ئۆزۈم بىلىمەن. ـ دەپتۇ مۇنۇكۇم ـ سىلەر مەن چۈشۈمدە كۆرگەن قىزنى تېپىپ كېلىڭلار.

ئىككى خىزمەتكار يەتمىش بىر شەھەرنى ئارىلاپ، يەتمىش بىر قىزنى تاللاپ ئېلىپ كەپتۇ. مۇنۇكۇم قىزلارغا بىرمۇ ـ بىر ئىنچىكىلەپ سەپ سېلىپ چۈشىدە كۆرگەن قىزنى تاپالماپتۇ، قىزلارنىڭ بىرىنى ئاقكەن دەپ، بىرىنى «سېرىقكەن» دەپ، بىرىنى «ئورۇقكەن» دەپ ھېچقايسىنى ياراتماپتۇ. ئىككى خىزمەتكار مۇنۇكۇمنى زاڭلىق قىلىپ :

ـ ئاداش، پەرىزاتتەك چىرايلىق قىزلارنى ئەرزىتمىدىڭلار، ئەمدى ئۇزۇن قولاق، كالتە قۇيرۇق، تۆت پۇتلۇق خوتۇندىن بىرىنى تاپساق بولغىدەك ـ دەپتۇ. مۇنۇكۇم :

ـ سىلەر خوجايىنىڭلارغا بۇنداق ئەدەپسىز چاقچاق قىلماڭلار، سىلەر بارمىغان قايسى شەھەرلەر بار؟ ـ دەپ سوراپتۇ. باقى بىلەن ساقى :

ـ شەرق تەرەپتىكى بىر شەھەرگە تېخى بارمىدۇق ـ دەپتۇ. مۇنۇكۇم ئىككى خىزمەتچىسىنى ئۇ شەھەرگە بېرىپ چىرايلىق قىزلارنى تاللاپ ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇپتۇ. باقى بىلەن ساقى ئۇ شەھەرگە بېرىپ قارىغۇدەك بولسا، بىر ـ بىرىدىن چىرايلىق قىزلار ناھايىتى جىقكەن، لېكىن بۇ شەھەرنىڭ پادىشاھىنىڭ بىر قىزى بولۇپ گۈزەللىكتە تەڭدىشى يوقكەن. باقى بىلەن ساقى شاھنىڭ قىزى بىلەن كۆرۈشۈشكە جۈرئەت قىلالماي، بىر ئامال قىلىپ بۇ قىزنىڭ رەسىمىنى قولغا چۈشۈرۈپ مۇنۇكۇمنىڭ ئالدىغا كەپتۇ. مۇنۇكۇم بۇ قىزنىڭ رەسىمىنى كۆرۈپ :

ــ مەن چۈشۈمدە كۆرگەن قىز دەل مۇشۇ، دەرھال پادىشاھنىڭ ئالدىغا بېرىپ، مېنىڭ ئۇنىڭغا كۆيئوغۇل بولۇش ئارزۇيۇمنى ئىزھار قىلىڭلار، ــ دەپ باقى بىلەن ساقىنى بۇيرۇپتۇ. ئىككى خىزمەتچى سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ. ئۇلار پادىشاھنىڭ ئوردىسى ئالدىغا كېلىپ بېشىنى ئېگىپ تۇرۇپتۇ. پادىشاھ بۇ ئەھۋالنى ئاڭلاپ دەرۋازىدىن چىقىپلا :

ــ سىلەر نېمە سەۋەبتىن بۇ يەردە تۇرىسىلەر؟ ـ دەپ سوراپتۇ. باقى بىلەن ساقى :

ــ بىزنىڭ خوجايىنىمىز جانابلىرىنىڭ قىزىڭىزغا ئۆيلەنمەكچى بولۇپ، بىزنى ئۆزلىرىنىڭ رازىلىقىنى ئېلىشقا ئەۋەتتى، ــ دەپتۇ.

ــ خوجايىنىڭلار كىم؟ ــ دەپ سوراپتۇ پادىشاھ.

ــ خوجايىنىمىزنىڭ ئىسمى مۇنۇكۇم، ئاتا ـ ئانىسى يوق يېتىم تاز، ــ دەپتۇ باقى بىلەن ساقى. پادىشاھنىڭ قەھرى ـ غەزىپى مىڭ گەز ئۆرلەپ :

ــ قىزىمنى نى ـ نى شاھزادىلەرگە بەرمىگەن تۇرسام، سەنلەر ھەددىڭدىن ئېشىپ يېتىم ئوغلاق تازغا ئەلچى بولۇپ كېلىشتىڭما؟ جاللات، مۇنۇ ئىككى گۇناھكارنى جەھەننەمگە ئۇزات! ــ دەپ ۋارقىراپتۇ. تۆت جاللات دەرھال كىرىپ ئۇ ئىككىسىنى سۆرەپ مېڭىپتۇ. بىر ئاقساقال ۋەزىر ئارىغا چۈشۈپ :

ــ شاھ ئالىيلىرى بىلسۇنلەركى، ئەلچىگە ئۆلۈم يوقتۇر. ئۇلارنىڭ گۇناھىدىن كەچكەيلا، ــ دەپتۇ. پادىشاھ پەرمانىدىن يېنىپتۇ. ئىككى ئەلچى تىرىك قالغىنىغا خۇشال بولۇپ، يولدا ماڭغاچ مەسلىھەتلىشىپ مۇنۇكۇمنىڭ ئالدىغا :

ــ پادىشاھ شىكارغا چىقىپ كەتكەن ئىكەن، ئۇچرىشالمىدۇق، ــ دەپ كىرىپتۇ. مۇنۇكۇم ئىككى خىزمەتچىسىگە :

ــ پادىشاھ شىكاردىن چوقۇم قايتىپ كەلمەي قالمايدۇ، سىلەر ئۇ شەھەرگە يەنە بېرىپ پادىشاھ بىلەن بىر ئامال قىلىپ ئۇچرىشىڭلار، مەن خۇشال بولىدىغان جاۋاب ئېلىپ كېلىڭلار، ــ دەپتۇ. باقى بىلەن ساقى يەنە شەھەرگە بېرىپتۇ. پادىشاھ غەزەپ بىلەن :

ــ يەنە كېلىشىپسەنغۇ، جاندىن تويغان ئوخشاشىمامسەن؟ ــ دەپ ۋارقىراپتۇ.

ــ بىز ئۆزىمىزچە كېلىۋالمىدۇق، ــ دەپتۇ. ئەلچىلەر غال ـ غال تىترەپ تۇرۇپ ـ خوجايىنىمىزنىڭ بۇيرۇقى

بىلەن كەلدۇق.

پادىشاھ بۇ ئەلچىلەردىن قۇتۇلالمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، قانداق قىلىش توغرىسىدا ۋەزىر-ۋۇزرالىرى بىلەن كېڭەش ئۆتكۈزۈپتۇ. ئاقساقال ۋەزىر :

ــ جانابىي ئالىيلىرى، ئارتۇقچە بىئارام بولمىغايلا، كۆيئوغۇل بولغۇچىغا ئۈچ تۈرلۈك شەرت قويىمىز، ئەلۋەتتە ئۇ بۇ شەرتلەرنى ئورۇندىيالمايدۇ، شۇ باھانە بىلەن ئۇنىڭ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلىمىز- دەپتۇ. بۇ مەسلىھەت پادىشاھقا خوپ يېقىپتۇ. پادىشاھ بىلەن ۋەزىرلەر مۇزاكىرىلىشىپ شەرتلەرنى مۇقىملاپتۇ. پادىشاھ ئەلچىلەرنى ئالدىغا چاقىرتىپ :

ــ سىلەر بېرىپ خوجايىنىڭلار مۇنۇكۇم تازغا ئېيتىڭلار، ئۈچ تۈرلۈك شەرتىم بار، ئۆزى كېلىپ ئاڭلىسۇن، ــ دەپتۇ. ئەلچىلەر شاھنىڭ ئالدىدىن ئامان-ئېسەن چىققىنىغا خۇشال بولۇپ كېچە-كۈندۈز يول يۈرۈپ مۇنۇكۇمنىڭ ئالدىغا كەپتۇ. مۇنۇكۇم باقى بىلەن ساقىنىڭ جاۋابىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ھەرقانچە ئېغىر شەرت بولسىمۇ ئورۇنلاشقا بەل باغلاپ ئىككى خىزمەتچىسى بىلەن يولغا چىقىپتۇ. ئۇلار مېڭىپ-مېڭىپ بىر چۆلگە كەپتۇ. موريسىدىن تۈتۈن چىقىۋاتقان بىر ئېغىز ۋەيرانە ئۆينى كۆرۈپ سۇ ئىچىۋېلىش ئۈچۈن بۇ ئۆيگە كىرىپتۇ. ئۆي ئىگىسى دۈمچەك موماي ئۇلارغا سۇ بەرگەندىن كېيىن :

ــ نەگە ماڭدىڭلار باللىرىم؟ ــ دەپ سوراپتۇ.

مۇنۇكۇم نەگە، نېمە مەقسەت بىلەن بارىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ.

ــ ۋاي بالام، خەتەرلىك سىناققا دۇچ كەپسىز.- دەپتۇ موماي،- مەن ئەسلىدە پادىشاھنىڭ ئاشپىزى ئىدىم، بۇ پادىشاھ بىر بۆرگىنى ئادەمنىڭ قىنى بىلەن بېقىپ تۆگىدەك چوڭ قىلغان ئىدى، بۇ بۆرگىنى مەن بوغۇزلاپ تېرىسىنى سويۇپ بەرگەن ئىدىم، پادىشاھ ماڭا «بۇ ئىشنى ھېچكىمگە دېمەڭ» دېگەنتى، مەن بۇنى بىر تۇغقىنىمغا دەپ سالىتىمەن. پادىشاھ بىلىپ قېلىپ مېنى مۈشۈ چۆلگە پالىۋەتكەن ئىدى، پادىشاھ سىزدىن «بۇ نېمىنىڭ تېرىسى» دەپ سورىشى مۇمكىن. سىز دەرھال جاۋاب بەرسىڭىز، مېنى ئېيتىپ بېرىپتۇ دەپ گۇمانلىنىپ كاللامنى چاپىدۇ. شۇڭلاشقا ئۇزۇن ئويلىنىپ جاۋاب بېرىڭ، مۇشۇ سىناقتىن ئۆتۈپ كەتسىڭىز قالغىنى ئاسان- دەپتۇ. مۇنۇكۇمنىڭ خۇشاللىقىدىن جېنى ئىچىگە پاتماي، مومايىنى رەھمەتكە كۆمۈۋېتىپ ئارغىماقتەك چاپقىنىچە شەھەرگە يېتىپ بېرىپتۇ. شەھەر سىرتىدىن بىر ئېغىزلىق ئۆينى سېتىۋاپتۇ. بىر كۈن ھاردۇق ئېلىپ، ساقاللىرىنى ئالدۇرۇپ، ئېسىل كىيىملەرنى كىيىپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا كىرىپتۇ. ئۇنىڭ بېشىدىكى يارىلار ئاللىقاچان ساقىيىپ قويۇق چاچ ئۆسكەن ئىكەن، پادىشاھ كۆڭلىدىكى مۇنۇكۇم بىلەن ئالدىدىكى مۇنۇكۇمنىڭ ئوخشىمىغىنىغا قاراپ :

ــ مۇنۇكۇم دېگەن سىز ئەمەسقۇ دەيمەن، ــ دەپتۇ. بىر چەتتە قاراپ تۇرغان باقى بىلەن ساقى :

ــ جانابىي پادىشاھى ئالەم، خوجايىنىمىز مۇنۇكۇم مۇشۇ- دەپتۇ.

ــ مەن قىزىمنى مەشھۇر شاھلارغا، نى-نى باتۇر شاھزادىلەرگە بەرمىگەن ئىدىم- دەپتۇ پادىشاھ- بۈگۈن قىزىمغا خېرىدار بولۇپ كەپسىز، بوپتۇ كېرەك يوق، ئۈچ شەرتىمنى تولۇق ئادا قىلالىسىڭىز مېنىڭ كۆيئوغلۇم بولالايسىز. شەرتلىرىمدىن بىرىنى ئادا قىلالمىسىڭىز جاللاتلىرىم بېشىڭىزنى ئالىدۇ.

ــ قېنى دېسىلە ئالىيلىرى، شەرتلىرىنى ئادا قىلىشقا تەييارمەن. دەپتۇ مۇنۇكۇم. پادىشاھ بىر تېرىنى ئۇنىڭ ئالدىغا تاشلاپ :

ــ بۇ نېمىنىڭ تېرىسى؟ ــ دەپ سوراپتۇ، مۇنۇكۇم ھاڭ-تاڭ قالغان قىياپەتتە تېرىنى سىلاپ بېقىپتۇ، پۇراپ بېقىپتۇ، كۆتۈرۈپ ئېغىرلىقىنى دەڭسەپ بېقىپتۇ. ئۇزاق ئويلانغاندىن كېيىن:

ــ پادىشاھى ئالەم، بۇ بۆرگىنىڭ تېرىسىكەن، ــ دەپتۇ. بۇ جاۋابنى ئاڭلاپ پادىشاھ ھوشىدىن كەتكىلى تاس قاپتۇ. ئۇ ئەقلىنى يىغىپ :

ــ ئەمدى ئىككىنچى شەرتىمنى ئادا قىلىڭ، ــ دەپتۇ مۇنۇكۇمغا.

ــ پادىشاھ ئالەم، ئىككىنچى شەرتلىرى نېمىكىن؟

ــ قىزىمنى راسا يىغلىتىپ ئارقىدىنلا كۈلدۈرۈڭ، ــ دەپتۇ شاھ ۋە قىزىنى ئالتۇن راۋاق ئۈستىدە ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپتۇ. مۇنۇكۇم يۈز قەدەم كەينىگە يېنىپ يەڭلىرىنى شىمايلاپ مۇشتىنى تۈگۈپ غەزەپلەنگەن قىياپەتتە :

ــ ئاغزىڭىزغا ئون مۇشت ئۇرىمەن، يىغلىسىڭىز يۈز مۇشت ئۇرىمەن، ــ دەپ يۈگۈرۈپ كەلگەن ئىكەن، قىز قورقۇپ كېتىپ ئۈنلۈك يىغلىغان پېتى :

ــ خوش بولاي مېنى ئۇرماڭ، مېنى ئۇرماڭ، ــ دەپ يالۋۇرۇپتۇ. مۇنۇكۇم جايىدا توختاپ :

ــ قورقمىسىلا خېنىم، سىلىنى ئۇرغىچە ئۆزۈمنى ئۇرىمەن، چىداپ تۇرۇپ كۆزۈمنى ئۇرىمەن، كۆزۈم بولالمىسا يۈزۈمنى ئۇرىمەن- دەپ مەيدىسىگە بىر نەچچە مۇشت ئۇرغان ئىكەن، قىز ۋىلىقلاپ كۈلۈپتۇ. بۇنى كۆرگەن پادىشاھنىڭ كۆڭلى غەم ئەندىشە بىلەن بىئارام

بوپتۇ.

ــ ئەمدى ئۈچىنچى شەرتىم، ــ دەپتۇ پادىشاھ ــ سىزگە قىرىق توشقان بېرىمەن، توشقانلارنى ئىنسان ئايىقى بارمايدىغان جاڭگالغا ئېلىپ بېرىپ قىرىق كۈن باقىسىز. شەرت شۇكى بىرسىمۇ كەملىمەيدۇ، بىرسىمۇ كۆپەيمەيدۇ.

ــ خوپ بولغاي، ــ دەپتۇ مۇنۇكۇم. ئۇ تەييارلىقنى تاماملاپ قىرىق توشقاننى قۇمغا سولاپ يولغا چىقىپتۇ. بىر كېچە ـ كۈندۈز يول مېڭىپ، سۈلار شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇرغان، ئوت ـ چۆپلەر قويۇق ئۆسكەن بىر جايغا كەپتۇ. ئۇ توشقانلارنى مۇشۇ يەردە بېقىش نىيىتىگە كەپتۇ. يانغا قارىسا بىر تۈپ توغراقنىڭ تۈۋىدە بىر ئۆلۈك ئۆچكە ياتقىدەك، مۇنۇكۇم ئۆچكىنىڭ تېرىسىنى سويۇپ يۇڭىنى ئادالاپتۇ، توغراقنىڭ پۇتىقىدىن بىرنى ئېگىپ گەردىش ياساپتۇ، گەردىشكە ئۆچكە تېرىسىنى تارتىپ داپ كىرىپتۇ. مۇنۇكۇم داپنى چالغىلى تۇرۇپتىكەن، ھەپتىدىن بىرى نەغمە ـ ناۋا ئاڭلىيالماي زېرىكىپ قالغان توشقانلار قۇما ئىچىدە سەكرىشىپ ئۇسسۇل ئوينىغىلى تۇرۇپتۇ، مۇنۇكۇم قۇمنىڭ ئىشىكىنى ئېچىۋېتىپ داپنى چېلىۋېرىپتۇ، توشقانلار قۇمدىن قۇتۇلغىنىغا خۇشال بولۇپ ئېچىلىپ ـ يېيىلىپ ئۇسسۇلغا چۈشۈپتۇ. مۇنۇكۇم داپنى چېلىپ ھارغاندا، توشقانلارمۇ ئۇسسۇلدىن توختاپتۇ، مۇنۇكۇم :

ــ رەھمەت توشقانلىرىم، ئەمدى كەڭ ـ تاشا يايلاقلار. ئېسىڭلاردا بولسۇنكى ئەتراپىمىزدا بۆرە، تۈلكىلەر بار، يىراققا كېتىپ قالساڭلار سىلەرمۇ جىنىڭلاردىن ئايرىلىسىلەر، پادىشاھ مېنىڭمۇ بېشىمنى كېسىدۇ، داپ ئاۋازىنى ئاڭلىساڭلار دەرھال كېلىپ ئالدىمغا تىزىلىڭلار، ــ دەپتۇ. شۇنداق قىلىپ توشقانلار داپنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىسىلا مۇنۇكۇمنىڭ ئالدىغا تىزىلىپ ئۇسسۇل ئويناشقا ئادەتلىنىپتۇ. ئوتتۇز كۈن بولغاندا پادىشاھ خانىشقا :

ــ مۇنۇكۇم ئالدىنقى ئىككى شەرتنى ئاسانلا ئادا قىلىۋەتتى، قىرىق كۈن توشقاندا قىرىق توشقاننى تولۇق ئېلىپ چىقسا قانداق قىلارمىز؟ ــ دەپتۇ. خانىش :

ــ سىلە بىر كونا چاپاننى كىيىپ، كونا تەلپەك بىلەن يۈزلىرىنى نىقابلاپ، ساقاللىرىنى ياخپايتىپ، مايماق ئېشەككە مىنىپ، ئات كاللىسىدەك ئالتۇننى ئېلىپ مۇنۇكۇمنىڭ يېنىغا بارغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا:«غوجام، مېنىڭ ئۆيگە كېسىلىم بار ئىدى، تېۋىپنىڭ ئېيتىشىچە، سىلىنىڭ توشقانلىرىدىن بىرنى يېسەم كېسىلىم ساقىيىدىكەن، بۇ ئالتۇننى سىلىگە بېرەي، توشقانلىرىدىن بىرسىنى ماڭا تۇتۇپ بەرسىلە» دېسىلە ئۇ ئالتۇنغا پايلىماي سىلىگە بىر توشقان سېتىپ بېرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن توشقاندىن بىرسى كېمىيىپ مۇنۇكۇمنىڭ كاللىسىنى چېپىشقا باھانە تېپىلىدۇ.

پادىشاھ خوتۇنىنىڭ دېگىنى بويىچە قىياپىتىنى ئۆزگەرتىپ مايماق ئېشەككە مىنىپ مۇنۇكۇمنىڭ يېنىغا بېرىپ قارىسا، مۇنۇكۇم ئۇخلاپ ياتقۇدەك. پادىشاھ ئۇنىڭ بېشىغا ئېگىشىپ تۇرۇپ :

ــ ھوي غوجام، ھوي غوجام، مەن سىلىنى ئىزدەپ كەلدىم ـ دەپتۇ. مۇنۇكۇم ئەسنەپ، كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ ئويغىنىپتۇ. شاھنى تونۇغان بولسىمۇ تونۇمىغان بولۇۋېلىپ :

ــ نېمە ئىشلىرى بار ئىدى؟ ــ دەپ سوراپتۇ. پادىشاھنىڭ مەقسىتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن :

ــ مەن توشقان ساتالمايمەن، بۇ توشقانلار پادىشاھنىڭ، سىلىگە بىر توشقان سېتىپ بەرسەم پادىشاھ كاللامنى تېنىمدىن جۇدا قىلىدۇ. ـ دەپ تۇرۇۋاپتۇ. پادىشاھ ئات كاللىسىدەك ئالتۇننى بەرسىمۇ ئالغىلى ئۇنىماپتۇ، پادىشاھ يىغلاپ يالۋۇرغاندىن كېيىن مۇنۇكۇم :

ــ ئىنساننى ھاجەتتىن چىقىرىشمۇ ساۋابلىق ئىش. بوپتۇ، بىر توشقان بەرسەممۇ بېرەي، لېكىن بىر شەرتىم بار، ــ دەپتۇ. پادىشاھ خۇشال بولۇپ :

ــ ھەرقانچە ئېغىر شەرت بولسىمۇ ئورۇندايمەن، ــ دەپتۇ. مۇنۇكۇم :

ــ كىيىملىرىنى سېلىپ ئېشەك بولۇپ ئۆمىلەيدىلا. مەن سىلىگە مىنىمەن، ــ دەپتۇ. پادىشاھ يازلىقتا ئاپتاپ، قىشلىقتا جۈت ـ شىۋىرغان كۆرمىگەنلىكتىن تېرىسى ئاق، سېمىزلىكتىن بەدىنى لىغىرلاپ تۇرىدىكەن. مۇنۇكۇم پادىشاھقا مىنىپ بۇياقتىن ـ ئۇياققا، ئۇياقتىن ـ بۇ ياققا ھەيدەشكە باشلاپتۇ. پەستىن ئېگىزگە چىققاندا چىۋىق بىلەن كاسىسىغا ساۋىداپمۇ قويۇپتۇ. شاھ چەكسىز خورلۇق ھېس قىلسىمۇ بۇ يەردە ئۇنى ھېچكىم كۆرمىگەنلىكتىن تەسەللى تېپىپتۇ. ئۇ مۇنۇكۇم تۇتۇپ بەرگەن بىر توشقاننى قولىغا ئالغاندا «بىر توشقان كېمەيدى. ئارمانىمغا يېتىدىغان بولدۇم» دەپ خۇشاللىقنى باسالماي قاپتۇ. ئېشىكىگە مىنىپ توشقاننى قولتۇقىغا چىڭ قىسىپ يولغا چىقىپتۇ. ئېشىكى ئەللىك غۇلاچچە ماڭغاندىن كېيىن مۇنۇكۇم داپنى چالغىلى تۇرۇپتۇ. پادىشاھنىڭ قولتۇقىدىكى توشقان بىرلا كۆچەپ قېچىپ چىقىپ چاپقانچە مۇنۇكۇمنىڭ ئالدىغا تىزىلغان توشقانلار قاتارىدىن ئورۇن ئاپتۇ.

پادىشاھ «مىلىڭ بالادا قولۇمغا كەلگەن ئامىتىم قېچىپ كەتتى. يەنە بارسام مۇنۇكۇم ماڭا قاندا خورلۇقلارنى كۆرسىتەر؟ بۇ يەردىكى نان قېپى تۆلكە، بۆرىلەر توشقانلاردىن بىرنىمۇ تۇتۇپ يېيەلمەپتۇ. شۇنىڭغا قارىغاندا... ھەي...» دەپ ئۈمىدسىزلەنگەن ھالدا شەھەر تەرەپكە يولغا چىقىپتۇ. ئۇ خاپا ھالدا ئۆيىگە كىرسە خانىش:

—توشقاننى ئېلىپ چىقالىدىڭمۇ؟— دەپ سوراپتۇ. شاھ كۆزلىرى ياشقا تولغان ھالدا:

— مەندىن گەپ سورىماڭلار ـ دەپتۇ. خانىش:

—سۆيۈملۈك شاھىم، ماڭا ئىجازەت قىلغايلا. مەن مۇنۇكۇمنىڭ يېنىغا بېرىپ چوقۇم بىر توشقان ئېلىپ چىقالايمەن ـ دەپتۇ.

— مۇنۇكۇمنىڭ شەرتى چىڭ، بارماڭلار — دەپتۇ شاھ. لېكىن خانىش گېپىدىن يانماي تەييارلىقلىرىنى پۈتتۈرۈپ يولغا چىقىپتۇ.

— ئېرىمگە بەرگەن توشقانلىرى قېچىپ كېتىپتۇ. ئېرىم توشقان يېمىسە كېسىلى ساقايمايتتى. نېمە دېسىلە شۇنى بەرسەم، توشقاندىن بىرنى تۇتۇپ بەرسىلە غوجام ـ دەپتۇ خانىش مۇنۇكۇمنىڭ ئالدىغا كېلىپ، مۇنۇكۇم:

— بولمايدۇ. توشقاندىن بىرسى كېمەيسە شاھ كاللامنى چاپىدۇ ـ دەپتۇ كەسكىنلىك بىلەن.

بۇ خوتۇن تولا يىغلاپ يالۋۇرۇۋەرگەنلىكتىن، مۇنۇكۇم:

— ماقۇل توشقاندىن بىرنى سېتىپ بېرەي. لېكىن ئۆزلىرى تۇتۇۋالسىلا ـ دەپتۇ. بۇ خوتۇن خۇشال بولۇپ توشقانلارنى قوغلىغىلى تۇرۇپتۇ مۇنۇكۇم بولسا گاھ ئۇ دۈگدە، گاھ بۇ چوڭقۇرلۇقتا، ھېلى غەربتە، ھېلى شەرقتە دېيىنى دوگگۇلدىتىپ توشقانلارنى ئەگەشتۈرۈپ يۈرۈۋېرىپتۇ. توشقانلار تۇتۇق بەرمەي بۇ خوتۇننى ھاردۇرۇپ ئەرلىتىۋېتىپتۇ. بۇ خوتۇن:

— غوجام، مەن تۇتالمىدىم. ئۆزلىرى تۇتۇپ بەرگەن بولسىلا ـ دەپتۇ مۇنۇكۇمغا.

— نېمە ئامال مەن ھاجەتلىرىنى راۋا قىلاي دېدىم. لېكىن بىز ئىككى پۈتلۈق، توشقان تۆت پۈتلۈق،ـ دەپتۇ مۇنۇكۇم. شاھنىڭ خوتۇنى ئۆيگە قۇرۇق قول كىرىپتۇ. پادىشاھ ئۇنىڭغا:

— مەن سىلىنى بارماڭلار دېسەم ئۇنىمىدىڭلار. مۇشۇنداق بولاتتى زادى — دەپتۇ. نۆۋەتتە قىزىمۇ توشقاندىن بىرنى ئېلىپ چىقىش ئۈچۈن ئاتا ـ ئانىسىدىن ماقۇللۇق تەلەپ قىلىپتۇ. شاھ بىلەن خانىش:

— جېنىم بالام سىز بارماڭ. مۇنۇكۇمنىڭ شەرتى ئېغىر. سىز كۆتۈرەلمەيسىز دەپ نەسىھەت قىلىسىمۇ تەرسالىق بىلەن:

— بارىمەن دېدىم بارىمەن. توشقاندىن بىرنى ئېلىپ چىقماي قويمايمەن ـ- دەپ تۇرۇۋاپتۇ. شاھ بىلەن خانىش ئۇنى ئامالسىز يولغا سېلىپ قويۇپتۇ، قىز بىر كېچە كۈندۈز ئېشەككە مىنىپ مۇنۇكۇمنىڭ يېنىغا بېرىپتۇ. مۇنۇكۇم ئۇنى ئىللىق چىراي بىلەن قارشى ئاپتۇ. قىزنىڭ ئىلتىماسىنىڭ تېگىگە يەتكەندىن كېيىن:

—سىزگە بىر توشقان بەرسەم پادىشاھ جېنىمنى ئالىدۇ، ـ دەپ ئات كاللىسىدەك ئالتۇنغىمۇ نەزەر سالماپتۇ. قىز:

— نېمە دېسىڭىز شۇنى بېرەي،— دەپ يالۋۇرۇپتۇ. مۇنۇكۇم:

—كېيىملىرىڭىزنى سېلىپ مېنى مۇرادىمغا يەتكۈزۈڭ،—دەپتۇ. قىز:

—مەن تېخى توي قىلمىغان تۇرسام، سىزنى قانداقمۇ مۇرادىڭىزغا يەتكۈزەلەيمەن؟مۇشۇ گەپنىلا دېمەڭ،—دەپتۇ.

— ئەمىسە مەندىن توشقان تەلەپ قىلماڭ — دەپتۇ مۇنۇكۇم.

قىز «بىر توشقاننى قولغا كەلتۈرسەم، مۇنۇكۇمنىڭ بېشى ئېلىنىدۇ. شۇ چاغدىلا شاھزادىلەردىن بىرسىگە تېگەلەيمەن» دەپ ئويلاپ مۇنۇكۇمنىڭ تەلىپىگە ماقۇل دەپتۇ. چىرايى كۈز يوپۇرمىقىدەك سارغايغان قىزنىڭ كۆكرىكىگە سۇ سېپىپ ئۇنى ھوشىغا كەلتۈرگەندىن كېيىن، مۇنۇكۇم بىر توشقاننى تۇتۇپ قىزغا بېرىپتۇ. قىز توشقاننى قولتۇقىغا قىسىپ، ئېشىكىگە مىنىپ يولغا مېڭىپتۇ. ئۇ ئانچە ئۇزاقفا بارمىغاندا مۇنۇكۇم داپنى چالغىلى تۇرۇپتىكەن، قىزنىڭ قولتۇقىدىكى توشقان بىر سىلكىنىپلا يەرگە چۈشۈپ، مۇنۇكۇمنىڭ ئالدىدىكى توشقانلار سېپىگە تىزىلىپ تۇرۇپتۇ، قىزمۇ مۇنۇكۇمنىڭ ئالدىغا قايتا بېرىشقا جۈرئەت قىلالماپتۇ، ئۇ ئۈمىدسىز، سولغۇن كەيپىياتتا ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئالدىدا پەيدا بولۇپ ھۆركىرەپ يىغلاپ كېتىپتۇ. شاھ بىلەن خانىش قىزنىڭ كۈز يوپۇرمىقىدەك سارغايغان چىرايىدىن ئەھۋالنى چۈشىنىپتۇ. شاھنىڭ ۋەھىمىسى كۈچىيىپ يۈرىكى دۈپۈلدەپ ئۇيقۇسى ئازىيىپتۇ، ئىشتىھاسى كېمىيىپتۇ. ھايىتنى ـ ھۇيت دېگۈچە قىرىق كۈن توشۇپ، مۇنۇكۇم قىرىق توشقان بىلەن شاھنىڭ ئالدىدا ھازىر بولۇپتۇ. شاھ ھەسرەتلىك نەپەس ئېلىپ ئىلاجسىز ھالدا:

—بوپتۇ. سىز كېتىپ ئىككى ئەلچىڭىزنى ئەۋەتىڭ، ـ دەپتۇ. مۇنۇكۇم ئۆيىگە بېرىپ باقى بىلەن ساقىيغا:

— پادىشاھنىڭ شەرتلىرىنى تولۇق ئادا قىلدىم. سىلەر بېرىپ توي تەييارلىقلىرىنى مەسلىھەتلىشىپ كېلىڭلار، — دەپتۇ. باقى بىلەن ساقى شاھنىڭ ئالدىدا تازىم قىلىپ تۇرۇپ:

— جانابىي پادىشاھى ئالەم. توينىڭ تەييارلىقىغا قانداق تەلەپلىرى باركىن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— خوجايىنىڭلارغا ئېيتىڭلار، — دەپتۇ پادىشاھ غادىيىپ تۇرۇپ، — ئوردامنىڭ ئالدىدىن ئۆيىگىچە سەككىز غۇلاچ كەڭلىكتە يول ئالسۇن، يولنىڭ تېگىنى ئۈچ غۇلاچ ئېگىزلىتىپ، يولنىڭ يۈزىنى كۈمۈشتە تەكشى سۇۋۇسۇن، يولنىڭ ئىككى تەرىپىگە تۆت مىڭ تۈپ مېۋە كۆچىتى كۆكلەتسۇن. يېڭىدىن قەسىر-ساراي سالسۇن. ئىچى ئالتۇن بىلەن، سىرتى كۈمۈش بىلەن سۇۋالسۇن، تۈۋرۈكلىرى مەرۋايىتتىن، دېرىزىلىرى ياقۇتتىن بولسۇن. بۇ ئىشلار بەش كۈندە تاماملانسۇن، يۇقىرىدىكى ئىشلاردىن قىلچە نۇقسان كۆرۈلسە، ياكى مۇددىتىدىن ئازراق ئۆتۈپ كەتسە توينى قىلمىغىنىمىز قىلمىغان.

باقى بىلەن ساقى پادىشاھقا سالام ياندۇرۇپ قايتىپتۇ. مۇنۇكۇم ئۇلارنىڭ جاۋابىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن:

— بۇ شەرتلەرنى جەزمەن ئورۇندىيالايمەن، — دەپتۇ. ئۇ شەھەرنىڭ ئىشلەمچىلەر بازىرىغا كىرىپتۇ. ئالۋان-سېلىقنىڭ كۆپلۈكىدىن كۈرمىڭ ئادەم پاناھسىز ئىشلەمچىلەرگە ئايلىنىپ كەتكەنىكەن. مۇنۇكۇم باھادا ئىشلەمچىلەرنىڭ دېگىنىگە ماقۇل بولۇپ ئىككى مىڭ ئىشلەمچى بىلەن يول ياساشقا، ئىككى مىڭ ئىشلەمچى بىلەن مېۋىلىك كۆچەت سېلىشقا، ئىككى يۈز ئۇستا بىلەن ئۆي سېلىشقا باشلاپتۇ. خاسىيەتلىك چاي خالتىسى يېتەرلىك خىراجەت بىلەن تەمىنلەۋېرىپتۇ. ئۆي، يوللار تەلەپكە لايىق پۈتۈپتۇ، كۆچەتلەرمۇ رەتلىك تىكىلىپ، ھەر خىل مېۋىلەر شاخلار ئارىسىدا پارقىراپ كۆرۈنۈپتۇ. مۇنۇكۇم ئۇلارنىڭ ئىش ھەققىنى دېگىنىدىن ئارتۇق تارقىتىپ چىرايلىق ئۇزىتىپ قويۇپتۇ. ئۇ باقى بىلەن ساقىنى ئىش تۈگىگەنلىكىنى، پادىشاھنى كۆزدىن كۆچۈرۈشكە تەكلىپ قىلغانلىقىنى بىلدۈرۈشكە ئەۋەتىپتۇ.

باقى بىلەن ساقى مېۋىلىك باغنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ياسالغان كۈمۈش يولدا مېڭىپ شاھنىڭ ئالدىغا كىرىپتۇ. شاھ ئۇلارنىڭ گېپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن يۈرىكى شامال سوققان ياپراقتەك تىترەپتۇ. خانىشنى، ۋەزىر-ۋۇزرالارنى باشلاپ چىقىپ قارىغۇدەك بولسا، يول بىلەن ئۆينىڭ يالت-يۇلت پارقىرىشىدىن ئۇلار كۆزلىرىنى ئاچالماي قاپتۇ. ئەقلى لال، چىرايى سامان بولغان پادىشاھ باقى بىلەن ساقىغا:

— ئەمدىكى سۆزۈم شۇكى، مەن بايلىققا قىزىمنىڭ خېرىدارىغا تەڭ كېلەلمىگۈدەكمەن. خەزىنەمدە ئالتۇن-كۈمۈشلەر ئۈنچىۋالا جىق ئەمەس. توينى بەك چوڭ قىلمايلى، — دەپتۇ. ئۇيان تارتىشىپ، بۇيان تارتىشىپ توينىڭ ۋاقتى مۇقىمدىلىپتۇ. توي باشلىنىپ يەتتە كۈندىن كېيىن پادىشاھنىڭ داستىخىنى ئاخىرلىشىپتۇ. مۇنۇكۇم شەھەر خەلقىگە:

— توينىڭ كېيىنكى ئوتتۇز كۈندە بارلىق يەپ-ئىچىش، ئويۇن-تاماشا مەندىن بولىدۇ، — دەپ جاكارلاپتۇ. توينىڭ داۋامىنى ئۆزىنىڭ قەسىر-سارىيىغا يۆتكەپ شۇ قەدەر مېھمان قىپتۇلەركى، توپ-توپ قوي-كالىلار سويۇلۇپ، ئاش-گۆشلەر ئارقا-ئارقىدىن تارتىلىپتۇ. مېھمانلار يېمىگەن غىزا، ئىچمىگەن شەربەت، قىلمىغان ئويۇن-تاماشا، شوخلۇق قالماپتۇ. قىرىقىنچى ئاخشىمى مۇنۇكۇم شاھنىڭ قىزىنىڭ قولىدىن يېتىلەپ ھۇجرىسىغا كىرىپ كېتىپتۇ.

توي بولۇپ ئۈچ ئاي ئۆتكەندىن كېيىن مۇنۇكۇمنىڭ خوتۇنى:

— ئاتا-ئانامنى سېغىنىپ قالدىم، — دەپ ئېرىنىڭ رۇخسىتى بىلەن ئۆيىگە بېرىپتۇ. خانىش قىزى قايتىدىغان چاغدا:

— ۋاي بالام، ئېرىڭ نېمىگە تايىنىپ شۇنچە كۆپ بايلىققا ئىگە بولغانلىقىنى بىلىۋالساڭ بوپتىكەن، — دەپتۇ. مۇنۇكۇمنىڭ خوتۇنى ئۇنىڭ قۇچىقىدا يېتىپ:

— ھەي مۇسۇلمان، سىلە خەجلەپ تۈگىمەيدىغان ئالتۇن-كۈمۈشلەرنى نەدىن تاپسىلەر؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ھەي گالۋاڭ خوتۇن، — دەپتۇ مۇنۇكۇم، — ئاۋۇ قوزۇققا ئىلىقلىق تۇرغان چاي خالتىنى كۆرمىدىڭلىما؟ قولۇمنى سالساملا ئىچىدىن يېتەرلىك ئالتۇن-كۈمۈشلەر چىقىۋېرىدۇ. پۇل دېگەن سەتنى ئۇز قىلىدۇ، ئەگرىنى تۈز قىلىدۇ. ئەللىكنى يۈز قىلىدۇ، شاھنىڭ قىزىنى مەندەك يېتىمغا خوتۇن قىلىدۇ، قىشلىقتا دۆۋە-دۆۋە ئوتۇن قىلىدۇ. مۇنۇكۇمنىڭ خوتۇنى پۇرسەت كۈتۈپ بىر كېچىسى چاي خالتىنى ئوغرىلاپ ئانىسىنىڭ يېنىغا بېرىۋاپتۇ. مۇنۇكۇمدىن ئايرىلىسىلا خاسىيىتىنى يوقىتىدىغان بۇ چايخالتىسى خانىشقا قىلچە نەپ بەرمەپتۇ، لېكىن چايخالتىسىدىن ئايرىلىپ قالغان مۇنۇكۇم يول، باغ، قەسىر-سارايلىرى غايىب بولۇپ كونا تاملىقتا يېتىپتۇ. ئۇ:

— خوتۇنىنىڭ ھىيلىگەرلىكىغۇ بۇ. خەپ! — دەپتۇ-دە ئىككى خىزمەتچىسىنىڭ يېنىغا بېرىپ:

— مەن ئەسلىدىكى نامراتلىقىمغا يېنىپ قالدىم. ماڭا

يارده‌م قىلىڭلار، ـ ده‌پتۇ. ساقى بىله‌ن باقى:
ـ هه‌ي ئاغىنه، بىزنى به‌رگه‌ن پۇلۇڭدىن جىقراق خىزمه‌تكه سالدىڭلا ئه‌مدى بىزده هه‌ققىڭلار يوق، ـ ده‌پتۇ. مۇنۇكۇم:
ـ ره‌هىم قىلىڭلار ئاغىنىله‌ر، ـ ده‌پ يالۋۇرۇپتۇ. ساقى بىله‌ن باقى مه‌سلىهه‌تلىشىپ جىلتىكنى ئۇنىڭغا بېرىپتۇ. په‌رىزات قىز بۇ جىلتىكگه هه‌م چىغ قالپاققا ئه‌پسۇن ئوقۇپ مۇنۇكۇمنىڭ قولىغا ئۆتكه‌ندىلا كارامىتىنى كۆرسىتىدىغان قىلىپ قويغانىكه‌ن، مۇنۇكۇم جىلتىكنى كىيىپ شۇنداق قارىسا، ئۇنىڭ ئالدىدا تۆت مىڭ له‌شكه‌ر قاتار ـ قاتار سه‌پ بولۇپ تۇرغىده‌ك. مۇنۇكۇم كۆڭلىده «بۇ جىلتىكنىڭ خاسىيىتى قالتىسكه‌ن» ده‌پ خۇشال بولۇپ، ئه‌سكه‌رله‌رنى باشلاپ شاه ئوردىسىنىڭ ئالدىغا بارغانىكه‌ن، شاه ۋه‌زىرلىرى بىله‌ن قاچ ـ قاچ بولۇپ شه‌هه‌رنى بىكارلاپ قويۇپتۇ. مۇنۇكۇم قىينانىسى بىله‌ن خوتۇنىدىن چايخالتىسنى قولىغا ئېلىشى بىله‌ن يول، باغ، قه‌سىر ـ سارايلىرى ئه‌سلىگه كه‌پتۇ. مۇنۇكۇم خوتۇنى بىله‌ن ئۆيىگه قايتىپتۇ. ئۇ جىلتىكىسىنى سالغانىكه‌ن، تۆت مىڭ ئه‌سكه‌ر غايىب بوپتۇ. ئۈچ ئايدىن كېيىن خوتۇنى ئېرىدىن:
ـ دادام بىله‌ن ئانامنى كۆرگۈم كېلىپ قالدى، ـ ده‌پ رۇخسه‌ت ئېلىپ ئۆيىگه بېرىپتۇ. ئانىسى:
ـ قىزىم، ئېرىڭ ئۇنچىۋالا ئه‌سكه‌رله‌رنى نه‌دىن تاپقانلىقىنى سوراپ باققىن، ـ ده‌پتۇ. خوتۇنى ئېرىنىڭ قۇچىقىدا يېتىپ:
ـ ئه‌سكه‌رله‌رنى نه‌دىن كه‌لتۈرۈپ نه‌گه ئه‌ۋه‌تىۋه‌تتىڭلار؟ ـ ده‌پ سوراپتۇ.
ـ جىلتىكنىڭ خاسىيىتى بولماي نېمه؟ ـ ده‌پتۇ مۇنۇكۇم. خوتۇنى ئۇنىڭ ئۇخلاپ قالغان ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ جىلتىكنى ئوغرىلاپ ئۆيىگه كېتىپتۇ. مۇنۇكۇم باغ، يول، قه‌سىر ـ سارايلىرى غايىب بولۇپ، كونا تاملىقتىن ئويغىنىپتۇ. ئۇ باقى بىله‌ن ساقىنى ئىزده‌پ تېپىپ، بېشىغا كه‌لگه‌ن قىسمه‌تله‌ردىن شىكايه‌ت قىلغاندىن كېيىن، ئۇلاردىن خه‌يرى خاهلىق قىلىشنى ته‌له‌پ قىپتۇ. ئۇ ئىككىسىنىڭ ھېسداشلىقى قوزغىلىپ چىغ قالپاقنى مۇنۇكۇمغا بېرىپتۇ. مۇنۇكۇم چىغ قالپاقنى بېشىغا كىيىشى بىله‌ن ئۆزىگه كۆرۈنىدىغان، باشقىلارغا كۆرۈنمه‌يدىغان بولۇپ قاپتۇ. ئۇ بىر ئاشخانىغا بېرىپ قورسىقىنى گۆش ـ پولۇ بىله‌ن راسا تويغۇزغاندىن كېيىن ئوردىغا كىرىپتۇ، پادىشاه ھۇجرىسىدا ئۇخلاشقا ياتقانىكه‌ن، مۇنۇكۇم ئۇنىڭ كۆكسىگه ده‌سسه‌پ سه‌كرىگىلى تۇرۇپتۇ. پادىشاه ئۇنى كۆره‌لمىگه‌نلىكتىن نېمه ئىش بولغانلىقىنى بىله‌لمه‌ي:
ـ ۋايجان كۆتۈره‌لمىدىم. ۋايجان، ئاده‌م بارمۇ؟ ـ ده‌پ ۋارقىرىغىلى تۇرۇپتۇ. ئېرىنىڭ ئه‌نسىز ئاۋازىنى ئاڭلىغان خانىش يۈگۈرگه‌نچه ھۇجرىغا كىرىپ ئېرىدىن باشقا ھېچكىمنى كۆرمه‌پتۇ. مۇنۇكۇم خانىشنى كۆرۈپ شاهنىڭ مه‌يدىسىگه تېخىمۇ قاتتىق ده‌سسىگىلى تۇرۇپتۇ. شاه تېخىمۇ ئازابلىق ۋارقىرىغىلى تۇرۇپتۇ. خانىش «جىن چاپلاشقان ئوخشايدۇ، باشقا ئۆيگه يۆتكه‌ي» ده‌پ ئاده‌م بۇيرۇپ كۆتۈرگه‌نچه يه‌نه بىر ھۇجرىغا ئېلىپ چىقىپتۇ.
ـ شۈكرى خۇدايىم، كاساپه‌ت جىن تاس قالدى جېنىمنى ئالغىلى... ده‌پتۇ پادىشاه خانىشقا، ئاندىن خانىشتىن يېنىدىن كه‌تمه‌سلىكنى ته‌له‌پ قىپتۇ. بىر ده‌مدىن كېيىن مۇنۇكۇم پادىشاهنىڭ ئىككى قولىدىن تۇتۇپ چاقپىله‌كته‌ك چۆرگىله‌تكىلى تۇرۇپتۇ. پادىشاه:
ـ كىمسه‌ن؟ مېنى ئارامىمدا قوي، ـ ده‌پ ۋه‌ھىمىلىك ۋارقىراپتۇ. خانىش ئېرىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ يېنىغا بارغانىكه‌ن، مۇنۇكۇمنىڭ بىر شاپىلىقى بىله‌ن تامغا چاپلىشىپ قاپتۇ. مۇنۇكۇم بېشىدىن چىغ قالپىقىنى ئېلىپ ئۆزىنى ئاشكارىلاپتۇ ـ ده:
ـ هوي قېرى، مېنى تونۇدۇڭمۇ؟ ـ ده‌پ سوراپتۇ. خانىش:
ـ تونۇدۇم، تونۇدۇم. سىله كۈيئوغلۇم مۇنۇكۇم غوجامكه‌نلا، ـ ده‌پتۇ.
ـ چايخالتامنى، جىلتىكه‌منى، خوتۇنۇمنى ده‌رهال تاپشۇرمىساڭ ئېرىڭ بىله‌ن سېنى جه‌هه‌ننه‌مگه ئۇزىتىپ قويىمه‌ن، ـ ده‌پتۇ مۇنۇكۇم.
ـ هازىر تاپشۇراي غوجام، هازىر تاپشۇراي، ـ خانىش شۇنداق ده‌پ پالاقشىپ هه‌ممىنى جايىدا تاپشۇرۇپتۇ. مۇنۇكۇمنىڭ كۆمۈش يوللىرى، مېۋىلىك باغلىرى، قه‌سىر ـ سارىيى ئه‌سلىگه كه‌پتۇ. ئۇ ئۆيىده خوتۇنى بىله‌ن ئۈچ ئاي بىلله تۇرغاندىن كېيىن خوتۇنى:
ـ ئانام بىله‌ن دادامنى سېغىنىپ قالدىم، ـ ده‌پ ئېرىدىن رۇخسه‌ت ئېلىپ ئۆيىگه بېرىپتۇ. بۇ قېتىم ئانىسى قىزىنى قاتتىق ساۋىداپ:
ـ چايخالتىنى، جىلتىكنى، چىغ قالپاقنى بىراقلا ئوغرىلاپ كه‌ل، ـ ده‌پ ئه‌ۋه‌تىپتۇ. تېخىچه مۇنۇكۇمدىن قۇتۇلۇپ بىره‌ر شاهزادىگه ياتلىق بولۇش خىيالىدا يۈرگه‌ن بۇ خوتۇن كۆڭلىگه خىلمۇ خىل ھىيله‌رنى پۈكۈپ ئېرىنىڭ ئۆيىگه كه‌پتۇ.
ـ سىزنىڭ كارامىتىڭىز به‌ك تولىكه‌ن، مه‌ن سىزنىڭ خوتۇنىڭىز بولغىنىمغا بارغانسېرى خۇشال بولىۋاتىمه‌ن، مه‌ندىن هه‌قىقىي سىرىڭىزنى يوشۇرمىسىڭىز، دادام سىزنى

تەخت ۋارىسى قىلماقچى بولدى، ـ دەپتۇ مەلىكە ئېرىغا. مۇنۇكـۇم لام ـ جىـم دېمەپتـۇ. لېكىن، بـۇ خوتـۇن نـاز ـ كەرەشمە تـورلىرىنى كەڭ يېيىـپ، ئىشق ـ مۇھەببەتنىـڭ شەربەتلىرى بىلەن ئېرىنى مەسـت قىلىۋېتىپتـۇ. مۇنۇكـۇم شېرىن ئۇيقۇغا غەرق بولغاندا، خوتـۇنى شـەپە چىقارمـاي ئورنىدىن تۇرۇپ چىغ قالپاق، جىلىتكە، چايخالتىلىرىنى ئـوغرىلاپ دادىـسىنىڭ ئوردىـسىغا بېرىۋاپتـۇ. مۇنۇكـۇم ئويغىنىپ ئۆزىنىڭ كونا تام تۈۋىدە ياتقىنىنى كۆرۈپتۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ سـاددىلىقىغا پۇشايمان قىلىـپ يىغلاپتـۇ. بـاقى بىـلەن سـاقى ئۇنىـڭ يـاردەم سوراشـلىرىغا پىـسەنتمۇ قىلماپتۇ. مۇنۇكـۇم ئـاچلىقتىن ئۆلۈشكە رازى بولۇپتـۇكى تىلەمچىلىك قىلىشتىن نومۇس قىپتۇ. ئەتـىدىن باشلاپ ئىشلەمچىلەر بازىرىغا بېرىـپ پۇل تېپىش نىيىتىگە كەپتۇ. ئۇ كېچىـسى ئۇخلاۋېتىـپ بىـر چـۈش كۆرۈپتـۇ. چۈشـىدە ئاقساقال بوۋاي ئۇنىڭغا:

ــ سـەن خوتۇنۇڭغـا ئىـشىنىپ نەس باسـتى. بـۇ هالىڭـدىن قۇتـۇلاي دېـسەڭ سـەهەر ئويغىنىـپ قىـبلە تەرەپكە قاراپ بىر كېچە ـ كۈندۈز يول ماڭغىن. شۇ چاغدا بىر باغقا يولۇقسەن. بۇ باغدا هەرخىل مېۋىلەر هەم مېۋە قاقلىرى بار، سەن هۆل مېۋە يېمەي مېۋە قاقلىرىنى يەپ، شۇ باغقا پەرۋىش قىلساڭ خار بولماي ياشايسەن، ــ دەپتـۇ. مۇنۇكـۇم ئويغىنىـپ قارىـسا ئاقـساقال بـوۋاي كۆرۈنمەپتۇ. مۇنۇكۇم هىممەت كەمىرىنى بـاغلاپ قىـبلىگە قاراپ يولغا چىقىپتۇ. بىر كېچە ـ كۈندۈز يـول ماڭغانـدىن كېيىن راست دېگەنـدەك بىـر بـاغنى كۆرۈپتـۇ. ئـۇ باغقا كىرىپ بىر تال نەشپۈت يېگەن ئىكەن، بايتالغا ئايلىنىپ قـاپتۇ. «هەي ئىـست، مەن ئـادەم ئىـدىم، بايتـال ئـات بولـۇپ قالـدىمغۇ» دەپ نەشـپۈت يېگىـنىگە پۇشـايمان قىپتـۇ. ئـۇ بىـر تـال نەشـپۈت قىـقى يـېگەنىكەن، ئـادەم سىياقىغا قايتىپتۇ. ئۇ بىر ئىشنى كـۆڭلىگە پۈكـۈپ بىـر سېۋەتكە ئالما بىلەن نەشپۈت، بىر سـېۋەتكە ئالما قىقى بىلەن نەشـپۈت قىقـى قـاچىلاپ شـەهەرگە كىرىپتـۇ ـ دە، شـاه كېلىـدىغان يولنىـڭ دوقمۇشـىدا باققـال بولـۇپ ئولتۇرۇپتۇ. بىر ئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن شاه قىزىنى ئەگەشتۈرۈپ كەپتۇ. كونـا چاپـان، جـۇل ـ جـۇل تەلـپەك كىيىـپ تونۇغۇسـىز بولـۇپ كەتـكەن مۇنۇكـۇم ئۇلارنىـڭ ئالدىغا كېلىپ:

ــ شاه ئالىيلىرى يەپ باققايلا، ـ دەپ قىپىناتىسىغا بىر ئالما، خوتۇنىغا بىـر نەشـپۈت بېرىپتـۇ. قوللىرىـدىكى مېۋىنى يەپ بولۇپلا شاه ئايغىرغا، قىزى بايتالغا ئايلىنىپ قاپتۇ. ئايغىر بايتالنى قـوغلاپ، بايتـال ئـايغىرنى تېپىـپ شەهەر رەستىسىنى پاراكەندە قىلىپ تاغ تەرەپكە چىقىـپ كېتىپتـۇ. مۇنۇكـۇم ئۇچرىغـانلا ئەرلەرگە ئالمـا، ئاياللارغـا نەشپۈت يېگۈزىۋېرىپتـۇ. شـەهەر كـوچىلىرى قوغلاشقان، تېپىشكەن، چىشلەشكەن، پومۇداقلاشقان ئايغىر، بايتاللار بىـلەن تولـۇپ كېتىپتـۇ. شـاهنىڭ ۋاقتىـدا ئـۆيىگە قايتمىغانلىقىدىن ئەنسىرەپ ئۇنى ئىزدەپ چىققان خانىش كوچىـدىكى سـەنچىلىكنى كـۆرۈپ ياقىـسىنى چىـشلەپلا قـاپتۇ. ئـۇ بىـر دوكانـداردىن شـاه بىـلەن قىزىنـى سـورىغانىكەن، بىـرى ئـايغىر، بىـرى بايتـال بولـۇپ قوغلاشقىنىچە تـاغ تەرەپـكە چىقىـپ كەتكىنىنـى سۆزلەپ بېرىپتـۇ. «مۇنۇكۇمنىـڭ ئويۇنـدۇر بـۇ» دەپ ئويلىغـان خانىش ئوردىدىكى ۋەزىر ـ ۋۇزرالارنى يىغىپ:

ــ كىم شاه بىلەن قىزىمنى تاغدىن قايتۇرۇپ كەلسە ئات كاللىسىدەك ئالتۇن بېرىمەن، ـ دەپتۇ. ئەمما:

ــ مەن قايتۇرۇپ كېلىمەن، ـ دېگۈچىلەر چىقماپتۇ. ئـاخىرى مۇنۇكـۇمنى چـاقىرتىپتۇ. مۇنۇكـۇم خانىـشنىڭ ئەمرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن شاهانە تون، شاهانە ئـات ـ مەپە تەلەپ قىپتۇ. تەلىپى بەجا كەلتۈرۈلگەنـدىن كېيىن خانىشقا:

ـ شەهەردىكى چـوڭ ـ كىچىـك ئەمەلـدارلار، بـارلىق پـۇقرالار مېنىـڭ پادىـشاه بولۇشـۇمغا مـاقۇل بـولمىغىچە پادىـشاه بىـلەن قىـزى ئـايغىر، بايتـال بولـۇپ تاغـدا قوغلىشىپ يۈرۈۋېرىدۇ، ـ دەپتـۇ. خـانىش هەمـمە ۋەزىـر ـ ۋۇزرالارنـى، پـۇقرالارنى مۇنۇكۇمنىـڭ پادىـشاه بولۇشـىغا ماقۇل كەلتۈرۈپ تىلخەت يازدۇرۇپتۇ. ئاندىن مۇنۇكۇمنىـڭ تەلىپـى بىـلەن چايخالتـا، چىـغ قالپـاق، جىلىتكىلەرنـى قايتۇرۇپ بېرىپتۇ. كۆمۈش يوللار، مېۋىلىك باغلار، قەسىر ـ سارايلار ئەسلىگە كەپتۇ. مۇنۇكۇم ئايغىرلارغا ئالما قىقى، بايتاللارغـا نەشـپۈت قىقـى يېگـۈزگەن ئىـكەن، ئەرلـىك، ئاياللىق سۈپىتى ئەسلىگە كەپتۇ، مۇنۇكـۇم ئـۆزىنى شـاه دەپ جاكـارلاپ خەزىنىلەرنىـڭ ئـاچقۇچلىرىنى، شـاهلىق تـامغىنى تاپـشۇرۇۋاپتۇ، ئەسـلىدىكى پادىـشاهنى ئـات باقارلىققا، قىزىنى دېدەكلىككە ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ. بـاقىنى ۋەزىرلىككە، ساقىنى خەزىنە باشقۇرۇشقا قويۇپتۇ. ئـۆزىگە ۋاپـادار بىـر قىزنـى نىكاهىغا ئېلىـپ قىرىـق كـۈن تـوي قىپتـۇ، شـەهەرنى ئـادىللىق بىـلەن سـوراپ، يـۇرتنى ئاۋاتلىققا، پۇقرالارنى باياشاتلىققا يۈزلەندۈرۈپتۇ.

سـۆزلەپ بەرگـۈچى: قارىقـاش ناهىيىلىـك ۋەتەنپەرۋەرلىـك تازىلىق كومىتېتىدىن **ياقۇپ مەڭلىك**

نەشـرگە تەييـارلىغۇچى: قارىقـاش ناهىيىلىـك مەدەنىـيەت يۇرتىدىن **مۇهەممەتئىمىن قۇربان**

تەهرىرى: **داۋۇت ئادىل**

# بېلىقچىنىڭ ئوغلى

(چۆچەك)

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا تارىم دەرياسىنىڭ بويىدا بىر بېلىقچى ياشىغانىكەن، ئۇنىڭ قاسىم ئىسىملىك بىر ئوغلى بولغانىكەن. ئاتا ـ بالا دەرياغا تور سېلىپ بېلىق تۇتۇپ تىرىكچىلىك قىلىدىكەن، كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئىككىيلەن دەرياغا تور تاشلاپتۇ. تورنى يىغىپ قارىسا بىر تالمۇ بېلىق چىقماپتۇ. ئىككىنچى قېتىم تاشلىغان تورغىمۇ بېلىق چىقماپتۇ. ئۇلار:

ــ بۈگۈن بېلىقتىن رىزقىمىز يوقكەن، قايتىلى، ــ دېيىشىپ مەيۇس هالدا كەتمەكچى بولۇپتۇ. شۇ چاغدا دادىسىنىڭ خىيالىدىن بىر ئوي كېچىپتۇ، ئۇ:

ــ تەۋەككۈل قىلىپ يەنە بىر قېتىم تور تاشلاپ باقىلى، ــ دەپتۇ، ئوغلى بىلەن تورنى كەڭ يېيىپ سۇغا تاشلاپتۇ، بۇ قېتىم تورغا چوڭ بىر بېلىق چىقىپتۇ. بۇ بېلىقنى تارتىپ قىرغاققا چىقىرىشقا ئاتا ـ بالا ئىككىيلەننىڭ كۈچى يەتمەپتۇ. دادىسى:

ــ سەن تورنى مەزمۇت تارتىپ تۇرغىن. مەن پالتا تېپىپ كېلەي، بېلىقنى پارچىلاپ ئالىلى، ــ دەپتۇ ـ دە، ئۆيىگە كېتىپتۇ. بېلىق:

ــ ئەي يىگىت، رەهىم قىلىپ مېنى قويۇۋەتكىن، سېنىڭمۇ بېشىغا ئېغىر كۈنلەر كېلىپ قالسا، مەندىن ساڭا ياردەم يەتسە ئەجەب ئەمەس، ــ دەپتۇ. قاسىم ئىچ ئاغرىتىپ بېلىقنى قويۇۋېتىپتۇ، دادىسى يېتىپ كېلىپ:

ــ بېلىق قېنى؟ ــ دەپ سوراپتۇ.

ــ قويۇۋەتتىم، ــ دەپتۇ قاسىم. دادىسى تىرىكىپ:

ــ قولغا كەلگەن ئامەتنى چىڭ تۇتالمايدىغان لامزەللە بالا بولدۇڭ. كۆزۈمدىن يوقالغىنا، ــ دەپ هاقارەتلەپتۇ. قاسىم دادىسىدىن يامانلاپ تەنها مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، خېلى ئۇزاق ماڭغاندىن كېيىن هېرىپ كېتىپ، بىر تۈپ توغراق تۈۋىدە ئارام ئېلىشقا ئولتۇرۇپتۇ. بىر دەمدىن كېيىن ئۇنى ئۇيقۇ بېسىپتۇ، ــ بىراق قۇش باللىرىنىڭ ۋەهىملىك چىرقىراشلىرىدىن ئويغىنىپ كېتىپتۇ. قارىسا چوڭ بىر يىلان ئالدىدىكى توغراققا يۆگىلىپ يۇقىرىغا چىقىۋاتقىدەك. توغراق شاخلىرى ئارىسىدىكى چاڭگىدا ياتقان بىر جۈپ قۇش بالىسى يىلاندىن قورقۇپ هەسرەتلىك سايراۋاتقانىكەن. يىلان قۇش چاڭگىسىغا تېخىمۇ يېقىنلىشىپ بىر غېرىچلا ئارىلىق قاپتۇ. قاناتلىرىغا تېخى پەي چىقمىغان قۇش باللىرى بىچارىلەرچە نالە ـ پەرياد قىلىشقىلى تۇرۇپتۇ. قاسىم قۇش باللىرىغا ئىچ ئاغرىتىپ يېنىدىكى بىر تاشنى قولىغا ئېلىپلا يىلاننىڭ بېشىغا نەقلەپ ئېتىپتۇ. يىلان شۇئان يەرگە چۈشۈپ ئۆلۈپتۇ. قۇش باللىرى خۇشاللىنىپ كېتىپ:

ــ ئەي ئادام زاتى، سەن بىزگە چەكسىز ياخشىلىق قىلدىڭ. بىز سېنىڭ شەپقىتىڭگە جاۋاب قايتۇرۇشىمىز كېرەك. ئانىمىزنىڭ كېلىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالدى. بىز ئۇنىڭغا ئەهۋالنى سۆزلەپ بولغىچە بىر دەم يوشۇرۇنۇپ تۇرغىن، ــ دەپتۇ. قاسىم بىر تۈپ قېرى توغراقنىڭ دالدىسىغا يوشۇرۇنۇپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي شاۋقۇن ـ سۆرەنلىك ئاۋاز چىقىرىپ ئالتە غۇلاچ قانىتى بار چوڭ بىر قۇش ئۇچۇپ كەپتۇ ـ دە، چىشلەپ كەلگەن گۆشنى تىتىپ باللىرىنىڭ ئاغزىغا ساپتۇ. بىر دەمدىن كېيىن پەسكە قاراپ:

ــ ئاۋۇ يىلاننى كىم ئۆلتۈردى؟ ــ دەپ سوراپتۇ. قۇش باللىرىنىڭ جاۋابىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن قاسىمنىڭ ئالدىغا ئۇچۇپ چۈشۈپ:

ــ ئەي ئادەم زاتى، مەن نەچچە يۈز قېتىم تۇخۇم تۇغۇپ چۈجە چىقىرىپ بولدۇم. بىراق، ۋەهشىي يىلاننىڭ كاساپىتىدىن بىرمۇ چۈجەمنى قاتارغا قوشالماي يۈرىكىم زەرداپ بولۇپ كەتكەنىدى. سەن بىزنىڭ دۇنيادىن تۈگەپ كەتمەسلىكىمىز ئۈچۈن چوڭ دۈشمىنىمىزنى يوقىتىپ بەردىڭ. ئېيتقىنا، بۇ ياخشىلىقىڭ ئۈچۈن ساڭا نېمە قىلىپ بېرەي؟ سېنىڭ نېمىگە هاجىتىڭ بار؟ ــ دەپ سوراپتۇ.

ــ هېچنەرسىگە هاجىتىم يوق، ــ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ قاسىم.

ــ هازىرچە هاجىتىڭ بولمىسا، كېيىن بولۇپ قالار، ــ دەپتۇ قۇش، ــ مەن ساڭا پېيىمدىن ئۈچ تال پەي يۇلۇپ بېرىمەن. بېشىڭغا خەۋپ ـ خەتەر كېلىپ قالغاندا بىر تال پېيىمنى كۆيدۈرسەڭ مەن سېنىڭ قېشىڭغا پەيدا بولۇپ هاجىتىڭنى راۋا قىلىمەن، ــ دەپتۇ.

قاسىم قۇشنىڭ پەيلىرىنى يانچۇقىغا سېلىپ، قۇش ھەم ئۇنىڭ چۈجىلىرى بىلەن خوشلىشىپ يولىغا راۋان بولۇپتۇ. ئۇ مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، بىر يەرلەرگە بارسا بىر تۈلكە ئۇنىڭ ئالدىدا قۇيرۇق شىپاڭلىتىپ:

ــ ئەي ياخشى يىگىت، مېنى قۇتقۇزۇۋال، ــ دەپ يالۋۇرۇپتۇ.

ــ نېمىدىن قۇتقۇزىمەن؟

ــ بىر رەهىمسىز ئوۋچى مىلتىقىنى ماڭا چەنلەپ ئىزىمدىن قوغلاپ كېلىۋاتىدۇ. مەن ئۆزۈم يالغۇز ئۇلجىغا چۈشۈپ قالسامغۇ كارى چاغلىق، يامىنى تۆت كۈچۈكۈم

باش-پاناھسىز قېلىپ ئۆلۈپ كېتىدۇ. مەن سەندىن مىڭ مەرتىۋە مىننەتدار بولاي، تۆت كۈچۈكۈم ئۈچۈن مېنى قۇتقۇزۇۋالغىن.

قاسىم تۈلكىگە ھېسداشلىق قىلىپ ئۇنى قېرى توغراقنىڭ كامىرىغا يوشۇرۇپ قويۇپتۇ. بىر دەمدىن كېيىن ئوۋچى يۈگۈرۈپ كېلىپ:

— تۈلكە كۆردىڭىزمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ قاسىمدىن.

— كۆردۈم. بۇ تەرەپتىن قېچىپ كەلگەن بىر تۈلكە ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ ئۇ تەرەپكە كەتتى.

ئوۋچى خېلى يىراقلاپ كەتكەندىن كېيىن تۈلكە قاسىمنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— مەن سېنىڭ ياخشىلىقىڭغا قانداق جاۋاب قايتۇراي؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مەن سەندىن جاۋاب تاما قىلمىدىم. خالىس نىيىتىم بىلەن ياردەم قىلدىم.

تۈلكە قۇيرۇقىدىن ئۈچ تال تۈكنى يۇلۇپ قاسىمغا تۇتقۇزۇپ:

— مېنىڭ ياردىمىم كېرەك بولغاندا تۈكلىرىمدىن بىر تال كۆيدۈرسەڭ دەرھال يېنىڭغا كېلىمەن، — دەپتۇ-دە يولىغا راۋان بوپتۇ. قاسىم مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، بىر نەچچە كۈندىن كېيىن ئاۋات بىر شەھەرگە بېرىپ قاپتۇ. ئۇ بىر بوۋاينىڭ يىغلاپ كېتىۋاتقىنىنى كۆرۈپ:

— بوۋا نېمە سەۋەبتىن يىغلىدىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مېنىڭ بىرلا ئوغلۇم بار ئىدى. پادىشاھقا كۈيئوغۇل بولىمەن دەپ قىزنىڭ شەرتىنى ئادا قىلالماي بېشىدىن جۇدا بولدى، — دەپتۇ بوۋاي. پادىشاھنىڭ قىزى ئۆزىگە توي قىلىش تەلىپىنى ئىزھار قىلغانلارنى يوشۇرۇنۇشقا بۇيرۇيدىكەن، قىز جاھان ئەينىكى بىلەن قاراپ بىر كۈنگىچە تاپالىسا ئۇ يىگىتنىڭ بېشىنى چاپىدىكەن. بىر كۈنگىچە ئۇ يىگىتنى يوشۇرۇنغان يېرىدىن تاپالمىسا ئۇنىڭغا نىكاھلىنىشنى خالايدىكەن. يوشۇرۇنغان يېرىدىن تېپىلىپ قېلىپ بېشىدىن ئايرىلىپ قالغان يىگىتلەرمۇ ئاز ئەمەسكەن. قاسىم پادىشاھنىڭ ئالدىغا كىرىپ ئۇنىڭغا كۈيئوغۇل بولۇش ئارزۇسىنى ئىزھار قىلىپتۇ. پادىشاھ قاسىمنىڭ تەقى-تۇرقىغا قاراپ ئۇنى مەنسىتمىگەن قىياپەتتە:

— ياش جېنىڭغا پايلىمايۋاتىمەن، نىيىتىڭدىن يانساڭ بولارمىكىن!— دەپتۇ. قاسىم بېلىق، قۇش، تۈلكىلەرنى يادىغا كەلتۈرۈپ:

— ئىشەنچىم بولمىسا ئالدىلىرىغا كىرمەيتتىم، — دەپتۇ. پادىشاھ قاسىمنى قىزىنىڭ يېنىغا كىرگۈزۈپتۇ. شاھ قىزى قاسىمغا مەسخىرىلىك قاراپ:

— مۇشۇ ھالىڭغىمۇ ماڭا خېرىدار بولدۇڭما؟ — دەپ سوراپتۇ، قاسىم:

— ئېسىلساڭ نارغا ئېسىل، يېقىلساڭ ناردىن يېقىل دېگەن ھېكمەت بار. شەرتىڭىزنى ئورۇندىيالماي ئۆلۈپ كەتسەم جېنىمغا رازىمەن، لېكىن ئۆزۈمگە ئىشەنچىم بار، — دەپتۇ قەتئىيلىك بىلەن.

— پاھ، سېنىڭ گېپىڭنىڭ چوڭلۇقىنى! — دەپتۇ قىز، — ئەتە ئەتىگەندە يوشۇرۇنغىن. ئەتە كەچكىچە سېنى تاپالمىسام سېنىڭ ئەمرىڭدە بولۇشقا رازىمەن.

ئەتىسى ئەتىگەندە قاسىم بېلىقنىڭ تاپىلىغىنى بويىچە دەريا بويىغا كېلىپ ئۈچ قېتىم چاۋاك چېلىپتۇ. ھېلىقى بېلىق دەرھال دەريانىڭ قىرغىقىغا كېلىپ بېشىنى سۇدىن چىقىرىپ قاسىمنىڭ گېپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئاغزىنى يوغان ئېچىپ قاسىمنى يۇتۇۋېتىپتۇ، كېيىن دەريانىڭ تېگىنى بويلاپ يىراقلاپ كېتىۋېرىپتۇ.

پادىشاھنىڭ قىزى جاھان ئەينىكىنى قولىغا ئېلىپ جاھاننىڭ بۇلۇڭ-پۇشقاقلىرىغىچە قاراپتۇ. يىگىت كۆرۈنمەپتۇ، قىز زېمىندىن تاغلارنى، چۆل-جەزىرىلەرنى، ئورمانلىقلارنى، باغلارنى، ئېتىزلىقلارنى، ئۆڭكۈرلەرنى، ساي-جىلغىلارنى ئىنچىكىلەپ كۆزىتىپتۇ. يىگىت يەنە كۆرۈنمەپتۇ، «مەن ئاشۇ جوندەكنىڭ خوتۇنى بولۇپ قالارمەنمۇ؟» دەپ ئەنسىرىگەن شاھ قىزى جاھان ئەينىكىنى قولىغا ئېلىپ دەرياغا توغرىلاپتۇ.

— ئەنە ئۇ، — دەپتۇ قىز دەريانىڭ تاغ تېگىدىن ئاقىدىغان يېرىگە يوشۇرۇنۇۋالغان چوڭ بېلىقنىڭ قورسىقىدىكى قاسىمنى كۆرۈپ، پادىشاھ ئاتارمەن-چاپارمەنلىرىنى ئىشقا سېلىپ بېلىقنى تورغا چۈشۈرۈپتۇ. چاپارمەنلەرنىڭ باشلىقى:

— ھەي بېلىق، قورسىقىڭدىكى يىگىتنى چىقىرىپ بەرگىن! بولمىسا سېنى قىلىچ بىلەن پارچە-پارچە قىلىۋېتىمىز، — دەپتۇ. بېلىق:

— مېنى پارچە-پارچە قىلىۋېتىشىڭلارغا رازى بولۇمەنكى، يىگىتنى چىقىرىپ بەرمەيمەن، — دەپتۇ. يىگىت بېلىققا:

— ئەي ۋاپادار بېلىقىم، مەن ئۈچۈن جېنىڭنى تىككىنىڭگە مەن ساڭا تەشەككۈر ئېيتىمەن. بىراق، ئىككىمىز بىراقلا ھالاك بولغىنىمىزدىن بىرسىمىز بولساقمۇ تىرىك قالغىنىمىز غەنىيمەت. مېنى چىقىرىپ بەرگىن، مەن پېشانەمگە يېزىلغىنىنى كۆرەي، — دەپتۇ. بېلىق بىر دەم خىيال سۈرگەندىن كېيىن يىگىتنىڭ سۆزىگە قايىل بولۇپ ئاغزىنى يوغان ئېچىپتۇ، يىگىت سىرتقا چىقىپتۇ. چاپارمەنلەر قاسىمنى يالاپ شاھ قىزىنىڭ ئالدىغا ئەپكەپتۇ. شاھ قىزى:

— ئۆلۈمگە رازىمۇ سەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مىڭ مەرتىۋە رازى، — دەپتۇ قاسىم مەردانىلىق بىلەن. شاھنىڭ قىزى قاسىمنىڭ مەردلىكىدىن تەسىرلىنىپتۇ. باشقا يىگىتلەر تاغ كەينىگە، تامنىڭ دالدىسىغا، دەرەخ شاخلىرىغا، ئۆينىڭ قازناقلىرىغا، ساندۇقلارغا يوشۇرۇنۇپ ئاسانلا كۆرۈنۈپ قالغانىكەن،

ئۆلۈم ئالدىدا يىغلاپ - يالۋۇرۇپ چىدىماسلىق، نامەردلىك قىلغانىكەن، قاسىمنىڭ ھېچكىم ئويلىمىغان يەردىن چىقىپ بېلىقنىڭ قورسىقىغا يوشۇرۇنغىنى، ئۆلۈمگە پىسەنت قىلمىغىنى شاھ قىزىغا ياراپ كېتىپتۇ. ئۇ قاسىمنى بىر نۆۋەت سىناپ باققۇسى كېلىپ:

— بوپتۇ. يەنە بىر رەت يوشۇرۇنۇپ باققىن، — دەپتۇ. قاسىم ئەتىسى سەھەردە جاڭگالغا كېلىپ قۇشنىڭ پېيىدىن بىر تال كۆيدۈرۈپتۇ. شۇ ھامان قۇش شاۋقۇن - سۈرەن چىقىرىپ ئۇچۇپ قاسىمنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— نېمىگە ھاجىتىڭ چۈشۈپ قالدى؟ — دەپ سوراپتۇ. قاسىم بولغان ئىشلارنى بايان قىپتۇ. قۇش:

— مەن سېنى شۇنداق يوشۇرايكى، بىر ئاي ئەمەس، بىر يىلدىمۇ سېنى تاپالمايدۇ. قېنى، بوينۇمغا مىنگىن، — دەپتۇ. قاسىم قۇشنىڭ بويىنىغا مىنىپتۇ. قۇش قانات يېيىپ ئۇچۇپ قويۇق بۇلۇتلار ئارىسىغا كىرىپ كېتىپتۇ. شاھ قىزى جاھان ئەينىكىنى قولىغا ئېلىپ دەرياغا نەزەر تاشلاپتۇ، يىگىت كۆرۈنمەپتۇ، ساي - جىلغا، تاغ - ئېدىر، ئورمان، چۆل - جەزىرىلەرگە قاراپتۇ، يىگىت كۆرۈنمەپتۇ. جاھان ئەينىكىنى ئاسمانغا توغرىلاپ مەشرىقتىن مەغرىبقىچە، كۆز تاشلاپتۇ. بۇلۇتنىڭ ئۈستىدە ئۇچۇپ كېتىۋاتقان قۇشنىڭ بويىنىدا ئولتۇرغان قاسىم مانا دەپ كۆرۈنۈپ قاپتۇ. پادىشاھنىڭ بىر ۋەزىرى بۇ قۇشنىڭ ھەر كۈنى كەچتە سايدىكى بۇلاق بويىغا سۇ ئىچكى چۈشىدىغانلىقىنى بىلىدىكەن. ئۇنىڭ يول باشلىشى بىلەن چاپارمەنلەر ئوقيالىرىنى ئېسىشىپ بۇلاق بويىدىكى ئېگىز دۆڭنىڭ كەينىگە بېرىپ يوشۇرۇنۇپتۇ. راست دېگەندەك كۈن پېتىۋاتقاندا ھېلىقى قۇش شاۋقۇن - سۈرەن چىقىرىپ ئۇچۇپ كېلىپ بۇلاق بويىغا قونۇپتۇ. قاسىم قۇشنىڭ بويىندىن چۈشۈپتۇ، چاپارمەنلەر يۈگۈرۈپ كېلىپ ئوقيالىرىنى ئېتىشىپ قۇشنى ئۇچۇرىۋەتكەندىن كېيىن قاسىمنى تۇتۇپ باغلاپ شاھ قىزىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەپتۇ.

— بۇ قېتىممۇ شەرتىمنى ئادا قىلالمىدىڭ، — دەپتۇ شاھنىڭ قىزى، — ۋەدەڭگە ئاساسەن كاللاڭنى تېنىڭدىن جۇدا قىلىشىم كېرەك. بۇنىڭغا نېمە دەيسەن؟

— نېمە دەيتتىم؟ مېنىڭ كارامىتىمدىن سىزنىڭ كارامىتىڭىز ئارتۇقكەن، مەن يېڭىلدىم، جېنىمغا رازىمەن، — دەپتۇ قاسىم.

شاھ قىزى «بۇ يىگىت بېلىق ۋە قۇشلار بىلەن ھەمكارلىشالايدىكەن، يەنە قانداق كارامىتى بارلىقىنى بىلىپ باقاي» دېگەننى ئويلاپ:

— مەرتەم - مەرتەم ئۈچ مەرتەم دەپتىكەن، يەنە بىر قېتىم يوشۇرۇنۇپ باق، بۇ قېتىم تاپالىسام سېنى چوقۇم ئۆلتۈرۈشۈم كېرەك. تاپالمىسام سېنى ئېرىم دېيىشكە رازىمەن، — دەپتۇ. قاسىم ئەتىسى سەھەردە توغراقلىققا بېرىپ تۈلكە بەرگەن تۈكتىن بىرنى كۆيدۈرۈپتۇ. تۈلكە ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كېلىپ:

— بېشىڭغا قانداق خاپىلىق كەلدى؟ — دەپتۇ سوراپتۇ. قاسىمنىڭ جاۋابىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن:

— خاتىرجەم بول، چىراغ تۈۋى قاراڭغۇ دېگەن گەپ بار، مەن چوقۇم ئامالىنى قىلىمەن، — دەپتۇ - دە، يەرنى كولاپ كىرىپ كېتىپتۇ. بىر مەھەل ئۆتكەندىن كېيىن قايتىپ چىقىپ:

— بۇ تۆشۈككە مېڭىۋەرگىن. تۆشۈكنىڭ ئاخىرىنى شاھ قىزى ئولتۇرغان تەختىراۋاننىڭ تېگىگىچە كولاپ قويدۇم. تۆشۈكنىڭ توختىغان يېرىدە تۇرساڭ خان قىزى سېنى تاپالمايدۇ، — دەپتۇ. قاسىم تۆشۈككە كىرىپ كېتىپتۇ. خانىش جاھان ئەينىكىنى قولىغا ئېلىپ ئاسماننى، دەريا - دېڭىزلارنى، چۆل - جەزىرە، جاڭگاللارنى بىرمۇ بىر كۆرۈپتۇ. يىگىت كۆرۈنمەپتۇ. قىز ئەينەكنى ھەر بىر تۈپ دەرەخ، ھەر بىر بېلىق، ھەر بىر قۇشقا قەدەر توغرىلاپتۇ، يىگىت كۆرۈنمەپتۇ، ئەينەكنى ئۇدۇللىمىغان بىرمۇ غار - ئۆڭكۈر، تاغ ئارقىسى، تام دالدىسى، قازناق، ساندۇق قالماپتۇ. يىگىت يەنىلا كۆرۈنمەپتۇ، شاھ قىزى يادىغا كەلگەن ھەممە بۇلۇڭ - پۇشقاق، دۆڭ - ئويمان... لارغا تەكرار - تەكرار كۆز يۈگۈرتۈپتۇ. يىگىت كۆرۈنمەپتۇ. كۈن ئولتۇرۇپتۇ، شاھ قىزى دادىسىغا ئەھۋالنى بايان قىپتۇ. پادىشاھ:

— ئەل - جامائەت بىزنى لەۋزىدە تۇرمىدى دەپ ئەيىبلىمىسۇن، يېڭىلگىنىڭنى جاكارلىغىن، — دەپتۇ.

— مەن يېڭىلدىم. مېنىڭ شەرتىمنى ئادا قىلغان ئەي، ئەقىللىق يىگىت، دەرھال ئالدىمغا ھازىر بولۇڭ!

— شاھ قىزىنىڭ بۇ جاكارى شەھەرنىڭ يىراق بۇلۇڭ - پۇشقاقلىرىغىچە ئاڭلىنىپتۇ. شۇ ھامان شاھ قىزى دەسسەپ تۇرغان گىلەم تەۋرىنىپتۇ. قىز ھەيران بولۇپ بەش قەدەم كەينىگە داجىپتۇ. گىلەم كۆتۈرۈلۈپ ئاستىدىن يىگىت چىقىپتۇ. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان شەھەر خەلقى شاھ قىزىنىڭ ئېرى بولىدىغان چېۋەر يىگىتنى كۆرۈش ئۈچۈن بۇ جايغا توپلىنىپتۇ. پادىشاھ پۇقرالار ئالدىدا يىگىتنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ:

— سىز مېنىڭ كۈيئوغلۇم بولدىڭىز، — دەپتۇ، كېيىن قىرىق كېچە - كۈندۈز توي قىلىپ قىزى بىلەن قاسىمنىڭ بېشىنى قوشۇپ قويۇپتۇ. بۇ ئىككى مۇراد - مەقسىتىگە يېتىپ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە بەختلىك ياشاپتۇ. «ياخشىلىق يەردە قالماس» دېگەن ھېكمەت شۇنىڭدىن قالغانىكەن.

سۆزلەپ بەرگۈچى: قارىقاش ناھىيە ياۋا يېزىسىدىن **ئىمىنىياز ئاخۇن**

نەشرگە تەييارلىغۇچى: قارىقاش ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىدىن **جالالىدىن**

تەھرىرى: **مەتسېلىم مەتقاسىم**

# سودىگەرنىڭ ئوغلى بىلەن كېنىزەك

(چۆچەك)

ناھايىتى ئۇزۇن يىللار ئىلگىرى يىراق بىر شەھەردە بىر سودىگەر ياشىغانىكەن. ئۇ مال-دۇنيالىرىنىڭ ھېسابىنى بىلمەيدىكەن.

ئادەمگە لازىملىق ھەممە نەرسە ئۆزىدىن تېپىلغانلىقتىن ھېچكىمگە ھاجىتى چۈشمەيدىكەن. بىراق بىرمۇ پەرزەنتى يوقلۇقىدىن كۆڭلى كېچە-كۈندۈز پەرىشان ئىكەن. سودىگەر قىرىق بەش ياشقا كىرگەن يىلى خوتۇنى ئۇنىڭغا بىر ئوغۇل تۇغۇپ بېرىپتۇ. سودىگەر خۇشاللىقى باسالماي خوتۇنىنى ئالتۇن زىبۇزىننەتلەر بىلەن كۆمۈۋېتىپتۇ. كەڭتاشا زىياپەت تەييارلاپ، يۇرت چوڭلىرىنى چاقىرىپ ئوغلىغا ئىلى دەپ ئات قويۇپتۇ. ئىلى يىگىرمە ياشقا كىرگەندە دادىسى كېسەل بولۇپ يېتىپ قاپتۇ. داڭلىق تېۋىپلاردىن قىممەت باھالىق دورىلارنى ئېلىپ يېگەن بولسىمۇ، كېسىلى شىپالىق تاپالماپتۇ. سودىگەر ئۆزىنىڭ ياخشىلىنالمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ ئوغلىنى يېنىغا چاقىرىپتۇ.

— ئوغلۇم، ئەجىلىم يېقىنلاپ قالغان ئوخشايدۇ بىر نەچچە ئېغىز ۋەسىيىتىم بار ئاڭلاپ باقامسەن، — دەپتۇ.

— ئەي قەدىرلىك ئاتا، جېنىم بىلەن ئاڭلايمەن ھەم ئۆمۈر بويى ۋەسىيىتىڭىزگە ئەمەل قىلىمەن.

— بىرىنچى ۋەسىيىتىم شۇكى، — دەپتۇ سودىگەر، — ئوسال كىشىلەر بىلەن ئاغىنە بولما. بىزدە «يامانىنىڭ يارىسى يۇقىدۇ، قازاننىڭ قارىسى»، «قاغا بىلەن دوست بولساڭ يېيىشىڭ پوق» دېگەنگە ئوخشاش ھېكمەتلەر تولا. بۇ گەپلەرنى قۇلىقىڭدا تۇت!

— ئىككىنچى ۋەسىيەتلىرى نېمىكىن دادا؟

— پۇل ۋە ماللىرىڭنى ئىسراپ قىلما، — سودىگەرنىڭ سۆزلىرى بارغانسېرى پەسىيىپتۇ، — ئىسراپچىلىق ھەر قانچە باي كىشىنىمۇ ئېپلاس ئادەملەرنىڭ قولىغا قارىتىپ قويىدۇ. مۇشۇ ئىككى تۈرلۈك ۋەسىيىتىمگە ئەمەل قىلالىساڭ ئۆمۈر بويى خاتىرجەم خۇشال - خۇرام ياشىيالايسەن.

— رەھمەت دادا، مەن بۇ قىممەتلىك ۋەسىيەتلىرىنى قۇلىقىمدا چىڭ ساقلايمەن، — دەپ ۋەدە بېرىپتۇ ئىلى. بىر نەچچە كۈندىن كېيىن سودىگەر بۇ دۇنيا بىلەن خوشلىشىپ ئۇ ئالەمگە سەپەر قىلىپتۇ. ئېرىنىڭ ئىچ ئاغرىقىدا ئىلىنىڭ ئانىسىمۇ كېسەل بولۇپ يېتىپ قاپتۇ. ھەر قانچە قىممەت دورىلارمۇ ئۇنىڭ يۈرەك زىدىسىنى ساقايتالماپتۇ. ئىلى دادىسى ھەم ئانىسى ئۈچۈن بىر يىلنى قايغۇ مۇسىبەت بىلەن ئۆتكۈزۈپتۇ. ۋاقىت ئۆزارغانسېرى قايغۇ-ھەسرىتى پەسىيىپ ئەسلىدىكى ھالىتىگە كېلىپتۇ. نەشىكەش، ھاراقكەش، قىمارۋازلار ئىلىنى ئىزدەپ كېلىدىغان، ئۇنى «كۆزى چوڭ، ئالىقىنى كەڭ مەرد يىگىت» دەپ ماختاپ ئۇچۇرىدىغان بولۇپتۇ. ئىلى بۇ ماختاشلاردىن مەست بولۇپ ئاغىنىلىرىدىن ھېچ نېمىسىنى ئايىماپتۇ، «مېنىڭ-سېنىڭ» دېيىشمەپتۇ. ئىلىنىڭ ئۆيى ئۇلارنىڭ كەيپ-ساپا، ئەيش-ئىشرەتخانىسىغا ئايلىنىپتۇ. دادىسىنىڭ ۋەسىيەتلىرى ئىلىنىڭ يادىغىمۇ كەلمەپتۇ. «يېتىپ يېسە تاغمۇ توشمايدۇ» دېگەندەك، سودىگەرنىڭ ھەددى ھېسابسىز مال-بايلىقى ئىككى-ئۈچ يىلدىلا تۈگەپتۇ. پۇلى تۈگىگەن كۈندىن باشلاپ ئاغىنىلىرى ئىلىنى ئىزدىمەپتۇ. كېسەل بولۇپ قالغاندىمۇ يوقلىماپتۇ. ئىچى پۇشۇپ قالسا ھالىڭ نېچۇك دەپ سورىغىلى يارىماپتۇ. قەرز سورىسا:

— نومۇس قىلماي مەندىن قەرز سورىغىنىڭنى قارا، — دېيىشىپتۇ. ئىلىنىڭ كىيىملىرى كونىراپ يىرتىلىپتۇ. يەيدىغىنى تۈگەپتۇ. بۇرۇن بارنى تەڭ كۆرگەن سىرداش دوستلىرىغا بارا-بارا سەت كۆرۈنۈشكە باشلاپتۇ. بىر مەزگىلدىن كېيىن ئۆز يۇرتىدا تىلەمچىلىك قىلىشتىن نومۇس قىلىپ باشقا بىر شەھەرگە قاراپ يولغا چىقىپتۇ. ئۇ بىپايان قۇملۇقتىن چىقىپ بولغىچە ئاچلىقتىن ئۆلۈپ قالغىلى تاس قاپتۇ. مەھەللىگە چىقىپ ئۆيمۇ-ئۆي تىلەمچىلىك قىلىپ قورسىقىنى تويغۇزۇپتۇ. ئاندىن شەھەرگە كىرىپتۇ. چوڭ رەستىدە كېتىۋېتىپ بىر دوقمۇشتا نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ توپلىنىپ قالغىنىنى كۆرۈپتۇ. ئۇ نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى بىر كىشىدىن سوراپتۇ. ئەسلىدە بۇ شەھەرنىڭ پادىشاھى ئولجىغا چۈشكەن بىر كېنىزەكنى سېتىش ئۈچۈن بۇ يەردە تۇرغۇزۇپ قويغانىكەن. ئىلى كۆز سېلىپ بۇ كېنىزەكنىڭ جاھاندا تەڭدىشى يوق گۈزەل قىز ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ،

ھەيران قاپتۇ. ئۇنىڭ ئاڭلىشىچە كېنىزەكنىڭ باھاسى بەك يۇقىرى بولۇپ مىڭ تىللاغا سېتىلىدىكەن. مەن ـ مەن دېگەن بەگلەر، كاتتا باي سودىگەرلەر كېنىزەكنىڭ باھاسىغا چىقىشالماي ئارماندا قاپتۇ. ئېلى كېنىزەكنى كۆرۈپلا ئۇنىڭغا ئاشىق بولۇپ قاپتۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ مىڭ تىللا ئەمەس، بىر تەڭگىمۇ پۇلىسىنىڭ يوقلىقىنى ئويلاپ بىر بۇرجەككە بېرىپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۇ دادىسىنىڭ ۋەسىيىتىگە خىلاپلىق قىلىپ يامان كىشىلەر بىلەن ئاپاق ـ چاپاق بولۇپ، دادىسى مىڭ بىر جاپادا تاپقان مال ـ دۇنيالارنى بۇزۇپ چاچقىنىغا تۆۋە قىلىپ ئاللاھدىن كەچۈرۈم سوراپتۇ. ئۇنىڭ نالە پەريادى خۇداغا مەلۇم بوپتۇ. خۇدا ئۇنىڭ گۇناھىنى مەغپىرەت قىلىپ، كېنىزەكنىڭ كۆڭلىگە ئېلىنى ياخشى كۆرۈش سەۋداسىنى ساپتۇ. ئەتراپتىكى كىشىلەر تارقىغان چاغدا كېنىزەك بىر بۇلۇڭدا غېرىبسىنىپ ئولتۇرغان ئېلىنىڭ ئالدىغا كەپتۇ.

ــ ئەي مىسكىن يىگىت، مېنى نىكاھىڭىزغا ئېلىڭ، ــ دەپتۇ كېنىزەك.

ــ مەندە مىڭ تىللا بولغان بولسا، سىزنى كۆرگەن چېغىمدىلا خېرىدار بولغان بولاتتىم، ــ دەپتۇ ئېلى.

ــ توققۇز يۈز تىللامۇ يوقمۇ؟

ــ يوق.

ــ يەتتە يۈز تىللاچۇ؟

ــ يوق.

ــ بەش يۈز تىللاغۇ باردۇ؟

ــ يۈز قېتىم سورىسىڭىزمۇ جاۋابىم ئوخشاش. مېنىڭ بىر تىيىنمۇ پۇلۇم يوق.

ــ مېنى ياقتۇردىڭىزمۇ يا؟

ــ يۈرىكىمنى يېرىپ كۆرسىتەيمۇ؟ ــ ئېلى يانچۇقىدىكى پىچاقنى ئېلىپلا ئۆزىنىڭ كۆكسىگە تاقاپتۇ. قىز قورققىنىدىن ئېتىلىپ كېلىپ يىگىتنىڭ قولىنى تۇتۇۋاپتۇ. ئۇ:

ــ ئىشەندىم. ماڭا راستىنلا. ئاشىق ئىكەنسىز، مەن ئىشەندىم. ئەكېلىڭ پىچاقنى، ــ دەپ پىچاقنى تارتىۋاپتۇ. ئاندىن يېنىدىن مىڭ تىللا چىقىرىپ ئېلىغا تۇتقۇزۇپ:

ــ توققۇز يۈز تىللانى پادىشاھقا بېرىڭ، ماقۇل دەپ قالسا يۈز تىللا يېنىڭىزدا قالسۇن، كېيىنكى تۇرمۇشىمىزغا ئەسقاتىدۇ. «مىڭ تىللادىن كەم بولسا ساتمايمەن» دەپ تۇرىۋالسا تولۇق بېرىڭ، ــ دەپتۇ.

ئېلى پادىشاھنىڭ ئالدىغا كىرىپ توققۇز يۈز تىللانى ئۇنىڭ ئالدىغا قويۇپ:

ــ كېنىزەكنى مەن ئالاي، ــ دەپتۇ. پادىشاھ تىللانى ساناپ:

ــ يۈز تىللا كەمكەن، ــ دەپتۇ.

ــ تاپقىنىم مۇشۇ، ــ دەپتۇ ئېلى. پادىشاھ مەن ـ مەن دېگەن بايلارمۇ بۇ كېنىزەكنى مىڭ تىللاغا ئېلىشقا چىقىمىدى. مەيلى دەپ ئويلىغاندىن كېيىن:

ــ بوپتۇ، كېنىزەكنى ساڭا ساتتىم، ــ دەپتۇ.

ئېلى كېنىزەككە يول باشلاپ ئەسلىدىكى ئۆيىگە ئېلىپ كېتىپتۇ. كېنىزەك قارىسا ئۆي بەكمۇ كونىراپ كېتىپتۇ. تاملىرى ئۆتمە تۆشۈك بولۇپ ئۇ تەرەپتىن كىرگەن شامال بۇ تەرەپتىن چىقىپ كېتىپتۇ. كېنىزەك:

ــ يانچۇقىڭىزدىكى يۈز تىللاغا كىگىز، يوتقان ـ كۆرپە سېتىۋېلىپ كېلىڭ، ــ دەپتۇ. ئېلى كېنىزەكنىڭ تاپشۇرۇقىنى ئورۇنلاپتۇ. كېنىزەك ئۆينى كۆڭلىدىكىدەك ياساپ ـ جابدۇپتۇ. ئىككى كۆڭۈللۈك مۇڭدىشىپ كېچىنى ۋىسال راھىتى ئىچىدە ئۆتكۈزۈپتۇ. غىزالىنىپ قورسىقىنى تويغۇزغاندىن كېيىن كېنىزەك ئېلىنى بازارغا ئەۋەتىپ، تۆرلۈك رەڭدىكى يىپەك يىپلارنى ئەكەلدۈرۈپتۇ. بۇ يىپلار بىلەن ئاجايىپ چىرايلىق ئۇچار قۇشلارنىڭ، رەڭگە ـ رەڭ چېچەكلەرنىڭ سۈرەتلىرىنى چۈشۈرۈپ كەشتە توقۇپتۇ. بۇ كەشتىلەرنى ئېلىگە بېرىپ:

ــ بۇنى بازارغا ئاپىرىپ يەرلىك كىشىلەرگە سېتىڭ، يادىڭىزدا بولسۇنكى، سىرتتىن كەلگەن تىجارەتچىلەرگە ساتماڭ. بولمىسا مەندىن ئايرىلىپ قالىسىز، ــ دەپتۇ. ئېلى كەشتىنى بازارغا ئاپىرىپ يانچۇقىدىن ئېلىشقا خېرىدارلار تالىشىپ كېتىپتۇ. ئاخىرى بىر خېرىدار ئەللىك تىللاغا ئاپتۇ. ئېلى بۇ پۇلغا يىمەكلىكلەرنى ھەم رەڭلىك يىپەك يىپلارنى ئېلىپ ئۆيىگە كەپتۇ. كېنىزەك بۇ ھەپتىسى بىر رومال كەشتىلەپتۇكى، رەڭگە ـ رەڭ گۈل ـ چېچەكلەر ئارىسىدا ئۇچۇپ يۈرگەن كېپىنەكلەر، شاخلاردا ئېسىلىپ تۇرغان شېرىن مېۋىلەر، يوپۇرماقلار ئارىسىدىكى شاخلارغا قونۇپ ئولتۇرغان رەڭلىك قۇشلار كىشىنى مۇشۇ چىرايلىق مەنزىرە ئىچىدە سەيلە ـ ساياھەت قىلىۋاتقاندەك ھېس قىلدۇرىدىكەن. كېنىزەك بۇ رومالنى ئېلىگە بېرىپ:

ــ بۇنى جاھان كەزدى سودىگەرلەرگە ساتماي، يەرلىك تىجارەتچىلەرگە سېتىڭ. بولمىسا مەندىن ئايرىلىپ قالىسىز، ــ دەپتۇ. ئېلى بۇ رومالنى بازارغا ئېلىپ بېرىپلا يۈز تىللاغا سېتىپتۇ. بۇ پۇلغا يىمەكلىكلەرنى، سوپۇن، گۈگۈت قاتارلىق لازىمەتلىكلەرنى ھەم ھەرخىل رەڭدىكى يىپەك يىپلارنى ئېلىپ ئۆيىگە بېرىپتۇ. كېنىزەك بۇ ھەپتە بۇرۇنقىدىن

نەچچە ھەسسە چىرايلىق كەشتىلەپ بىر پەردە ئىشلەپتۇ.

ــ بۇ پەردىنى ئۆيىدە ئىشلىتىدىغان كىشىلەرگە سېتىڭ. جاھان كەزدى سودىگەرلەرگە ساتسىڭىز مەندىن ئايرىلىپ قالىسىز، ــ دەپتۇ كېنىزەك ئېلىيگە، ــ بۇ گەپ قۇلىقىڭىزدىن چىقىپ كەتمىسۇن.

ئېلى ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ بازارغا بېرىپتۇ. خېرىدارلار بۇ پەردىنى كۆرۈپلا تالاشقىلى تۇرۇپتۇ. بىرى ئەللىك تىللا بېرەي دېسە، يەنە بىرى ئاتمىش تىللاغا ئالاي، دەپتۇ. باھا بارا ـ بارا ئۆرلەپ يۈز تىللاغا چىقىپتۇ. بىر كىشى بىر يۈز ئوتتۇز تىللاغا ئالاي دەپ نىيەت قىلغاندا، يەنە بىر سودىگەر:

ــ مەن بىر يۈز ئەللىك تىللا بېرەي، ــ دەپتۇ. ئېلى قىممەت ساتقىنىغا خۇشال بولۇپ خوتۇنىنىڭ نەسىھىتىنى ئۇنتۇپتۇ. سودىگەردىن بىر يۈز ئەللىك تىللانى ساناپ ئېلىپ پەردىنى ئۇنىڭغا بەرگەندىن كېيىن ئۆيىگە قاراپ مېڭىپتۇ.

سودىگەر پەردىگە قاراپ ئەقلى لال بولۇپتۇ. «بۇ چېۋەر چوكاننى قولغا كەلتۈرەلىسەم ھۈنىرىدىن پايدىلىنىپ باي بولۇپ كېتىمەن» دېگەننى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئېلىنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ مېڭىپتۇ. ئېلى بىر دەم مېڭىپ كەينىگە قارىسا بايىقى سودىگەر ئىز بېسىپ كېلىۋېتىپتۇ. ئېلى ئۇنىڭدىن:

ــ مەن بىلەن يەنە نېمە ئىشلىرى بار؟ ــ دەپ سوراپتۇ.

ــ بىرسىنى ئىزدەپ ماڭدىم، ــ دەپتۇ سودىگەر. ئېلى يولىغا مېڭىۋېرىپتۇ. ئۆيىنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئارقىسىغا قارىسا سودىگەر يېقىنلا يەردە جىم توختاپ تۇرۇپتۇ. ئېلى ئۇنىڭدىن:

ــ يوللىرىغا مېڭىۋەرمەي نېمىگە توختاپ تۇرىلا؟ ــ دەپ سوراپتۇ. سودىگەر:

ــ مېنىڭ بارىدىغان يېرىم تېخى خېلىلا يىراق. قورسىقىم ئاچتى ھەم ئۇسساپ كەتتىم. شۇڭا سىلىدىن خەيرخاھلىق تىلەيمەن، ــ دەپتۇ. ئېلى ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ ئۆيىگە باشلاپ كىرىپتۇ. كېنىزەك سودىگەرنى كۆرۈپ، «نېمىشقا يات ئادەمنى ئۆيگە باشلاپ كەلگەندۇ؟» دەپ ئېرىدىن نارازى بولۇپتۇ. ئېلى سودىگەرنىڭ ئالدىغا داستىخان سېلىپ نان، سۇ كەلتۈرۈپتۇ. سودىگەر ئۇي ئىگىلىرىنىڭ بىخۇد پەيتىدىن پايدىلىنىپ، ھوشسىزلاندۇرۇش ئۇپىسىنى چېچىپلا ئۇلارنى بىھوش قىلىۋېتىپتۇ. كېنىزەكنى تاغارغا سولاپ يۈدۈپ ئۆيىگە ئېلىپ كېتىپتۇ.

ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتۈپ ئېلى ھوشىغا كېلىپ قارىسا خوتۇنى ئۆيىدە يوق تۇرغۇدەك. ئۇ بولغان ئىشلارنى ئاران ئېسىگە كەلتۈرەلىپتۇ. سودىگەرنىڭ دامىغا چۈشكەنلىكىنى بىلىپ، خوتۇنىدىن ئەنسىرەپ ئۆيىنىڭ ئالدىغا چىقىپ ئۈنلۈك يىغلىغىلى تۇرۇپتۇ.

ــ نېمىشقا يىغلايسىز بالام، نېمە بولدىڭىز؟ ــ دەپ سوراپتۇ تام قوشنا موماي ئۇنىڭدىن. ئېلى بولغان ئىشلارنى سۆزلەپ بېرىپتۇ.

ــ يىغلىماڭ بالام، مەن ئامالىنى قىلاي، ــ دەپتۇ موماي. ئۇ بىر لېگەنگە مونچاق، ھالقا، بىلەزۈك قاتارلىق ئالتۇن زىبۇزىننەتلەرنى تىزىپ ئۆيمۇ ئۆي كىرىپتۇ. باھادا كېلىشەلمىگەنلىكىنى باھانە قىلىپ ئۇ ئۆيدىن چىقىپ بۇ ئۆيگە كىرىشنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. شۇ يوسۇندا يۇرت ـ مەھەللىلەرنى كېزىپ بىر نەچچە ئايدىن كېيىن ھېلىقى سودىگەرنىڭ ئۆيىگە كىرىپ قاپتۇ. ھېلىمۇ ياخشى سودىگەر ئۆيدە يوقكەن. موماي:

ــ مەن سىزنى تېپىش ئۈچۈن مۇشۇ چارىنى ئويلاپ تاپقانتىم، سىزدىن ئايرىلىپ قالغاندىن كېيىن ئېرىڭىزنىڭ ھالى خاراب، مەن بۇ ئۆيدە بارلىقىڭىزنى ئېرىڭىزگە خەۋەر قىلاي. ئېرىڭىز سىزنى چوقۇم ئىزدەپ كېلىدۇ. بىر ئامال قىلىپ بىللە قېچىپ كېتىڭلار، ــ دەپتۇ كېنىزەككە. ئېلى موماي دېگەندەك كېنىزەكنى ئىزدەپ يولغا چىقىپتۇ. ئۇ ئۆز يولىدا كېتىۋەرسۇن، ئەمدىكى گەپنى كېنىزەكتىن ئاڭلايلى.

كېنىزەك «ئېرىم مېنى ئىزدەپ كېلىدىغان مەزگىل بولۇپ قالدى» دەپ ئويلاپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىر كېچىسىدە بىر ئوغرى سودىگەرنىڭ ئالتۇن ـ كۈمۈشلىرىنى ئوغرىلاش ئۈچۈن ئۆينىڭ كەينىگە كەپتۇ. كېنىزەك ئۆينىڭ كەينىدىكى شىپىر ـ شىپىر قەدەم تاۋۇشىنى ئاڭلاپ: «ئېلى كەپتۇ» دەپ خۇشال بولۇپتۇ ـ دە، ئېلىپ قېچىشقا تەييارلاپ قويغان بىر خۇرجۇن ئالتۇننى دېرىزىدىن سىرتقا تاشلاپ ئاندىن ئۆزى سەكرەپ چۈشۈپتۇ. ئەلەم قاراڭغۇ ئىكەن، كېنىزەك «ئېلى» گەپ پىچىرلاپ:

ــ خۇرجۇندا ئالتۇن بار. سىز كۆتىرىڭ، تېز ماڭىلى، ــ دەپتۇ. ئوغرى بۇ ئامەتتىن خۇشال بولۇپ خۇرجۇننى يۈدۈپ مېڭىپتۇ. كېنىزەك ئۇنىڭغا ئەگىشىپتۇ. باشقىلارنىڭ سېزىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ ھەر ئىككىسى گەپ ـ سۆز قىلىشماي مېڭىشىپتۇ. تاڭ كېچە بولغاندا بىر ئۆيگە كىرىپ ئۇخلاپتۇ. ئالەم يورۇغاندا ياتقان يېرىدىن قوپۇشۇپ بىر ـ بىرىگە قاراپ داڭ قېتىپلا قېلىشىپتۇ. ئوغرى كېنىزەك بىلەن بىلەن ئالتۇننى ئانىسىغا ئامانەت قىلىپ، ئوغرىلىق قىلىش ئۈچۈن سىرتقا چىقىپ كېتىپ

ئاخشىمى قايتىپ كەلمەپتۇ. ئوغرىنىڭ ئانىسى بىلەن كېنىزەك بىر يەردە ئۇخلاشقا يېتىپتۇ. ئوغرىنىڭ ئانىسى خورەك تارتىپ ئۆلگەندەك ئۇخلاپ قاپتۇ. كېنىزەك ئاستاغىنا ئورنىدىن تۇرۇپ بىر خۇرجۇن ئالتۇننى يۈدۈپتۇ. ئىشىكنى غىچىرلاتماي ئېچىپ چىقىپ كېتىپتۇ. مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، ئىككى كۈندىن كېيىن باشقا بىر شەھەرگە بېرىپ قاپتۇ. ئاشخانىغا كىرىپ قورسىقىنى تويغۇزۇپتۇ. بىر سارايدا يېتىپتۇ. قانداق قىلسام ئېرىمنى تاپارمەن دەپ قايغۇرۇپتۇ. سارايۋەن

ـ چىرايلىق خېنىم، پادىشاھىمىز ۋاپات بولغىنىغا ئىككى ھەپتە، دۆلەت قۇشى ئۇچۇرۇلىۋاتقىنىغا بىر ھەپتە بولدى. دۆلەت قۇشى ھېچكىمنىڭ بېشىغا قونمىغانلىقتىن شەھىرىمىز شاھسىز قېلىۋاتىدۇ. بۇنداق يېتىۋەرمەي رەستىگە چىقىپ، تەلىيىڭىزنى سىناپ بېقىڭ، ـ دەپتۇ.

ـ پادىشاھلىقتىن تامايىم يوق، ـ دەپتۇ كېنىزەك. سارايۋەن:

ـ كوچىغا چىقسىڭىز ھېچبولمىسا زېرىككىنىڭىز تۈزۈلۈپ، غەم ـ غۇسسىلىرىڭىز تارقىلىپ كېتىدۇ، ـ دەپتۇ. كېنىزەك كوچىغا چىقىپتۇ. راست دېگەندەك ئەر ـ ئايال، ياش ـ قېرى ھەممەيلەن بارماقلىرىغا بىر پارچە گۆش قىستۇرۇپ قوللىرىنى بىر ـ بىرىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ ئاسماندا ئۇچۇپ يۈرگەن دۆلەت قۇشىنى ئۆزىگە قوندۇرۇش ئۈچۈن «گاھ، گاھ» دەپ ۋارقىرىشىپ يۈرگىدەك. كېنىزەك بۇ ئىشلارغا قىزىقماي ناۋاينىڭ يول بويىدىكى كونا ئىسلاش كەپىسىگە كىرىپ ئولتۇرۇپتۇ. دۆلەت قۇشى بارا ـ بارا پەسلەپ كەپىنىڭ ئۈستىگە چۈشۈپتۇ. ئاندىن قانىتىنى يىغىپلا تۈڭلۈكتىن چۈشۈپ كېنىزەكنىڭ دولىسىغا قونۇپتۇ. ئوردا كاتتىلىرى ئۇنىڭ پادىشاھ بولغانلىقىنى مۇبارەكلەپ، ئۇنىمىسا ئۇنىماي ماڭۇق كۆرپىلەر سېلىنغان مەپىگە ئولتۇرغۇزۇپتۇ، كېيىن ئوردىغا ئېلىپ بېرىپ شاھلىق تەختىگە چىقىرىپ قويۇپتۇ. ئۇ شاھلىق ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈپ تۇرسۇن. بىز ئەمدىكى گەپنى ئېلىدىن ئاڭلايلى. ئۇ مەھەللىمۇ مەھەللە، كوچىمۇ ـ كوچا، شەھەرمۇ شەھەر ئايلىنىپ كېنىزەكنىڭ خەۋىرىنى ئالالماپتۇ. بىر كۈنىسى ئەتىگەندە بىر ئۆينىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ بىر ئەرنىڭ:

ـ ئانامكەن دېمىسەم چېچىڭىزدىن سۆرىگەنچە ئاپىرىپ تىرىكلا كۆمۈۋەتسەم بولاتتى سىزنى. شۇنداقمۇ بىپەرۋالىق قىلغان بارمۇ؟ كېنىزەك بىر خۇرجۇن ئالتۇننى ئوغرىلاپ قاچسىمۇ تۇيماپسىز. ئاردىن بىر ئاي ئۆتۈپ كېتىپتۇ. ئەمدى نەدىن تاپىمەن ئۇ كەشتىچى كېنىزەكنى؟ قويۇڭا سىزدەك ئانىنى، ـ دەپ ۋارقىرىغىنىنى ئاڭلاپتۇ. ئۇ ئويلاپ ـ ئويلاپ بۇنىڭ ھېلىقى سودىگەرنىڭ ئاۋازى ئىكەنلىكىنى ئېسىگە ئاپتۇ. خوتۇنىنىڭ بۇ يەردە ئەمەسلىكىگە كۆزى يېتىپ يەنە ئىزدەشكە باشلاپتۇ.

خەقلەرنىڭ ئوتۇنىنى يېرىپ، سۇيىنى توشۇپ قورسىقىنى تويغۇزۇپتۇ. كېچىلىرى كونا تاملىقلاردا قونۇپتۇ. مۇشۇنداق سەرسانچىلىقتا بىر نەچچە ئاينى ئۆتكۈزۈپتۇ. خوتۇنىنىڭ گېپىنى ئاڭلىماي ئۆيىگە سودىگەر باشلاپ كەلگىنىگە مىڭ پۇشايمان يەپتۇ. بىر كۈنى بىر شەھەرنىڭ كوچىسىدا كېتىۋېتىپ دوقمۇشقا چاپلانغان پەرىزاتتەك چىرايلىق بىر قىزنىڭ سۈرىتىگە كۆزى چۈشۈپ قاپتۇ. يېقىن كېلىپ كۆزىنى چوڭ ئېچىپ قارىغانىكەن، ئۆزىنىڭ خوتۇنىنى كۆرۈپ ھوشىدىن كېتىپ يىقىلىپ چۈشۈپتۇ. كېنىزەك شاھ بولغاندىن كېيىن تەرەپ ـ تەرەپلەرگە، يۇرت ـ يۇرتلارغا ئادەم ئەۋەتىپ ئېرىنى ئىزدىتىپتۇ، ئېلى تېپىلماپتۇ. شۇڭلاشقا كېنىزەك «ئېرىم بۇ شەھەرگە كېلىپ قالسا مېنى ئىزدىسۇن» دېگەن نىيەتتە سۈرىتىنى كوچىغا چاپلىتىپ، كۆزەتچىلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغانىكەن. كۆزەتچىلەر ئېلىنى ھوشسىز پېتى ھارۋىغا ئېلىپ شاھنىڭ ئالدىغا كەلتۈرۈپتۇ. مەيدىسىگە، پېشانىسىگە سوغۇق سۇ پۈركۈپ ھوشىغا كەلتۈرۈپتۇ. شاھ ئېرىنى كۆرۈپ خۇشاللىقتىن ھوشىدىن كېتىپتۇ. ئېلىمۇ خوتۇنىنى كۆرۈپ قايتىدىن ھوشىنى يوقىتىپتۇ. تېۋىپلار دورا ئىچكۈزۈپ ئۇلارنى ھوشىغا كەلتۈرۈپتۇ. شاھ ئېرى بىلەن دىدارلاشقىنىغا تەنتەنە قىلىپ شەھەر خەلقىگە زىياپەت بېرىپتۇ. سوۋغا ـ سالاملارنى تارقىتىپتۇ. ۋەزىر ـ ۋۇزرالارنىڭ، پۇقرالارنىڭ رازىلىقىنى ئېلىپ ئېرىنى شاھلىق تەختىگە ئولتۇرغۇزۇپتۇ. ئۆزى بولسا مەسلىھەتچى بولۇپتۇ. ئېلى شاھ بولغاندىن كېيىن ئاتىسىنىڭ ۋەسىيىتىگە خىلاپلىق قىلىپ نۇرغۇن جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى تارتقىنىنى، خوتۇنىنىڭ گېپىگە قۇلاق سالماي پۇشايمانلىق كەچمىشلىرىنى باشتىن كەچۈرگىنىنى يادىدىن چىقارماپتۇ. باشقىلارنىڭ تەنقىد، مەسلىھەتلىرىنىڭ توغرىلىرىنى قوبۇل قىلىپ،شاھلىقنى ئادىل يۈرگۈزۈپتۇ. دۆلەت گۈللەپ ياشناپتۇ، خەلق خاتىرجەم، باياشات ياشاپتۇ. پادىشاھ بىلەن مەسلىھەتچىمۇ كۆڭۈللۈك، ئامان ـ ئېسەن ياشاپ ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ.

سۆزلەپ بەرگۈچى: قارىقاش ناھىيە ياۋا يېزا قوشكۆل كەنتىدىن **ئەسقەرجان**

نەشرگە تەييارلىغۇچى: قارىقاش ناھىيە ياۋا يېزا جۇمە بازار كەنتىدىن دېھقان **مۇھەممەتساقى ساۋۇر**

تەھرىرى: **مەتسېلىم مەتقاسىم**

# ئۈچ مىڭ تىللالىق ئۈچ گەپ

(چۆچەك)



ساۋۇت ئىسىملىك بىر سودىگەر تىجارەت ئۈچۈن سەپەرگە چىقىپتۇ. ئۇ بىر كۈن ماڭغاندىن كېيىن، ئاۋۇت ئىسىملىك سودىگەر ئۇنىڭغا ھەمراھ بوپتۇ. بۇلار بىللە مېڭىپتۇ، لېكىن بىر-بىرى بىلەن گەپ-سۆز قىلىشماي جىمجىت مېڭىپتۇ. ئۈچ كۈندىن كېيىن ئاۋۇت:

— بۇرادەر، مەن زېرىكىپ كەتتىم، گەپ-سۆز قىلىشىپ ماڭايلىمۇ؟ — دەپتۇ. ساۋۇت:

— سىلە ماڭا مىڭ تىللا بەرسىلە، گەپ قىلىپ بېرىمەن، — دەپتۇ.

— نېمانچە قىممەت؟

ساۋۇت جاۋاب بەرمەي مېڭىۋېرىپتۇ.

— ئەمىسە مەن گەپ قىلاي، — دەپتۇ ئاۋۇت، ساۋۇت ئىپادە بىلدۈرمەي بىپەرۋا كېتىۋېرىپتۇ. ئاۋۇت زېرىككىشتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن مىڭ تىللانى تەگلەپ:

— دېگەنلىرىنى بېرەي، زۇۋانلىرى ئېچىلسۇن، — دەپتۇ. ساۋۇت تىللانى ساناپ خۇرجۇنغا سالغاندىن كېيىن:

— سەپەردە بىللە ماڭغان ھەمراھىنىڭ ئىسمىنى بىلىۋالماق لازىم، — دەپتۇ. ئارىدىن بىر كۈن ئۆتۈپتۇ. ئاۋۇت بۇنداق زېرىكىشلىك سەپەرنى باشتىن كۆچۈرۈپ باقمىغانىكەن، شۇڭا ئۇ چىدىيالماي:

— بۇرادەر، گەپلىرىنى داۋاملاشتۇرمامالا؟ — دەپتۇ. ساۋۇت:

— يەنە مىڭ تىللا بەرسىلە، — دەپتۇ. ئاۋۇت مىڭ تىللا بېرىپتۇ. ساۋۇت تىللانى ساناپ خۇرجۇنغا سالغاندىن كېيىن:

— جاراستاندا پىچاق چىقارمىسىلا، — دەپلا، ئاخىرىنى داۋاملاشتۇرماپتۇ. ئارىدىن يەنە ئۈچ كۈن ئۆتۈپتۇ. ئاۋۇت بولالماي:

— سىلە بىلەن بىللە ماڭغىنىمغا پۇشايمان قىلدىم، — دەپتۇ. ساۋۇت:

— يەنە مىڭ تىللا بەرسىلە، گەپ قىلىپ بېرەي،

— دەپتۇ. ئاۋۇتتىن مىڭ تىللانى ساناپ ئالغاندىن كېيىن:

— مېھماندارچىلىقتا ئورنىلىرىنى باشقىلارغا بەرمىسلە، — دەپتۇ-دە، ئاغزىنى چىڭ يۇمۇپ مىگىپتۇ. ئاردىن ئۈچ كۈن ئۆتۈپتۇ. ئىككىسى سەپەرنىڭ ئۈنىنچى كۈنى چوڭ بىر شەھەرگە بېرىپتۇ. بۇ كۈنى بۇ شەھەردە بىر سودىگەرنىڭ ئۆيىدە مېھماندارچىلىق بولۇۋاتقانىكەن، ساۋۇت بىلەن ئاۋۇت بىر مېھماندارچىلىققا تەكلىپ قىلىنىپتۇ. تۆردە ئولتۇرغان ئاۋۇت مېھمان كەلسە ئورنىدىن تۇرۇپ تۆرگە تەكلىپ قىلىۋېرىپتۇ. ئۆزى سۈرۈلۈپ-سۈرۈلۈپ سەپنىڭ ئەڭ ئاخىرىغا، پەگانىڭ يېنىغىلا كېلىپ قاپتۇ. مېھمانلارنىڭ قولىغا سۇ قويۇلۇپ نۆۋەت ئاۋۇتقا كەلگەندە ئاپتۇۋىدا سۇ تۈگەپتۇ، داستىخانغا ئاش تىزىلىپ نۆۋەت ئاۋۇتقا كەلگەندە ئاش ئاخىرلىشىپتۇ. ئاۋۇت خاپا بولۇپ، ئۆزىنىڭ باي ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئەتىۋارلىق ئالتۇن پىچىقىنى غىلاپىدىن چىقىرىپ كۆز-كۆز قىلىپ ئولتۇرۇپتۇ. بۇ پىچاقنى كۆرۈپ قالغان پادىشاھ پىچاقنىڭ نەپىسلىكىگە ھەيران قېلىپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىش خىيالىغا كەپتۇ. پادىشاھ پىچاقنى قولىغا ئېلىپ ئۆرۈپ-چۆرۈپ قارىغاندىن كېيىن:

— بۇ ئەسلىدە مېنىڭ خەزىنەمدىكى پىچاق ئىدى، يوقۇلۇپ كەتكىنىگە بىر يىلدىن ئاشقان، سەن ئوغرىلىۋالغان ئىكەنسەن. خەزىنىدىن ھەر قانداق نەرسە ئوغرىلىغانلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدۇ، — دەپ ئۇنى زىندانغا سولىۋېتىپتۇ. ئاۋۇت بۇ ناھەق جازادىن نېمە قىلىپ قۇتۇلۇشنى بىلمەيلا قاپتۇ.

ساۋۇت بىر كۈنى مۈشۈكتىن بىرنى تۇتۇپ زىنداننىڭ ئىشىكى ئالدىدا ئولتۇرۇپ:

— ھەي مۈشۈك، مەن مېھماندارچىلىقتا ئورنىڭىزنى باشقىلارغا بەرمەڭ دېمىگەنمۇ؟ جاراستاندا پىچاق چىقارماڭ دېمىگەنمۇ؟ ئۈچىمىنىڭ تىللاغا سېتىۋالغان ئاران ئۈچ گەپنىمۇ قۇلىقىڭىزدا ساقلىيالمايسىز، ئەمدى سىزنى دارغا ئېلىپ ماڭسا قانداق قىلالايسىز مۈشۈك؟ — دەپ مەقسىتىنى ئىزھار قىپتۇ. زىنداننىڭ ئىچىدە تۇرۇپ بۇ گەپلەرنىڭ تېگىگە يەتكەن ئاۋۇت پۇشايمان بىلەن ئۆزىنى-ئۆزى كاچاتلاپ ئۇرغىلى تۇرۇپتۇ. ساۋۇت مۈشۈككە:

— ئەي قۇلىقى قاتتىق مۈشۈك، ئەمدى گېپىمنى ئۇنتۇپ قالماڭ، بولمىسا دارغا ئېسىلىسىز مۈشۈك، سىزنى دارغا ئېلىپ ماڭغاندا «دادام بىر يىل ئىلگىرى سەپەرگە چىقىپ كېتىپ قايتىپ كەلمىدى، مەن دادامنى ئىزدەپ يۈرۈپ ئۆلىكىنى تاپتىم. بۇ پىچاق دادامنىڭ يۈرىكىگە سانچىقلىق تۇرۇپتۇ. مەن قاتىلنى ئىزدەپ تېپىپ دادامنىڭ قىساسىنى ئېلىش ئۈچۈن شەھەرمۇ-شەھەر، سەھرامۇ-سەھرا ئايلاندىم. ئادەملەر كۆپ توپلاشقان جايلارغا بېرىپ بۇ پىچاق كىمنىڭ دەپ سورىسام، ھېچكىم مېنىڭ دېمىگەن. پادىشاھ بۇ پىچاقنى مېنىڭ دەپ چىڭ تۇرۇۋالدى. دادامنىڭ قاتىلى پادىشاھ بولماي يەنە كىم بولاتتى» دېگەن گەپلەرنى دېيەلەمسىز مۈشۈك؟» دەپتۇ. بۇ گەپلەرنى ئېسىدە چىڭ ساقلىغان ئاۋۇت ئەتىسى ئۆزىنى دارغا ئېسىشقا يالاپ ماڭغان تۆت جاللاتقا ساۋۇتتىن ئاڭلىغانلىرىنى سۆزلەپتۇ. جاللاتلاردىن بىرسى يۈگۈرۈپ كېلىپ ئاۋۇتنىڭ سۆزلىرىنى پادىشاھقا مەلۇم قىپتۇ. پادىشاھ بۇ گەپلەرنىڭ جاللاتلار ئارقىلىق جەمئىيەتكە تارقىلىپ شاھلىق شەنىگە داغ يېتىشىدىن ئەنسىرەپتۇ-دە، پىچاقنى ئىگىسىگە بېرىپ ئۇنىڭدىن ئەپۇ سوراپتۇ. ئاندىن ئون مىڭ تىللا بېرىپ ئۇزىتىپ قويۇپتۇ. ساۋۇت ئەقىل ئۆگىتىپ ئۆزىنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇپ قالغان كىشىگە رەھمەت ئېيتقۇسى كېلىپ ئۇنى ئىزدىگىلى تۇرۇپتۇ. ئۇ بارمىغان شەھەرلەر، ئاختۇرمىغان مېھمان-سارايلار، توختىمىغان دوقمۇشلار قالماپتۇ. بىراق ئۇنى تاپالماپتۇ. ئۇنىڭ مال-دۇنيالىرى ھەددى-ھېسابسىز كۆپ بولسىمۇ، سەپەردە بىللە ماڭغان ھەمراھىنىڭ ئىسمىنى بىلىۋالمىغان سەۋەنلىكى ئۈچۈن ئۆمۈر بويى كۆڭلىنىڭ بىر بۇرجىكى يېرىم تۇرۇپتۇ.

سۆزلەپ بەرگۈچى: قارىقاش بازىرى تانا بېشى ئاھالە كومىتېتىدىن ئابدۇللاخۇن سىرچى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: قارىقاش ناھىيە توخۇلا يېزا ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى ئەخمەتجان ئابدۇللا

تەھرىرى: داۋۇت ئادىل

# ئاشىق ـ مەشۇقلار

(چۆچەك)

ئۇزاق ئۆتمۈشتىكى بىر زاماندا ھەيۋەتلىك قارا قۇرۇم تاغلىرىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى باغۇ بوستانلىق، ئاۋات شەھەرنىڭ بىر پادىشاھى بولغانىكەن. ھۆرمەتتە، بايلىقتا، سەلتەنەتتە تەڭداشسىز بۇ پادىشاھنىڭ رەھىمە ئىسىملىك بىرلا قىزى بار ئىكەن، ئاي ھەم يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن رەھىمە بويى تارتىپ بالاغەتكە يېتىپتۇ. ئۇنىڭ نۇرلۇق چىرايى، ئوتلۇق كۆزلىرى، جىنەستىدەك لەۋلىرى، پۇرچاقتەك تولغان بوي ـ بەستى نى ـ نى شاھزادە ـ بەگزادىلەرنى ئىشق سەۋداسىدا بىئارام قىپتۇ. لېكىن ئۇلارنىڭ تەلەپ ـ ئارزۇلىرىنى بىر ـ بىرلەپ رەت قىپتۇ. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇ كۆپ خىيال سۈرىدىغان، كېنىزەكلەرگە ئورۇنسىز ئاچچىقلىنىدىغان، غىزانى ئاز يەيدىغان بولۇپ قاپتۇ. ئوردىدا ياسىن ئىسىملىك بىر مۇلازىم بار ئىكەن، رەھىمە بۇ يىگىتنى كۆرسىلا كۆزىنى ئۈزەلمەي جايىدا تۇرۇپ قالىدىكەن. كېنىزەكلەردىن بىرسى رەھىمەنىڭ كۆڭۈل سىرىنى تويۇپ قېلىپ، بۇنىڭدىن ياسىننى ۋاقىپلاندۇرۇپتۇ. ياسىن كېنىزەكنىڭ:

— سىز بىلمەيسىز، رەھىمەنىڭ يۈرىكى سىزنىڭ ئىشقىڭىزدا كۆيۈۋاتقىنىغا خېلى ئايلار بولدى، — دېگەن گېپىنى ئاڭلاپ قۇلىقىغا ئىشەنمەي قاپتۇ. ياسىن رەھىمىگە ئىچىدە كۆيۈپ يۈرگەن بولسىمۇ، «شاھزادە، بەگزادىلەرنى ياراتماي تۇرسا...» دېگەن خىيال بىلەن ئۇنىڭغا ئېغىز ئاچمىغانىكەن، ياسىن كېنىزەكنىڭ پۇرسەت يارىتىپ بېرىشى بىلەن رەھىمەگە كۆڭلىنى ئىزھار قىپتۇ. رەھىمە خۇشال بولۇپ كېتىپ:

— تۇۋا، سىزدىنمۇ زۇۋان چىقىدىكەن ـ ھە؟ — دەپتۇ. ئىككىسى نىكاھ ئوقۇتۇپ ۋىسال شادلىقىدىن بەھرىمەن بوپتۇ. خانىش بىلەن پادىشاھ بۇ مەخپىيەتلىكتىن بىخەۋەر قىلىۋېرىپتۇ. ئاشىق ـ مەشۇقلار يوشۇرۇن ئۇچرىشىشلارغا قېنىشماپتۇ. شەھەردىن يىراقراق جاڭگالدا ياسىننىڭ ئانىسى ئولتۇرغان بىر ئېغىزلىق كونا ئۆيى بار ئىكەن. ئىككىسى كىيىملىرىنى ئۆزگەرتىپ ئاشۇ ئۆيگە بېرىۋاپتۇ. رەھىمە بىر ھەپتىدە ياغلىقنى كەشتىلەپ پۈتتۈرىدىكەن، ياسىن بۇ كەشتە ياغلىقنى بازارغا ئاپىرىپ سېتىپ پۇلىغا ئاش ـ ئوزۇق ھەم رەخت قاتارلىقلارنى سېتىۋېلىپ قايتىدىكەن، بۇ تىجارەت بىلەن ئۇلار تۇرمۇشىنى باياشات ئۆتكۈزۈپتۇ.

مەلۇم بىر بازار كۈنى ياسىننىڭ قولىدىكى كەشتە ياغلىققا بەگنىڭ كۆزى چۈشۈپ قاپتۇ.

— بۇ كەشتىنى كىم توقىدى؟ — دەپ سوراپتۇ بەگ قىزىقىپ.

— ئايالىم توقىدى، — دەپتۇ ياسىن. «چىرايلىق كەشتە توقۇيالىغان چوكانمۇ چىرايلىق بولماي قالمايدۇ» دەپ ئويلاپتۇ بەگ. ئۇ كەشتە ياغلىقنى باھا تالاشمايلا سېتىۋاپتۇ. ئاندىن بەگ يېنىدا تۇرغان غالچىسىنىڭ قۇلىقىغا بىر نەچچە ئېغىز پىچىرلاپتۇ. غالچا بەگنىڭ غەرىزىنى چۈشىنىپ ياسىننىڭ كەينىدىن كۆرۈنمەي مېڭىپتۇ. غالچا ياسىننىڭ ئۆيىنى كۆرۈۋېلىپلا قايتىپتۇ. كېيىنكى ھەپتىنىڭ بازار كۈنى ياسىننىڭ بازاردا تۇرغىنىنى كۆرگەن بەگ غالچىنى ئۇنىڭ ئۆيىگە ئەۋەتىپتۇ. غالچا رەھىمە يالغۇز ئولتۇرغان ئۆيگە كىرىپ:

— خېنىم، ئۆزلىرى بەكمۇ تەلەيلىككەنلا، كەشتە ياغلىقلىرىنى بىر كۆرۈپلا بېگىم سىلىگە ئاشىق بولۇپ قالدى. بېگىمگە تەگسىلە ئامەت قۇشى باشلىرىغا قونىدۇ، — دەپتۇ.

— بېگىمنىڭ كۆڭلى ماڭا چۈشكەن بولسا تەگسەم تېگەي. ئالدىمىزدىكى بازار كۈنى بېگىمنى باشلاپ كەلسىلە، بىر دەم مۇڭداشمىساق بولماس، — دەپتۇ. بەگ بۇ جاۋابتىن خۇشال بولۇپ بىر ھەپتىنى مىڭ تەسلىكتە ئۆتكۈزۈپتۇ. بەگ كېلىدىغان كۈنى رەھىمە ئۆيىنى پاكىز تازىلاپ، چىرايلىق رەتلەپتۇ. ئىككى كارىۋاتقا يوتقان ـ كۆرپە، تەكيىلەرنى رەتلىك تىزىپتۇ. ئاندىن سەككىز يىگىتنى سېتىۋېلىپ كارىۋاتنىڭ ئاستىغا يوشۇرۇپتۇ. شەپە چىقارماسلىقنى تاپىلىغاندىن كېيىن:

— مەن يۆتەلگەن چېغىمدا كارىۋات ئۈستىدىكى ئىككى ئەبلەخنى ئاۋايلىماي كالتەكلەڭلا، — دەپتۇ. دەل شۇ چاغدا بەگ غالچىسى بىلەن ئۆيگە كىرىپتۇ ـ دە،

رەھىمەنىڭ ھۆسن ـ جامالىغا قاراپ ھوشىدىن كەتكىلى تاس قاپتۇ. رەھىمە بۇ ئىككى كىشىنى ئىززەتتى بىلەن قارشى ئېلىپ:

ــ بىر دەم كارىۋاتتا يېتىپ ئارام ئېلىشقايلا. مەن گۆش، سەۋزە تېپىپ كېلەي، ــ دەپلا بوسۇغىدىن چىقىپ ئەھە ـ ئۆھھۇ دەپ يۆتەلگەنىكەن، كارىۋات ئاستىدىكىلەر سەكرەپلا چىقىپ بەگنى، غالچىسىنى كالتەكلىگىلى تۇرۇپتۇ. غالچا شۇ يەردىلا ئۆلۈپتۇ. كالتەكچىلەر ئۇنى جاڭگالنىڭ ئايىغىدىكى چوڭقۇرلۇققا تاشلىۋېتىپتۇ. چالا ئۆلگەن بەگنى قوللىرىنى كەينىگە باغلاپ، يۈزىگە قازان قارىسى سۈركەپ «ئاياللارغا يامان نىيەتتە بولغان» دېگەن خەتنى پېشانىسىگە چاپلاپ، كېچىسى پادىشاھ ئوردىسىنىڭ ئالدىغا ياتقۇزۇپ قويۇپتۇ. پادىشاھ بۇنداق رەسۋاچىلىقتا قالغان بەگدىن نەپرەتلىنىپ ئۇنىڭ ئەمىلىنى بىكار قىلىپتۇ، مال ـ بىساتىنى ئوردا خەزىنىسىگە تاپشۇرۇۋاپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە باش ۋەزىر ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن تازىم قىلىپ تۇرۇپ:

ــ شاھ جانابلىرى، ئۆزلىرىگە دېيەلمەيۋاتقان بىر ھاجىتىم بار ئىدى، دېسەم بولارمىكىن ياكى... ــ دەپتۇ.

ــ ئوردىدا ئون نەچچە يىل بىللە بولۇپتۇرمىز، ماڭا ھەر قانداق گەپلىرى بولسا دەۋېرىشلىرى لازىمغۇ؟ ــ دەپتۇ پادىشاھ.

ــ دەۋېرەي ئەمىسە، ــ دەپتۇ باش ۋەزىر، ــ مېنىڭ ئوغلۇم بىر نەچچە ئايدىن بۇيان كەم غىزا بولۇپ قالدى. كېچىلىرى ئۇخلىيالماي تاڭ ئاتقۇزۇپ، ئورۇقلاپ شاختەكلا بولۇپ قالدى. سەۋەبىنى سۈرۈشتۈرسەم، جانابلىرىنىڭ قىزى رەھىمىگە... ــ شاھ باش ۋەزىرنىڭ مەقسىتىنى چۈشىنىپ:

ــ بىلدىم، بىلدىم. قۇدىلىشىش ئارزۇلىرى باركەن، قىز بالىنى ھامان تالالىق قىلىدىغان گەپ، توي تەييارلىقلىرىنى قىلىۋەرسىلە بولىدۇ، ــ دەپتۇ.

ياسىن بازاردىن كەچتە كېلىپ ئۆيىنىڭ باشقىچە سەرەمجانلاشقىنىنى كۆرۈپتۇ. قانداقتۇ پاتىپاراقچىلىق بولغىنىغا كۆزى يېتىپتۇ. بىراق، رەھىمەنىڭ نەگە بېرىپ نەدە تۇرغانلىقىنى بىلەلمەپتۇ. رەھىمە ئەسلىدە بەگنىڭ ئەدىبىنى بەرگەندىن كېيىن ئېرىگە ساقلاپتۇ. خېلى بىر چاغلارغىچە ئېرى كەلمىگەندىكىن، «نېمە بولغاندۇ؟» دەپ غەم قىلىپ بازارغا بېرىپتۇ. بازاردا ھېلىقى كېنىزەك بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ ئۇنىڭدىن خانىشنىڭ كېسەل بولۇپ يېتىپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپلا ئۆيىگە ماڭغانىكەن.

ياسىن ئىككى كۈنگىچە رەھىمەنىڭ خەۋىرىنى ئالالماي «ئوردىدىن سۈرۈشتۈرۈپ باقاي» دەپ ئوردىغا بېرىپتۇ. ئوردىنىڭ تازىلىقىنى قىلىدىغان تۆت ـ بەش كىشى بولغانلىقتىن ياسىننىڭ يوقلىپ كەتكىنى چانىمىغانىكەن. ياسىن ئوردىغا بارغان كۈنىنىڭ ئەتىسى ئوردىنىڭ بېغىدىن يېقىملىق نەغمە ـ ناۋا ساداسى ئاڭلىنىپتۇ. ياسىن رەھىمىنى سۈرۈشتۈرۈش ئۈچۈن باغ تەرەپكە مېڭىپتۇ. ھېلىقى كېنىزەك ئۇچراپ ياسىننىڭ قۇلىقىغا:

ــ بەك ئوبدان چاغدا كەلدىڭىز، پادىشاھ رەھىمەنى باش ۋەزىرنىڭ ئوغلىغا بەرمەكچى، ئەتە توي بولىدۇ. سىز بۈگۈن كېچە باغنىڭ كەينىدىكى قېرى سۆگەت تۈۋىدە ساقلاپ تۇرۇڭ. مەن ئاتتىن ئىككىنى ئەپچىقىپ بېرەي، ئاندىن رەھىمەنى چىقارتاي، ئىككىڭلار بىردىن ئاتقا مىنىپ قاچمىساڭلا ئىشىڭلار چاتاق» دەپتۇ ـ دە قايتىپ كېتىپتۇ. رەھىمە چىقىشتىن بۇرۇن ياسىن ئۇيقۇ بېسىپ ئۇخلاپ قاپتۇ. شۇ چاغدا ئوردىنىڭ ئىت باقارى بۇ يەرگە كېلىپ ياسىننىڭ ئۇيقۇغا غەرق بولغىنىنى بىلىپتۇ. ئۇ ئاتلارنىڭ چۇلۋۇرىنى كېسىپلا يىراققىراق بېرىپ ئاتلارنى تۇتۇپ ئولتۇرۇپتۇ. بىر دەمدىن كېيىنلا رەھىمە ئاتلارنىڭ يېنىغا پەيدا بولۇپتۇ. ئۇ يېنىدىكى يىگىتنى ياسىن دەپ ئويلاپ پەس ئاۋازدا:

ــ ئاتقا مىنىڭ، تېز ماڭىلى، ــ دەپتۇ. كېچە قاراڭغۇسى بۇ ئىككىسىنى يامان كۆزدىن يوشۇرۇپتۇ. ئۇزاق يوللار ئارقىدا قاپتۇ، ئالەم يورىغاندا قىز ئەتراپىغا قارىسا ئۆزىگە ھەمراھ بولۇپ كەلگىنى ياسىن ئەمەس، ئوردىنىڭ ئىت باقارى ئىكەن، رەھىمە شۈركىنىپ كېتىپتۇ، لېكىن قىلچە چاندۇرماي:

ــ خۇدا شۇنداقمۇ ئۇچراشتۇردى ئىككىمىزنى، ئەمدى ئەر ـ خوتۇن بولۇپ مۇرادىمىزغا يېتىدىغان بولدۇق، ــ دەپتۇ. ئىت باقار تۇيۇقسىز ئامەتتىن خۇشاللىقىنى باسالماي قاپتۇ. ئىككىسى بىر دەم ماڭغاندىن كېيىن ئىت باقار نىيىتىنى ئاشكارىلاپ:

ــ بۇ يەر ئەجەب پىنھانىكەن، بىر دەم كۆڭلىمىزنى خۇش قىلىپ ئارام ئالىلى، ــ دەپتۇ. رەھىمە ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى چۈشىنىپ:

— ماقۇل، ئاتنى ماۋۇ كۆتەككە باغلاپ قويىلى، ۋىسال تەشنالىقىدا يۈرىكىم چاك ـ چاك بولۇپ كەتكىلى نەۋاق، — دەپتۇ. ئىت باقار قولىنى ئۈزۈتۈشى بىلەن رەھىمە ئۇنىڭ قولىنى كاپ تۇتۇۋېلىپ بۇنداق دەپتۇ:

— نېمىگە شۇنچە ئالدىرايسىز، مەن بەرىبىر سىزنىڭغۇ. ئىككىمىز بىر ئويۇن ئوينايلى. قايسىمىز يەڭسەك، شۇنىڭ تەلىپى ھەل بولسۇن.

— ماقۇل، — دەپتۇ ئىت باقار، — قېنى ئاۋۋال سىز دەڭ.

— مەن بىر قولىڭىزنى ئىككى پۇتىڭىزغا چىگىپ قويىمەن، مەن يېشىپ قويسام سىز يېڭىلگەن بولىسىز، ئۆزىڭىز يېشەلىسىڭىز مەن يېڭىلگەن بولىمەن. ئۇ چاغدا سىز نېمە دېسىڭىز شۇ.

— مەيلى، دېگىنىڭىزدەك بولسۇن، — دەپتۇ ئىت باقار. رەھىمە ئۇنىڭ بىر قولى بىلەن ئىككى پۇتىنى شۇ قەدەر چىڭ چىگىپتۇكى، ئىت باقار ئاغرىقتا چىدىماي:

— ۋايجان، چاقچىقىڭىز بەك قاتتىقكەن، — دەۋېتىپتۇ. رەھىمە ئۇنى ئاتنىڭ ئۈستىگە ئارتىپ، ئۆزى بىر ئاتقا مىنىپ يولغا چىقىپتۇ. يول ئۈستىدە ئىت باقار:

— مەن چىدىيالمىدىم، پۇت ـ قوللىرىمنى يېشىۋېتىڭ، سىزنىڭ دېگىنىڭىز ھېساپ بولسۇن، — دەپ يالۋۇرۇپتۇ.

— بىر دەم چىداڭ، ئاز قالدۇق. ئالدىمىزدا بىر ئۆڭكۈر بار، شۇ يەرگە بارغاندا مەن سىزنىڭ ئىختىيارىڭىزدا بولىمەن، — دەپتۇ رەھىمە. ئۇزۇن ئۆتمەي ئىككىسى تاغقا ھاڭنى بويلاپ مېڭىپتۇ. رەھىمە يامان نىيەتلىك ئىت باقارنى چوڭقۇر ھاڭغا ئىتتىرىۋېتىپ يولغا مېڭىۋېرىپتۇ، قىيالار، سايلار، جىلغىلار، ئوتلاقلار ئارقىدا قېلىۋېرىپتۇ. رەھىمە كەچ بولغاندا كەڭ بىر دەريانىڭ بويىغا بېرىپتۇ. قىرغاقتا كېمىچى بوۋاي ھاجەتمەنلەرگە ساقلاپ تۇرغانىكەن: رەھىمە:

— كېمىچى ئۇستام، مېنى ئاتلىرىم بىلەن ئۇ تەرەپكە ئۆتكۈزۈپ قويسىلىچۇ، — دەپتۇ. كېمىچى رەھىمەنىڭ چىرايىغا ئاچ كۆزلۈك بىلەن تويماي قاراپ:

— قاراڭغۇ چۈشۈپ قالدى. كېچىچە مېنىڭ كەپەمدە قونۇپ قېلىڭ، ئەتە ئۆتكۈزۈپ قوياي، — دەپتۇ. رەھىمە ئىلاجسىز كېمىچىگە ئەگىشىپ ئۇنىڭ كەپىسگە كەپتۇ. ئۇ كېمىچىنىڭ چىرايىدىن ئۇنىڭ نىيىتىنىڭ دۇرۇس ئەمەسلىكىنى سەزگەنلىكتىن يوتقان ئىچىدە ئۇخلىغان بولۇپ ئويغاق يېتىپتۇ. تەڭ كېچە بولغاندا كېمىچى ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ رەھىمە تەرەپكە كەپتۇ. رەھىمە تىك ئولتۇرۇپ:

— كېمىچى ئۇستام، تېخى تاڭ يورىمىدى. ئۇخلاۋەرسىلە، — دەپتۇ.

— يېنىمدا سىز ياتسىڭىز قانداقمۇ ئۇخلىيالايمەن؟ — دەپتۇ كېمىچى.

— بىر دەم تەخىر قىلغايلا، — رەھىمە ياستۇق ئاستىغا ئاخشام تىقىپ قويغان بىر ئورام ئۈپىنى كېمىچىنىڭ بۇرنىغا تۇتقانىكەن، بوۋاي ھوشسىزلىنىپ يېتىپ قاپتۇ، رەھىمە كېمىچىنىڭ پەسكەشلىكىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن خەتەرسىز ھوشسىزلاندۇرىدىغان ئۈپىسنى تەييارلاپ قويغانىكەن. ئۇ خاتىرجەم ئۇخلاپ كېچىنى يورۇتۇپتۇ. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپلا يەنە بىر خىل ئۈپىنى پۇراتقانىكەن، كېمىچى ھوشىغا كەپتۇ. ئۇ كېچىدە بولغان ئىشلار يادىغا كېلىپ خىجىللىقتا رەھىمەگە قارىيالماپتۇ. كېمىچى رەھىمەنى، ئۇنىڭ ئىككى ئېتىنى دەريانىڭ ئۇ قېتىغا ئۆتكۈزۈپ قويۇپتۇ.

رەھىمە بىر ئېتىغا مىنىپ، بىر ئېتىنى يېتىلەپ يولىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. بىر تۈزلەڭلىككە بارغاندا رەھىمە نەچچە يۈز ئەسكەرنىڭ مەشىق قىلىۋاتقىنىنى كۆرۈپتۇ. ئەسكەرلەر مەشىقنى توختىتىپ رەھىمەنى ئورىۋېلىپ ئۇنىڭ كېلىشكەن قەددى ـ قامىتىنى، گۈزەل ھۆسن ـ جامالىنى تاماشا قىلغىلى تۇرۇپتۇ. ئەسكەرلەرنىڭ قوماندانىمۇ ئەقلىدىن ئازغىلى تاس قاپتۇ. ئۇ رەھىمەنى ئەسكەرلەردىن قىزغىنىپ:

— مەشىق تۈگىدى، قايتىڭلار، — دەپ ئەسكەرلىرىنى تارقىتىۋېتىپتۇ.

— ئېرىڭىز بارمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ قوماندان رەھىمەدىن.

— ئېرىم يوق.

— ئېرىڭىز بولمىسا ياخشى گەپكەن، مەن سىزنى نىكاھىمغا ئالىمەن.

— ماقۇل، لېكىن ماڭا ئوتتۇز كېنىزەك ھەمراھ بولۇشى كېرەك، كېنىزەكلەرسىز مەن زېرىكىپ قالىمەن، — دەپتۇ رەھىمە، — مەن ئەسلىدە نامان پادىشاھنىڭ قىزى ئىدىم، ئوتتۇز كېنىزەك مېنىڭ خىزمىتىمدە بولاتتى،

مېنىڭ تەلپىم بىلەن شاھ ئاتام مېنى ئون ئەسكىرى بىلەن شىكارغا ئۇزىتىپ قويدى. بىز بىر نەچچە كۈن تاغ، ئورمان، يايلاقلاردا شىكار قىلىپ قايتىۋاتقىنىمىزدا قاراقچىلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىدۇق، ھەمراھلىرىمنىڭ تىرىك قالغانلىرى بىلەن بېشىمىز قايغان تەرەپلەرگە قېچىۋەردۇق، بۇ ھەمراھلىرىم ئاش-ئوزۇقنى ماڭىلا يېگۈزۈپ ئۆزلىرى ئاچ مېڭىۋەردى، ئىلاجىسىز ئاتلارنى ئۆلتۈرۈپ يەپ ماڭا قىرىق كۈن ھەمراھ بولدى. مەن ئاخىرىدا يالغۇز قېلىپ دادامنىڭ تەۋەلىكىدىن چىقىپ كېتىپتىمەن. ھەر نېمە دېگىنىم بىلەن مېنى بۇ يەرگە باشلاپ كەلگىنى — ئۆزۈمنىڭ رىزقىم.

— دېگىنىڭىز توغرا، — دەپتۇ قوماندان، — نىكاھ غايىب دېگەن مانا شۇ. مەنمۇ سىز بىلەن بىر ئۆيدە بولۇپ قالارمەن دەپ ئويلىمىغانتىم. كېنىزەكلەردىن خاتىرجەم بولۇڭ، مېنىڭ 29 كېنىزىكىم بار، بىرسى كەم بولسا ھېچ گەپ ئەمەس، ئۇلار سىزگە ھەمراھ بولالايدۇ. يۈرۈڭ، مەن سىزنى باشلاپ باراي.

ئىككىسى بىردىن ئاتقا مىنىپتۇ. رەھىمە قوماندانغا ئەگىشىپ ئۇنىڭ قەسرىگە كەپتۇ. قوماندان باغقا كاتتا زىياپەت تەييارلاپ رەھىمەگە چوڭقۇر ئىززەت-ھۆرمەت ئىپادىلەپتۇ ھەم ئۇنى 29 كېنىزىكىگە تونۇشتۇرۇپتۇ. ئۇ دۇنيادا تەڭداشسىز گۈزەل قىزنىڭ ئېرى بولغانلىقىدىن پەخىرلىنىپ شارابنى ھەددىدىن زىيادە ئىچىپتۇ-دە، مەس بولۇپ ھېچنەرسىنى بىلمەي يېتىپ قاپتۇ. رەھىمە:

— خوش كېنىزەك دوستلىرىم، قوماندانىڭ قولىدا ئوتتۇز خوتۇنى بولۇپتىمىز، دۇنيادىكى ھەممە جانلىقلار بىرسى ئەركەك، بىرسى چىشى بىر جۈپ بولۇپ يارىتىلغان. بىز ئوتتۇز قىز بىرلا ئەرگە قارىساق نەپسىمىزگە ئىزا بولىدۇ. ھەممىمىز بەختسىز ئىكەنمىز. خۇدا بىزنىڭمۇ بىرسىمىزگە بىر ئەر ئاتا قىلغان بولغىيتتى. بىز ئۆزىمىزنىڭ جۈپتىنى تېپىشىمىز لازىم، — دەپتۇ. بۇ گەپلەر كېنىزەكلەرگە يېقىپ كېتىپتۇ. رەھىمەنىڭ مەسلىھەتى بىلەن كېنىزەكلەر قول-قولچە سال ياساپ دەريانىڭ ئېقىنىنى بويلاپ يىراق-يىراقلارغا كېتىپتۇ. دەريا ئىككىگە بۆلىنىپ ئاقىدىغان يەرگە كەلگەندە قىزلار قىرغاققا چىقىپتۇ. بۇ جاي قېلىن توغراقلىق جاڭگال ئىكەن، قىزلار كىيىملىرىنى سىقىپ قۇرۇتۇپ تۇرغاندا جاڭگالدا پاناھلىنىپ ياتقان ئوتتۇز قاراقچى ئۇلارنى تۆت تەرەپتىن قورشاپ ئېچىرقاپ كەتكەن شەھۋانىي تەلپىنى ئىزھار قىپتۇ. رەھىمە:

— بىز جاھان سەيلىسىگە ھەۋەس قىلىپ بۇ دەرياغا چۈشكەنىدۇق. قىرغاققا چىقالماي ئېقىپ-ئېقىپ مۇشۇ يەرگە كېلىپ قالدۇق. بىز بۇ مەملىكەتنىڭ پۇقراسى ئەمەس، بىزنى بوزەك قىلماڭلا، — دەپتۇ، قاراقچىلار باشلىقى ئۇلاردىن ئېرى بار-يوقلىقىنى سوراپتۇ.

— ئېرىمىز يوق، — دەپتۇ رەھىمە، — خۇدانىڭ ئىرادىسى بىلەن بۇ يەردە سىلەر بىلەن ئۇچرىشىپتىمىز. بىز ئوتتۇز قىز، سىلەر ئوتتۇز ئەر، ئوتتۇز جۈپ بولۇپتۇرمىز. خالىساڭلار، نىكاھ ئوقۇتۇپ ھالال ئەر-خوتۇنلاردىن بولايلى.

— بىزنىڭمۇ ئارمىنىمىز شۇ، — دەپتۇ قاراقچىلار باشلىقى خۇشاللىقتىن ئاغزى قۇلىقىغا يېتىپ. ئۇ نىكاھ ئوقۇيدىغان ئاخۇنۇمنى تاپىدىغان، باشقا قاراقچىلار داستىخانغا كېتەرلىك كاۋاپ، نان، تۇخۇم، ئالما، ئۈزۈم... لەرنى تەييارلايدىغان بولۇپ، بۇ يەردىن كېتىپتۇ. قىزلار:

— مەن بۇلارغا تەگمەيمەن.

— مەن بۇنداق جاڭگالدا ياشىيالمايمەن، — دېگەندەك گەپلىرى بىلەن رەھىمەنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا نارازىلىق بىلدۈرۈپتۇ.

— ماڭا ياقامتى بۇ قاراقچىلار؟ مېنىڭ نىيىتىم بۇنداق، — رەھىمە ئۆزىنىڭ نېمە قىلماقچى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپتۇ. قىزلار قايىل بولۇپ باش لىڭشىتىپتۇ. ئارىدىن خېلى ئۇزاق ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن قاراقچىلار باشلىقى ئىمام ئاخۇنۇمنى، باشقا قاراقچىلار ھەر خىل ئېسىل يېمەك-ئىچمەكلەرنى ئېلىپ كەپتۇ. داستىخان سېلىنىپتۇ. غىزا-تائاملار تىزىلىپتۇ. رەھىمە ئوتتۇز ئەرنى بىر تەرەپكە ئولتۇرغۇزغاندىن كېيىن:

— ئەمىسە قىزلار، ھەممىڭلار ئۆزۈڭلارنىڭ ئۇدۇلىدىكى جۈپتىڭلارغا چاي تۇتۇڭلار، - دەپتۇ. قىزلار رەڭسىز زەھەر سېلىنغان پىيالىلەرگە قېنىق دەملەنگەن چاينى بىر يۇتۇمدىنلا قويۇپ «جۈپتى»لىرىغا سۇنۇپتۇ. قىزلارنىڭ چىرايلىق قاش-كۆزلىرىگە كۆز تىكىپ لەۋلىرىنى يالىشىپ ئولتۇرغان ئاچ كۆز قاراقچىلار پىيالىلەرنى قولىغا ئېلىپلا ئاغزىغا دۈم كۆمتۈرۈپتۇ-دە بىرىنىڭ كەينىدىن بىرسى ئۆلۈپ يەر چىشلەپتۇ.

كېنىزەكلەر يەنە سالدا ئولتۇرۇپ دەريانىڭ ئېقىنىنى بويلاپ كېتىۋېرىپتۇ. ئۈچ كۈندىن كېيىن قىرغاقتىكى سۆگەتلەرگە يامىشىپ بىر مەھەللىگە چىقىپتۇ. بۇ مەھەللىدىكىلەر ئات-ئېشەكلىرىگە مىنىشىپ شەھەرگە بېرىشقا تەييارلىنىپ تۇرغانىكەن. رەھىمە بىر كىشىدىن:

— پادىشاھىمىز ئۆلۈپ كەتكىنىگە يەتتە كۈن بولدى. بۈگۈن ئامەت قۇشى ئۇچۇرۇلۇپ يېڭى پادىشاھ تەختكە چىقىرىلىدۇ، - دەپ ئاڭلاپتۇ. رەھىمە قىزلارنى ئەگەشتۈرۈپ شەھەرگە كىرىپتۇ. قارىسا چوڭ رەستىلەر ئادەم دېڭىزىغا ئايلىنىپتۇ. ھەممە ئادەم بىر پارچە گۆش تۇتقان قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ كۆكتە لەيلەپ ئۇچۇۋاتقان ئامەت قۇشىغا كۆرسىتىپ، «گاھ، گاھ» دېيىشىۋاتقىدەك. ئامەت قۇشى شەرققە ئۇچسا ئادەملەرمۇ شەرققە ئاققۇدەك، غەربكە ئۇچسا غەربكە ئاققۇدەك. رەھىمە بۇنچە جىق ئادەملەردىن ماڭا شاھلىق ئاشمايدۇ دېگەننى ئويلاپ بىر تۈپ تېرەكنىڭ دالدىسىدا تۇرۇپتۇ. ئامەت قۇشى ئېگىزگە تىك كۆتۈرۈلۈپ پەسكە بىر دەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن شارىلدە پەسلەپ كېلىپ، رەھىمەنىڭ بېشىغا قونۇپتۇ. رەھىمەمۇ، كېنىزەكلەرمۇ، پۈتۈن شەھەر خەلقىمۇ ھاڭ-تاڭ قاپتۇ. كىشىلەر رەھىمەنى:

— مۇبارەك بولسۇن يېڭى پادىشاھىمىز! - دەپ تەبرىكلىشىپتۇ. ئوردا ئەمەلدارلىرى گۈللۈك مەپىدە ئولتۇرغۇزۇپ ئوردىغا ئېلىپ بېرىپ شاھلىق تەختىدە ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپتۇ. رەھىمە شاھلىق تاجىنى بېشىغا كىيىپ ھوقۇق يۈرگۈزۈشكە باشلاپتۇ. بىر مەزگىلدىن كېيىن كېنىزەكلەرنى چاقىرتىپ:

— سىلەرنىڭ ھەر بىرىڭلارغا ئازراقتىن پۇل بېرىمەن، بۇ پۇل بىلەن بىرەر ھۈنەر-تىجارەتنى باشلاپ تۇرمۇشۇڭلارنى قامداڭلار. يەنە بىر گەپ، ئايال كىشى تۇل ئولتۇرسا قاتتىق گۇناھ بولىدۇ. بىر ئەرنىڭ ئەمرىگە ئۆتۈپ پېشىنى چىڭ تۇتۇڭلار. مېنى ئىزدەپ سىرتتىن كەلگەنلەرنى ئۇچراتساڭلار مېنىڭ يېنىمغا باشلاپ كېلىڭلار، - دەپ خوشلىشىپتۇ.

ياسىن ھېلىقى ئاخشىمى ئۇخلاپ ئويغانسا ئاتلار يوق تۇرغۇدەك، تاڭ يورىغىچە ساقلىسىمۇ رەھىمە چىقماپتۇ. ئۇ ئوردىغا كىرىپ رەھىمەنى سۈرۈشتۈرۈپ ئاخشام چىقىپ كەتكەنچە پەيدا بولمىغىنىنى ئاڭلاپتۇ، ئۇ ساراڭمىكىن دېسە ئوڭ، ئوڭمىكىن دېسە ساراڭ بولۇپ، رەھىمەنى ئىزدەپ مېڭىپتۇ، باغقا كىرىپتۇ، تاغقا چىقىپتۇ. دەريا-كۆللەردىن، باياۋان چۆللەردىن ئىزدەپتۇ. مېڭىپ-مېڭىپ تاپىنى يېرىلىپتۇ، مەھەللىلەرنى، شەھەرلەرنى ئارىلاپ نۇرغۇن مەملىكەتلەرگە بېرىپتۇ. ئۈچ يىلدىن كېيىن رەھىمە پادىشاھلىق قىلىۋاتقان شەھەرگە كېلىپ قاپتۇ. شەھەر دەرۋازىسىغا چاپلانغان رەسىمنى كۆرۈپلا، ئاھ دەپ يىقىلىپ ھوشىدىن كېتىپتۇ. ئۇ قىرىق كۈنگىچە دەرۋازا تۈۋىدىن كەتمەپتۇ. كېنىزەكلەردىن بىرسى بۇنىڭغا دىققەت قىلغانىكەن،

— بۇ رەسىمنى تونۇمتىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ كېنىزەك ئۇنىڭدىن. ياسىن:

— ئەلۋەتتە تونۇيمەن، مەن ئۇنى ئىزدەپ ئون سەككىز مىڭ ئالەمنى كېزىپ چىقتىم، - دەپتۇ. كېنىزەك بۇ ئىشتىن رەھىمىگە خەۋەر بېرىپتۇ. رەھىمە ياسىننى يادىغا ئېلىپ خىزمەتكارلىرىنى ئەۋەتىپ ئۇنى ئوردىغا ئەكەلدۈرۈپتۇ. بىر-بىرىنى كۆرۈپلا ياسىنمۇ، رەھىمەمۇ ھوشىدىن كېتىپتۇ، ئوردا تىۋىپى ئۇلارنى ھوشىغا كەلتۈرۈپتۇ.

— مېنىڭ ئېرىم مۇشۇ، — دەپتۇ رەھىمە ئوردا ئەمەلدارلىرىغا، — نى-نى پادىشاھلارغا، بەگلەرگە، بايلارغا تەگكىلى ئۇنۇماسلىقىمنىڭ سەۋەبىنى ئەمدى بىلگەنسىلەر.

—مەن سىزنىڭ مېنى ئىزدەپ كېلىدىغانلىقىڭىزنى بىلەتتىم، مېنىڭ بۇ شەھەردە بارلىقىمنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن رەسىمىمنى سىزدۇرۇپ شەھەر دەرۋازىسىغا چاپلىتىپ قويغانىتىم، - دەپتۇ رەھىمە ياسىن بىلەن قالغاندا.

رەھىمە ياسىن بىلەن قىرىق كۈن توي قىلىپ شەھەر خەلقىنى كەڭ-تاشا مېھمان قىلغاندىن كېيىن، ئوردا كېڭەشىدىن ئۆتكۈزۈپ شاھلىق تامغىسىنى ياسىنغا تاپشۇرۇپ بېرىپتۇ. «ئايال كىشى قىز تەگكەن ئېرىنى ئۆلگىچە ئۇنتۇمايدۇ» دېگەن ھېكمەت شۇنىڭدىن قالغانىكەن.

سۆزلەپ بەرگۈچى: قارىقاش ناھىيە ياۋا يېزا ھالايلى كەنتىدىن پەرمان

نەشرگە تەييارلىغۇچى: قارىقاش ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىدىن مۇھەممەتئىمىن قۇربان

تەھرىرلىگۈچى: مەتتىسلىم مەتقاسىم

# كۆز ئاغرىسا

(چۆچەك)

يېقىنــدىن يىراقــراق، يىــراقتىن يېقىنــراق بىــر مەھەللىدە رۇستەم ئىسىملىك بىر كىشى بولۇپ، كۆزى ئاغرىپ چىدىيالماي كۆز دوختۇرىنىڭ ئالدىغا كىرىپتۇ. كۆز دوختۇرى ئۇنىڭغا نەزەر سېلىپ:

ــ كــۆزىڭىز ســاقايماپتۇ. دورىنــى يېمەپــسىز-ھە؟ دەپتۇ. رۇستەم:

ــ بىر تال ئىچىپ باقسام تەمى ياخشى ئەمەسكەن، ئىچكۈم كەلمىدى، ــ دەپتۇ.

ــ ئوكۇلنىمۇ ئۇرغۇزمىغان ئوخشايسىز.

ــ قورقىمەن دوختۇر، قورقىمەن.

ــ باشقىلار قورقماي ئۇرغۇزىدىغۇ.

ــ ئۇلارنىڭ جېنى ئەخلەت دۆۋىسىدىن ئۇچرىغان جانمىكىن، ئەجەب خارلايدىكىنە. مېنىڭ جېنىم شىرىن جــان جۇمــا. ئۇچلــۇق يىڭنىنــى بەدىــنىمگە پوســىدە سانجىــسا ئۇنىمايمەن،ــ دە،ــ رۇســتەم گېپىــى تــۈگە-تۈگىمەيلا بارماقلىرى بىلەن كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپتۇ.

ــ مەن ســىزگە كــۆزىڭىزگە قــول تەگكــۈزمەڭ دېگەنتىمغۇ،ــ دەپتۇ كۆز دوختۇرى. رۇستەم:

ــ كــۆزۈم قىچىشقانــسېرى ئــۇۋۇلاپ، ئۇۋۇلىغانــسېرى قىچىشىپ قىينىلىپ كېتىۋاتىمەن،ــ دەپتۇ. كۆز دوختۇرى رۇستەمنىڭ چاپاقلىشىپ، قىزىرىــپ كەتــكەن كــۆزلىرىگە قاراپ ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپتۇ.ئۇ:

ــ كۆزىڭىزنىڭ ساقىيىشىنى راستتىنلا خالامىسىز؟ــ دەپ سوراپتۇ.

ــ خالايمەن ئەمەس،ئــارزۇ قىلىــمەن.ئــارزۇ! مېنىــڭ كۆزۈم ئــاران ئىككــى دوختــۇر. ماڭــا ھەمــمە ئەزالىرىمــدىن كۆزۈم مۇھىم،ــ دەپتۇ رۇستەم.

ــ ئەمىــسە ســىزنى تېخىمــۇ تەپــسىلىي تەكــشۈرۈپ باقاي،ــ كــۆز دوختــۇرى تىڭــشىغۇچ بىــلەن رۇســتەمنىڭ قورسىقىنى تىڭشاپ بېقىپ ھەيرانلىق بىلەن - ۋوي نېمە ئىش بۇ؟ــ دەپتۇ. رۇستەم جىددىيلىشىپ:

ــ مەندە باشقا كېــسەلمۇ بارمىكەن؟ــ دەپ ســوراپتۇ ئەندىكىپ.

ــ ئېغىزدىن چىقىرىش تەس.

ــ قانــداق كېــسەللىك ئۇ دېگىلــى بولمايدىغان؟ــ رۇستەم تېخىمۇ جىددىيلىشىپ تىترەشكە باشلاپتۇ.

ــ ئەرلەردە يۈز بەرمەيــدىغان غەلــتە بىــر ئەھۋالغا دۇچار بولۇپ قاپسىز...

رۇستەم تىت - تىت بولۇپ:

ــ تېزراق دېمەمــسىز، قانــداق غەلــتە ئەھــۋال ئۇ؟ــ دەپ سوراپتۇ.

ــ بويىڭىزدا باركەن.....

رۇستەم ئوتتا دەسسىۋالغاندەك چۆچۈپ كېتىپ:

ــ نــېمە؟ بــويىڭىزدا بــاركەن، دېــدىڭىزما ؟ــ دەپ سوراپتۇ.

ــ ھەئە، بويىڭىزدا باركەن.

ــ دۇنيادا شۇنداق ئىشمۇ بولارمۇ؟

ــ دۇنيادا ئادەمنىڭ ئەقلىگە ســىغمايدىغان ئىــشلار بولۇپ تۇرىدۇ،ــ دەپتۇ كۆز دوختۇرى،ــ سىزمۇ ئاڭلىغان بولغىيدىڭىز، ئايال ئەرگە، ئەر ئايالغا ئۆزگىرىــپ قالغان ئىشلارنى..

ــ قايــسىبىر دانىــشمەندىن شــۇنداق ئاڭلىغــان ئىدىم،ــ دەپتۇ رۇستەم، ــ بىــر ئايــال ئىككىنــى تۇغــۇپ بولغاندىن كېيىن ئەرگە ئۆزگىرىپ قاپتۇ. بۇ ئەر بىر قىز بىلەن توي قىلىپتۇ. بۇ قىــز بىرنــى تۇغۇپتــۇ. كېــيىن بــۇ ئــادەمنى ئالــدىنقى ئىككــى بالىــسى ئانــا دەپ، كېيىنكــى

بالىسى دادا دەپ چاقىرىشتىن ۋاز كەچمەپتۇ.

كۆز دوختۇرى:

ـ هە مانا، سىزمۇ ئاڭلاپسىزغۇ، دۇنيادا ئادەمنى هەيران قالدۇرىدىغان ئاجايىپ ـ غارايىپ ئىشلار تولا، ـ دەپتۇ.

ـ مەن دېگەن راۋۇرۇس ئەر كىشى.

ـ راۋۇرۇس خورازمۇ يىلدا بىر تۇغىدىكەنغۇ.

ـ بۇ گېپىڭىزگە ئىشىنەي دېسەم تېخى، ئىشەنمەي دېسەم تېخى، ـ دەپتۇ رۇستەم بېشى قايغاندەك بولۇپ.

كۆز دوختۇرى:

ـ مېنىڭ گېپىمگە ئىشەنمىسىڭىز باشقا دوختۇرلارغا كۆرۈنۈپ بېقىڭ، ـ دەپتۇ. ـ ياق، ياق، ياق بۇ سەتچىلىكنى سىزدىن باشقا هېچكىم ئۇقمىسۇن.

ـ ۋاقتى كەلگەندە بالا تۇغۇلىدىغان گەپ. ئۇ چاغدا تېخىمۇ سەتچىلىك بولار.

ـ جېنىم دوختۇر، ـ دەپ تىزلىنىپ يالۋۇرۇپتۇ رۇستەم، ـ بۇ سەتچىلىكتىن مېنى قۇتقۇزۇپ قېلىڭ، مەن سىزدىن ئۆمۈر بويى مىننەتدار بولاي.

ـ ماقۇل، مەن ئامالىنى قىلاي، بىراق مېنىڭ تەلىپىمگە چوقۇم ئەمەل قىلىشىڭىز كېرەك، ـ كۆز دوختۇرى رۇستەمگە دورىنى ئۆلچەم بويىچە ئىچىشنى، ئوكۇلنىمۇ كۈندە ئىككى قېتىم ئۇرغۇزۇشنى تەكىتلەپتۇ. رۇستەم چوقۇم شۇنداق قىلىشقا نىيەت قىلىپتۇ. كۆز دوختۇرى:

ـ يەنە بىر تەلىپىم بار. بۇ هەممىدىن مۇهىم، بىراق ئەمەل قىلالىشىڭىز تەس، ـ دەپتۇ.

ـ ئەمەل قىلىمەن. هەر قانچە ئېغىر تەلەپنىمۇ ئورۇندايمەن ـ دەپتۇ رۇستەم.

كۆز دوختۇرى كەسكىن قىياپەتتە:

ـ قورسىقىڭىزنى ئىككى ئالقىنىڭىز بىلەن توختىماي سىلايسىز. ئۇخلىغان ۋاقتىڭىزدا ئىككى ئالقىنىڭىز قورسىقىڭىزنىڭ ئۈستىدە تۇرسۇن. بۇنىڭ سىزنى سەتچىلىكتىن قۇتۇلدۇرۇشتا هەل قىلغۇچ رولى بار، بۇ تەلەپكە چىدىيالامسىز؟ ـ دەپ سوراپتۇ. رۇستەم ئىككىلىنىپ:

ـ كۆزلىرىم بەك قىچىشىپ كەتكەندە قوللىرىم... ـ دەپ گېپىدىن توختىۋاپتۇ. كۆز دوختۇرى:

ـ چىداڭ، بولمىسا تۇغۇڭ، ـ دەپتۇ.

ـ ياق، ياق، كۆزلىرىم قىچىشىپ قارىغۇ بولۇپ قالسام مەيلىكى، تۇغسام هەرگىز بولمايدۇ.

ـ ئايالىڭىز باردۇ؟ ـ دەپ سوراپتۇ كۆز دوختۇرى.

ـ بار، توي قىلغىنىمىزغا يىگىرمە يىل بولدى، ئىككىمىز بىر ـ بىرىمىزگە شۇ قەدەر مېھرىبان، چوڭ ئوغلۇم بۇ يىل يىگىرمە ياشقا كىردى، ـ دەپتۇ رۇستەم قورسىقىنى شاپىلاقلاپ گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ، ـ بۇ شۇمتەك تۇغۇلۇپ قالسا ئۇلارنىڭ يۈزىگە قانداق قارىيالايمەن؟

كۆز دوختۇرى ئۇنىڭغا:

ـ تاماقلىنىش، دورا يېيىش، ئوكۇل ئۇرغۇزۇش ئىشلىرىڭىزغا ئايالىڭىز ياردەملەشسۇن، سىز ئىككى ئالقىنىڭىزنى قورسىقىڭىزدىن بىر دەممۇ ئاجراتماڭ، ـ دەپ تەكىتلىگەندىن كېيىن، ـ بۈگۈندىن باشلاپ ئوكۇلىڭىز ئۈچ كۈندە تۈگەيدۇ. تۆتىنچى كۈنى يەنە كېلىڭ. تەكشۈرۈپ كۆرەي، ـ دەپتۇ. تۆت كۈندىن كېيىن رۇستەم يەنە كەپتۇ. كۆز دوختۇرى ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈپ:

ـ كۆزلىرىڭىز بىر ئوبدان ساقىيىپ قاپتۇ مانا، ـ دەپتۇ.

ـ كۆزۈم بىلەن قاپسىز، بۇ يېرىمنى تەكشۈرۈپ بېقىڭ، ـ دەپتۇ قورسىقىنى سىلاپ تۇرۇپ رۇستەم. كۆز دوختۇرى:

ـ خاتىرجەم بولۇڭ. ئەرلەرنىڭ بويىدا قېلىشى مۇمكىن ئەمەس، بىراق مەن شۇنداق دەپ سىزنى قورقىتىپ، قوللىرىڭىزنى قورسىقىڭىزغا بەند قىلىپ قويمىسام، كۆزىڭىزنى ئۇۋۇلاۋېرىپ نابۇت قىلىۋېتەتتىڭىز. ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ «كۆزۈڭ ئاغرىسا قولۇڭنى تارت» دېگەن ھېكمىتىنى ئاڭلىماپتىكەنسىز، ـ دەپتۇ.

رۇستەم ئىشنىڭ تېگىنى چۈشىنىپ، ئەقىل پاراسەتلىك كۆز دوختۇرىغا كۆپتىن ـ كۆپ رەهمەت ئېيتىپتۇ. ئۇ باللىرىغا هەم تونۇش، تۇغقانلىرىغا :

ـ كۆزۈڭلار ئاغرىسا قولۇڭلار بىلەن ئۇۋۇلىماڭلار، ـ دەپ نەسىهەت قىلىدىغان بولۇپتۇ.

سۆزلەپ بەرگۈچى: قارىقاش بازىرىدىن ئابدۇللاخۇن سىراجى

نەشىرگە تەييارلىغۇچى: قارىقاش ناهىيىلىك مەدەنىيەت تەنتەربىيە ئىدارىسىدىن **غەيرەت ئەخمەت**

تەهرىرى: **مەتسىلىم مەتقاسىم**

# دىۋىنى يەڭگەن ئوتۇنچى



(چۆچەك)

بۇرۇنقى زاماندا توغراقلىق جاڭگالنىڭ بويىدا بىر جۈپ بوۋاي-موماي ياشايدىكەن. ئۇلارنىڭ پەرزەنتى بولمىغانلىقتىن، تۇرمۇشنىڭ بارچە ئېغىرچىلىقلىرىنى ئۆزلىرى كۆتۈرمەي ئىلاجى يوقكەن. ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى غورىگۇل ئۆتىدىكەن. بوۋاي دۇنيالىقتا ئىككى يەردە ئۇلىقى بار بىر تال كۆلىسى بىلەن جاڭگالدىن ئوتۇن توشۇپ سېتىپ، بىر ئۆينىڭ خىراجىتىنى ئاران-ئاران قامدايدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە بوۋاي جاڭگالغا ئوتۇن تەرگىلى بېرىپتۇ. ئۇ بىر دۆڭنىڭ دالدىسىدا ئىشتان-كۆڭلەكلىرىنى سېلىپ بەدىنىگە ئارام بەرمىگەن پىت-سىركىلەرنى بېقىپ ئولتۇرغانىكەن، بىر هارامزادە تۈلكە نەدىندۇر كېلىپ، بوۋاينىڭ كونا كۆلىسىنى چىشلەپلا ئېلىپ قېچىپتۇ. بوۋاي تۈلكىنىڭ ئىزى بىلەن ئۇنى قوغلاپ مېڭىپتۇ. ئۇ كۆلىسىنى تېپىپ ئاندىن ئۆيىگە بارمىسا، موماينىڭ تاپا-تەنىسىگە قالىدىكەن. بوۋاي تۈلكىنى قوغلاپ كېتىۋېرىپتۇ. بارا-بارا قاراڭغۇ چۈشۈپ تۈلكىنىڭ ئىزى ياكى ئۆزى كۆرۈنمەپتۇ. ئۇ كەلگەن يەردە بىر كېچە قونۇپ تۈلكىنى يەنە ئىزدەشنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. بوۋاي كېتىپ بارسا بىر تۈپ توغراق تۈۋىدىن بىر تورغاي ئۇچۇپ چىقىپتۇ. بوۋاي ئاستا كېلىپ تورغاي ئۇچۇپ چىققان كامارغا قولىنى تىققانىكەن، قولىغا بىر تورغاي بىلەن ئىككى تۇخۇم ئۇرۇنۇپتۇ. ئۇ تورغاينىمۇ، تۇخۇمنىمۇ ئېلىپ كۆينىكىنىڭ يانچۇقىغا سېپتۇ. كۆڭلىدە تورغاي بىلەن تۇخۇمنى پىشۇرۇپ يېسەم، قورسىقىمنىڭ ئاچلىقىغا بىر دەملىك بولسىمۇ ئارام بولىدۇ دەپ ئويلاپتۇ.

ئۇ مېڭىپ-مېڭىپ بىر توقايغا چىققاندا، بىر هەيۋەت يوغان دىۋە بىلەن ئۇچرىشىپ قاپتۇ. دىۋە «بىر هەپتىدىن بۇيان گۆش يېمەي ئېچىرقاپ كەتكەنىدىم. ئالدىمغا ئۆزى كەپتۇ. بۇ ئاللاھنىڭ ماڭا قىلغان ئىلتىپاتى» دەپ خۇشال بولۇپ:

— ئەي بوۋاي، ئىسمىڭ نېمە؟ بۇ جاڭگالغا نېمە سەۋەبتىن كېلىپ قالدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مېنى تونۇيالماۋاتامسەن، كۆزۈڭ كورمۇ سېنىڭ؟ — دەپتۇ بوۋاي قورقىنىنى چاندۇرماي، — زېرەك پالۋان دەپ ئاڭلىغانمىدىڭ؟ ئاشۇ پالۋان مەن بولىمەن. بۇ جاڭگالغا يالغۇز كېلىپ قېلىشىمدىكى سەۋەب، بىر هىيلىگەر تۈلكە بىر دىۋىنى ئالداپ سىزگە ئەكىلىپ بېرىمەن دېگەنتى، ئۇ تېخىچە ئەكىلىپ بېرەلمىدى. شۇڭا، دىۋىنى ئۆزۈملا تۇتۇپ يەي دېۋىدىم. تەلىيىمگە ئۆزۈڭ ئۇچراپ قالدىڭ.

دىۋە: «بوۋاي پوچىلىق قىلىۋاتامدۇ ياكى راستىنلا زېرەك پالۋانمۇ، بىر سىناپ كۆرەي» دېگەن خىيالدا:

— ئىككىمىز كۈچ سىنىشىپ باقىلى، قايسىمىز يېڭىپ چىقساق، يېڭىلىپ قالغىنىمىزنى يەيلى، — دەپتۇ.

— بەللى، بەللى، مەنمۇ شۇنداق دەي دەپ تۇراتتىم، — دەپتۇر بوۋاي، — قانداق سىنىشىشنى خالىساڭ ئۆزۈڭ باشلاۋەرگىن.

دىۋە يەردىن بىر تال تاشنى ئالىقىنىغا ئېلىپ راسا كۈچەپ سىققان ئىكەن، تاش قۇمدەك ئېزىلىپ كۆپ-كۆك سۇ چىقىپتۇ. بوۋاي قولتۇقىنى قاشلىغان بولۇپ يانچۇقىدىن ئىككى تۇخۇمنى قولىغا ئېلىپ ئاندىن يەرگە

ئېگىشىپ ئالىقىنىغا تاش ئالغاننى دوراپتۇ. كۆچمەيلا بىر سىققانىكەن، «تاش»نىڭ ئاق ـ سېرىق سۇلىرى بارماقلىرى ئارىسىدىن ئېقىپ چۈشۈپتۇ. دىۋە يەردىن بىر تال تاشنى ئېلىپ ئاسمانغا قارىتىپ راسا كۈچەپ ئاتقانىكەن، تاش ئېگىزگە ئۆرلەپ كۆزدىن غايىب بولغاندىن كېيىن خېلى ۋاقىت ئۆتكەندە يەرگە تۆككىدە چۈشۈپتۇ. بوۋاي يانچۇقىدىكى تۇرغاينى ئالىقىنىغا يوشۇرۇپ، يەردىن تاش ئالغاننى دوراپ «تاش»نى كۆچمەيلا ئاسمانغا ئېتىپتۇ. «تاش» ئېگىزگە ئۆرلەپ كۆزدىن غايىب بولۇپتۇ. ئىككىسى «تاش»نىڭ يېنىپ چۈشۈشىگە ساقلاپتۇ، ساقلاپتۇ، «تاش» چۈشمەپتۇ.

ــ ساقلىغىنىمىز بىكار، ــ دەپتۇ بوۋاي خېلى ئۇزاق ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، ــ مەن ئاتقان تاش ئالەمنىڭ ئۇ تەرىپىگە كېتىدۇ.

دىۋە بوۋايىنى يەنە بىر قېتىم سىناپ باققۇسى كېلىپ، ئۇنى ئۆيىگە تەكلىپ قىپتۇ. بوۋاي ماقۇل بوپتۇ. دىۋە بىر قوينى پىشۇرۇپ داس بىلەنلا بوۋايىنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ. بوۋاي گۆشتىن ئازراق يەپلا قورسىقى تويۇپ قاپتۇ ـ دە، پۈتى بىلەن داسنى ئىتتىرىپ قويۇپتۇ. دىۋە گىدىيىپ:

ــ بىر قوينىڭ گۆشىنى يەپ بولالمىدىڭ، سېنى قانداقمۇ پالۋان دېگىلى بولسۇن؟ ــ دەپتۇ.

ــ مەن بۇنى دىۋە گۆشى ئوخشايدۇ، دېسەم ئەمەسكەنغۇ، دەپتۇ بوۋاي ئاچچىقلىنىپ، ــ سەن مېنى كەمسىتىپ قوي گۆشى بېرىپسەن، بۇنى ئۆزۈڭ يەپ، ماڭا دىۋە گۆشى پىشۇرۇپ بەرگىن.

دىۋە قورقۇپ كېتىپ گۆشنى يىغىشتۇرىۋېتىپتۇ. ئۇ بوۋايىنى يوقاتمىسا ئۆزىگە خەتەر يېتىدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ:

ــ ماقۇل، ماقۇل، بۈگۈن كېچە مەن ياش، پاقلان دىۋىدىن بىرنى تۇتۇپ، ئەتە ناشتىلىقلىرىغا تەييارلاي. ئۆزلىرى مۇشۇ ئۆيۈمدە قونۇپ بەرگەيلا، ــ دەپتۇ. كەچ بولغاندا دىۋە بوۋايغا تۆگىلۈكنىڭ ئۇدۇلىغا جاي راسلاپ بېرىپتۇ. ئۇ تۆگىلۈكتىن تاش تاشلاپ ئۇخلاۋاتقان بوۋايىنىڭ بېشىنى مىجىۋېتىشنى نىيەت قىلغانىكەن. بوۋاي دىۋىنىڭ نىيىتىنى بىلىپ قېلىپ، تەلپىكىنى تەككى ئۈستىدە قويۇپ، يېرىمنى يوتقان بىلەن باستۇرۇپ قويۇپتۇ. ئۆزى بولسا تامنىڭ تۈۋىگە بېرىپ ئۇخلاپتۇ. تەڭ كېچە بولغاندا! دىۋە بىر نەچچە دانە قورام تاشنى بوۋايىنىڭ بېشىنى چەنلەپ تۆگىلۈكتىن ئارقا ـ ئارقىدىن تاشلاپتۇ. يوتقان، تەكيە، تەلپەكلەر خۇددى توزغاقتەك توزۇپ كېتىپتۇ. بوۋاي قورقۇپ كېتىپ يۈرىكى گۈپۈلدەپ سېلىشقا باشلاپتۇ.

ــ شۈكرى خۇدايىم، مېنى ھەر قانچە بولسا يوتقاندا ياتقۇزماپسەن، بولمىسا قورام ـ تاشلارنىڭ زەربىسىدە كۆككۈم ـ تالقان بولۇپ، دىۋىنىڭ ناشتىلىقى بولۇپ قالىدىكەنمەن، ــ دەپتۇ ئۆز ـ ئۆزىگە پىچىرلاپ، ئاندىن ئۇ تاشلارنى شەپە چىقارماي بىر تەرەپكە سۈرۈۋېتىپ، يوتقاننى تۈزەشتۈرۈپ ئىچىگە كىرىۋاپتۇ. تاڭ ئاتقاندا دىۋە «بوۋاي ئاللىقاچان ئۆلدى، ئەمدى بىر ۋاقلىق يەيدىغىنىم تەييارلاندى» دەپ شۆلگەيلىرىنى ئېقىتىپ ئۆيگە كىرىپتۇ. قارىسا بوۋاي كۆزى ئوچۇق، ئويغاق ياتقىدەك. دىۋە قورقۇپ جېنى تۇمشۇقىغا كەپتۇ. لېكىن يالغاندىن كۈلۈپ:

ــ ھى... ھى... ھى... زېرەك پالۋان جانابلىرى، ئوبدان ئۇخلاپتىلىمۇ؟ ــ دەپ سوراپتۇ. بوۋاي تېرىككىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىپ:

ــ ھەي ئەبگار دىۋە! بۇ ئۆيدە بەش ـ ئالتە تال بۈرگە باركەن، ئانچە ئوبدان ئۇخلىيالمىدىم. مېنى بۇنداق ئۆيدىمۇ ياتقۇزۇپسەن، ــ دەپتۇ غەزەپ بىلەن، دىۋە: كەينى ـ كەينىدىن تازىم قىلىپ تۇرۇپ:

ــ دېۋەڭلىك قىپتىمەن، دېۋەڭلىك قىپتىمەن، ماڭا مۇشۇ بىر قېتىم كەڭچىلىك قىلغايلا، ــ دەپ يالۋۇرۇپتۇ. بوۋاي:

ــ دېۋەڭلىكىڭ راستكەن، قۇرۇق گەپ بىلەن ئەپۇ سورىغىنىڭنى قارا سېنىڭ! ــ دەپتۇ. دىۋە كۈچۈكلىنىپ:

ــ ئۇنداق ئەمەس، ئۇنداق ئەمەس، ئۆزلىرىنىڭ لايىقلىرىدا بولمىسىمۇ، ئازراق سوۋغىتىم بار، ــ دەپتۇ ـ دە، سىرتقا چىقىپ كېتىپ ئىككى پېيىغا لىق بىر نەرسىلەر قاچىلانغان خۇرجۇننى كۆتۈرۈپ كىرىپ، بوۋايىنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ.

ــ نېمەڭ بۇ؟ ــ دەپ سوراپتۇ بوۋاي ئەجەبلىنىپ قاراپ.

ــ بىر پېيىدىكى ئالتۇن، بىر پېيىدىكى تىللا، ــ

دەپتۇ دىۋە غال-غال تىترەپ تۇرۇپ. بوۋاي مەنسىتمىگەن هالدا:

— ئاران مۇشۇلىما؟ بوپتۇ، ئۆيۈمگە ئاپىرىپ بەر، — دەپتۇ. دىۋە ئالمان-تالمان خۇرجۇننى يۈدۈپ بوۋاينىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ بېرىپتۇ. بوۋاي دىۋىنى ئۇزۇنتۇرۇپمۇ قويماپتۇ. نەچچە ئون يىل خاپىلىق تارتىپ ئىشلەپ ئېرىشەلمىگەن ئالتۇن-تىللاغا تۇيۇقسىز ئىگە بولۇپ قالغان بوۋاي «ئەمدى ئۆمرىمىزنىڭ ئاخىرىغىچە باياشات ياشىيالايمىز» دەپ خۇشال بولۇپتۇ. لېكىن دىۋە تۈلكە بىلەن ئۇچرىشىپ قالسا مېنىڭ ئەسلىدىكى ئەھۋالىمنى ئاڭلاپ قالىدۇ، ئۇ چاغدا قانداق بولار دەپ ئەندىشىگە چۈشۈپتۇ. راست دېگەندەك بىر كۈنى دىۋە توغراقلىقتا كېتىۋېتىپ بوۋاينىڭ ئوتۇن توشۇيدىغان كۆلىسىنى ئېلىپ قاچقان تۈلكە بىلەن ئۇچرىشىپ قاپتۇ. تۈلكە ھەڭگىدە ھېجىيىپ:

— ھە دىۋە باتۇر، نەگە بېرىپ كەلدىلە؟ — دەپ سوراپتۇ. دىۋىنىڭ جاۋابىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن:

— ئۆزلىرى شۇنداق ھەيۋەتلىك، قاۋۇل پالۋان تۇرۇپمۇ، قېرىپ، تۆت كۈنلۈك ئۆمرى قالغان لەقۋا بوۋايغا بوزەك بولدىلمۇ؟ مەن ئۇنىڭ ئوتۇن توشۇيدىغان كۆلىسىنى ئېلىپ قېچىپ، ئۇنى بىر كۈن يۈگۈرتۈپ ھاردۇرغانىدىم. ئۇنى ئۆلگىدەك ئۇخلاپ ئۆزلىرىگە يەم بولغاندۇ دېسەم، ھەي، قارىسىلا سىلىنىڭ بىر خۇرجۇن ئالتۇن-تىللانى ئۇنىڭغا ئاپىرىپ بەرگەنلىرىنى، يۈرسىلە، مەن سىلى بىلەن بىللە باراي، ئالتۇننى قايتۇرۇپ كېلىلى، — دەپتۇ دىۋىنىڭ قورسىقىنى ئېسىپ.

— ياق، ياق. مېنى ئارقا-ئارقىدىن تۆت قېتىم مەغلۇپ قىلغىنى سەن دېگەن بوۋاي ئەمەس، زىرەك پالۋان، مەن بارمايمەن، ئۆزۈڭ بېرىۋەرگىن، — دەپتۇ دىۋە.

— ئىشەنمىسىلە بۇنداق قىلايلى ئەمىسە، بۇ كۆلىنىڭ بىر ئۇچىدا مېنىڭ بوينۇمنى، يەنە بىر ئۇچىدا ئۆزلىرىنىڭ بويىنىنى باغلايلى، سىلە كەينىمدە ماڭسىلا، مەن ئالدىلىرىدا ماڭاي. بوۋاي بىزنى كۆرۈپ، كۆلامنى بەر دېسە، مەن گېپىنى قىلغان بوۋاي شۇ، — دەپتۇ تۈلكە، — بولمىسا سىلە گېپىنى قىلغان زىرەك پالۋان بولسۇن.

دىۋە تۈلكىنىڭ گېپىگە قوشۇلۇپتۇ، ئىككىسى بوۋاينىڭ ئۆيىگە قاراپ مېڭىپتۇ. بوۋاي خېلى بۇرۇنلا موماينى ئۆگزىگە چىقىرىپ قويغانىكەن. موماي ئۆگزىدە تۇرۇپ قارىسا تۈلكە بىلەن دىۋە بۇ ئۆي تەرەپكە كېلىۋېتىپتۇ. موماي بۇ ئەھۋالنى بوۋايغا مەلۇم قىپتۇ. بوۋاي ئۆگزىگە چىقىپ خەۋپ-خەتەرنىڭ يېقىنلاپ كەلگىنىنى كۆرۈپتۇ-دە، قورقۇپ تىترەشكە باشلاپتۇ. ئۇ شۇ ھالدا جىددىي ئويلىنىپ، بىر ئامال تېپىپتۇ. تۈلكە بىلەن دىۋە ھويلىغا كىرگەندە بوۋاي :

— ھوي ئالدامچى تۈلكە! سەن مېنىڭ كۆلامدا بەش دىۋە باغلاپ كەلمەكچىدىڭ. ئەكەلگىنىڭ ئاران بىر دىۋىما؟ — دەپ ۋارقىراپتۇ. ئۇ ئۆگزىدىن سەكرىگەنىكەن، دىۋە بەدەر قېچىپتۇ، تۈلكىنىڭ بويىنى دىۋىنىڭ بوينىغا باغلاقلىق بولغاچقا، دىۋىنىڭ ئېگىز-پەس، ئەگرى-دونىيا يولدا يۈگۈرۈشى بىلەن تۈلكە تاشلارغا، دەرەخلەرگە سوقۇلۇپ ئاخىرى ئۆلۈپتۇ. دىۋە كەينىگە قارىسا تۈلكىنىڭ ئېغىزى ئېچىلىپ، چىشلىرى ھەڭگىيىپ، خۇددى كۈلگەندەك كۆرۈنۈپتۇ. دىۋە غەزەپلىنىپ:

— ھۇ ئەبگار تۈلكە، سەن مېنى ئالداپ زىرەك پالۋانغا تۇتۇپ بەرمەكچى بولغىنىڭنى ئاز دەپ ئەمدى مېنى مازاق قىلىپ كۈلۈۋاتامسەن تېخى، — دەپ ئۆلۈپ بولغان تۈلكىنى چوڭ تاش بىلەن كۆكۈم-تالقان قىلىۋېتىپتۇ. دىۋە زىرەك پالۋاندىن ئامان-ئېسەن قۇتۇلغىنىغا خۇش بولۇپ، بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلارنى ھەمراھلىرىغا سۆزلەپ بېرىپتۇ. شۇنىڭدىن بۇيان دىۋىلەر تۈلكىگە ئۆچ بولۇپ قالغانىكەن. ئوتۇنچى بوۋاي ئەقىل-پاراسىتىگە تايىنىپ تۈلكە بىلەن دىۋىنى مەغلۇپ قىلغانلىقى ئۈستىگە خەجلەپ تۈگىتەلمەيدىغان ئالتۇن-تىللانىڭ ئىگىسى بولۇپ چەكسىز خۇشال بولۇپتۇ. ئاجىز، مىسكىن، پېقىر، كېسەلچان كىشىلەرگە خەير-ئېھسان قىلىپ يۇرت خەلقىنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولۇپ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە باياشات ياشاپتۇ.

سۆزلەپ بەرگۈچى: قارىقاش ناھىيە توخۇلا يېزا توخۇلا كەنتىدىن تۇرسۇنتوختى سىدىق

نەشرگە تەييارلىغۇچى: قارىقاش ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىدىن جالالىدىن

تەھرىرى: مەتسېلىم مەتقاسىم

# تېجىسەڭ تۆزلەرسەن

(چۆچەك)

بۇرۇنىڭ بۇرۇنىسىدا تەكلىماكان بويىدىكى يۇرتلارنىڭ بىرىدە قادىر ئىسىملىك بىر كىشى ياشىغانىكەن. بۇ كىشى ئون-ئون بەش كۈندە كولىغان ئوتۇنلىرىنى كېمىگە بېسىپ دەريانىڭ ئاياغ ساھىلىدىكى شەھەرگە ئاپىرىپ ساتىدىكەن، پۇلىغا ئۇن، تۇز، ياغ-گۆش دېگەندەك نەرسىلەرنى ئېلىپ كەيىنگە قايتىپ كېلىدىكەن. خوتۇنى بولمىغانلىقتىن خېمىنى ئۆزى پىشىشىق قىلىپ، كۆمەچ كۆمۈپ يەپ قورساق تويغۇزىدىكەن. ئۇنىڭ تىرىكچىلىكى شۇ يوسۇندا ئۆتۈپتۇ. ئوتۇنچى كۈنلەرنىڭ بىرىدە دەريا بويىدا يۇلغان كولاۋاتقان ئىكەن، بىر ئاقساقال كىشى كېلىپ ئۇنىڭ بىلەن سالاملىشىپ، ھال-ئەھۋال سوراپتۇ. قادىراخۇن غورىگۇل تۇرمۇشىدىن بىر مۇنچە قاخشىغاندىن كېيىن:

— خۇدايىمنىڭ مۇشۇنچىلىك كۈن بەرگىنىگىمۇ شۈكرى، — دەپتۇ. ئۇ كىشى:

— تۇرمۇشۇڭنىڭ تۈزۈلۈشىنى تىلىسەڭ تېجىگىن، — دەپلا يولىغا كېتىپ قاپتۇ. ئوتۇنچى بۇ گەپكە دەسلەپتە ئانچە ئېرەن قىلماپتۇ. كېيىنچە ئويلىنىپ-ئويلىنىپ بۇ گەپنىڭ تېگىگە يېتىپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇ بۇگۈن يەپ بولالمىغان كۆمەچنى ئەتىسى يېمەي تاشلىۋېتىشنى، خېمىرنى بىر كۆمەچكە چۇشلۇق يوغۇرماي جىق يوغۇرۇۋېتىپ ئوچاقنىڭ تېگىگە پاتمىغان قىسمىنى تاشلىۋېتىشنى تۈزىتىپتۇ. سەككىز كۈنلۈك ئۇن ئون كۈنگە، ئون ئىككى كۈنلۈك ئۇن ئون بەش كۈنگە يېتىدىغان بوپتۇ. ۋاقىت ئۇزارغانسېرى ئۇنىڭ ئۆيىدە بىر نەچچە خالتا ئۇن زاپاس تۇرىدىغان بوپتۇ. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە قادىراخۇن دەريا بويىدا ئوتۇن كولاپ تۇرسا دەريانىڭ باش ئېقىنى تەرەپتىن ئىككى كېمىگە ئولتۇرۇپ يەتتە-سەككىز ئادەم كەپتۇ. بۇلار قادىراخۇننى كۆرۈپ كېمىلىرىنى سۆگەتكە باغلاپ قويۇپ ئۇنىڭ ئالدىغا كەپتۇ. قىزغىن سالاملاشقاندىن كېيىن كەلگەنلەرنىڭ بىرسى:

— شەھەرگە ئاز قالدۇقمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئېشەك بىلەن بىر كۈنلۈك يول. دەريا تاغنى ئايلىنىپ ئاقىدۇ. شۇڭا، سىلەر كېمە بىلەن ئىككى كۈندە بارالايسىلە، — دەپتۇ قادىراخۇن، — شەھەردە نېمە زۆرۈرىيىتىڭلار بار ئىدى؟

— مەن پالانى شەھەرنىڭ شاھزادىسىمەن، بۇلار مېنىڭ تۇغقانلىرىم ھەم يېقىنلىرىم. بىز جاھان كېزىمىز دەپ ئۆيدىن چىققانتۇق، باشقا بىر پادىشاھلىقنىڭ تەۋەلىكىدە ساياھەت قىلىۋېتىپ ئېزىپ كەتتۇق. كېمىمىزنى تەۋەككۇل دەرياسىغا سېلىپ بۇ يەرگە كېلىپ قالدۇق. ئاش-ئوزۇقىمىز تۈگەپ كەتكىلى ئۈچ كۈن بولدى. ئاچلىقتىن قورساقلىرىمىز تارتىشىپ كەتتى. شەھەرگە كىرىپ قورساقىمىزنى تويغۇزۇۋالساق بولاتتى. يەنە ئىككى كۈنلۈك بولسا بولسا ئىشىمىز چاتاقكەن، — دەپتۇ شاھزادە. قادىراخۇن ئىچ ئاغرىتىپ ئۇلارنى كەپىسىگە باشلاپ بېرىپتۇ. بىر قولىدا ئوچاققا ئوت قالاپ، بىر قولىدا خېمىر يۇغۇرۇپ ھەش-پەش دېگۈچە تۆت-بەش كۆمەچ پىشۇرۇپتۇ. كەلگەنلەر تېگىشچە يەپ قورساقلىرىنى دەماللىقچە ئەستەرلەپتۇ. قادىراخۇن تاكى ئۇلار بولدى، قورسىقىمىز تويدى دېگۈچە توختىماي كۆمەچ پىشۇرۇپتۇ. ئۇ:

— شەھەرگە بارغۇچە قورساقلىرى ئېچىپ قالمىسۇن، — دەپ ھەر بىرىگە ئىككىدىن كۆمەچ يۆگەپ بېرىپتۇ. شاھزادە:

— ئۆمرۈمدە بۇ قەدەر تېتىملىق غىزا يېمەپتىكەنمەن، — دەپتۇ. قورسىقى ئېچىپ كەتكەندە ئەسقاتقان كۆمەچلەر ئۇلارنىڭ ئاغزىغا توق ۋاقىتتا يېگەن مانتا-پولۇدىنمۇ ئۆتە تېتىپ كەتكەنىكەن. شاھزادە تاغا-تاغا رەھمەت ئىزھار قىلغاندىن كېيىن، قادىراخۇننىڭ ئۇنى تۆكىگەن خالتىسىغا لىق ئالتۇن قاچىلاپ بېرىپتۇ. قادىراخۇن:

— بەك جىق بېرىۋەتتىلە، — دېگەنىكەن، شاھزادە:

— ئاچلىقتىن ئۆلۈپ قالغان بولساق ھەممە ئالتۇن-كۈمۈشلىرىمىز بىكار قالغان بولاتتى. سىزنىڭ بىزنىڭ جېنىمىزنى قۇتقۇزۇپ قالغىنىڭىزغا قارىغاندا بىزنىڭ بەرگىنىمىز تولىمۇ ئاز، — دەپتۇ. ئۇلار قادىراخۇن بىلەن خوشلىشىپ سەپەرداشلىرى بىلەن كېمىگە ئولتۇرۇپ شەھەرگە قاراپ يولغا چىقىپتۇ. قادىراخۇن خالتىسىدىن تۇخۇمچىلىق ئالتۇننى ئايرىپ ئېلىپ بازاردا بىر زەرگەرگە ساتقانىكەن، نۇرغۇن پۇلغا يارايتۇ. ئۇ بازاردىن كەتمەن، گۈرجەك، تاماق قاتارلىق سايمانلارنى سېتىۋاپتۇ. ئېگىز-پەس يەرلەرنى تەكشىلەپتۇ. ئېرىق چېپىپ دەريادىن سۇ باشلاپ كەپتۇ. ئۈزۈم، ئالما، نەشپۈت، ياڭاق كۆچەتلىرىنى تېپىپ كېلىپ تىكىپتۇ. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ جايلار بىپايان باغ-ئېتىزلارغا ئايلىنىپتۇ. قادىراخۇنمۇ ئۆيلىنىپ بالا-چاقىلىق بولۇپ باي-باياشات ياشاپ ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ. ھازىرمۇ دەريا بويلىرىدىكى باغۇ-بوستانلىقلار ئاشۇ قادىراخۇننىڭ بەرپا قىلغان باغ-ئېتىزلىرىنىڭ بىر پارچىسى ئىكەن. «تېجىسەڭ تۆزلەرسەن» دېگەن ھېكمەت شۇنىڭدىن قالغانىكەن.

سۆزلەپ بەرگۈچى: قارىقاش ناھىيە قارىقاش بازىرىدىن **نۇرمەمەت روزى**

نەشرگە تەييارلىغۇچى: قارىقاش ناھىيلىك مەدەنىيەت-تەنتەربىيە ئىدارىسىدىن **غەيرەت ئەخمەت**

تەھرىرى: **تۇرسۇنجان مۇھەممەت**

# ئەخمەت بەگگى

(چۆچەك)

تېخى ئانچە ئۇزۇن بولمىغان يىللارنىڭ بىرىدە، قوشنا مەھەللىدە ئەخمەت ئىسىملىك بىر بەگگى ياشىغان ئىكەن. ئۇ تاپقىنىغا نەشە چېكىپ نامراتلىشىپ كەتكەن، ھەتتا خوتۇنىمۇ ئالالمىغان ئىكەن. ئۇ بىر كۈنى «بۇگۈن شەھەردە بارلىق ئاشخانىلاردا پولۇنى ھەقسىز بېرىدىكەن» دېگەن گەپنى ئاڭلاپ شەھەرگە كىرىپتۇ. بىر ئاشخانىغا كىرىپ ئۈچ تەخسە پولۇنى يەپ بولۇپ، پۇل تۆلىمەيلا سىرتقا مېڭىپتۇ. ئاشپەزنىڭ ئايالى قەمەرخان:

ـ ھوي نوچام، ئاشنىڭ پۇلىنى بېرىۋەتسىلە، ـ دەپتۇ. ئەخمەت بەگگى پۇلۇم يوق دېيىشكە ئىزا تارتىپ:

ـ ھازىرلا بېرىمەن دەپ يانچۇقىغا ئۇرۇپ قويۇپلا سىرتقا چىقىپتۇ. قەمەرخان «پۇلنى سىرتتا بېرىدىغان ئوخشايدۇ» دەپ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن مېڭىپتۇ. ئەخمەت بەگگى كەينىگىمۇ قارىماي كېتىۋېرىپتۇ. شەھەرنىڭ سىرتىغا چىققاندا قەمەرخان:

ـ مېنى نېمانچە يول ماڭدۇرىلا؟ ئاشنى يېگەندىكىن پۇلنى بەرسىلە، ـ دەپ ئۇنىڭ ئالدىنى توسىۋاپتۇ. ئەخمەت بەگگى:

ـ بۈگۈن پولۇنى مۇت بېرىدىكەن دەپ ئاڭلاپ يانچۇقۇمغا پۇل سېلىۋالماپتىمەن. بۇ قېتىم كەچۈرۈم قىلىۋەتسىلە، ـ دەپتۇ. قەمەرخان:

ـ كىمنى ئەخمەق قىلىلا، نېمانداق مۇتىھەم ئادەم سىلە؟ ـ دەپ چىڭ تۇرۇپتۇ. ئەخمەت بەگگى قەمەرخاننىڭ قورسىقىغا قاتتىق تېپىپتۇ. قەمەرخاننىڭ قورسىقىدىكى ئۈچ ئايلىق بالا چۈشۈپ كېتىپتۇ. ئاشپەز بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ يۇرتنىڭ بېگىگە شىكايەتنامە سۇنۇپتۇ. بەگ ئەخمەت بەگگىدىن گەپ سوراپ بۇ ئەھۋالنىڭ راستلىقىنى بىلگەندىن كېيىن:

ـ خوتۇنىڭىز زەخىملىنىپ ئۈچ ئايلىق بالا چۈشۈپ كەتكىنى يالغان ئەمەسكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ خوتۇنىڭىزنى ئۆيىگە ئېلىپ كېتىپ، قورسىقىدىكى بالا ئۈچ ئايلىق بولغاندا سىزگە تاپشۇرۇپ بەرسۇن ـ دەپتۇ.

ئاشپەز بەگكە:

ـ بۇ ھۆكۈملىرى ئادىل بولمىدى ـ دەپ نارازى بولغان ئىكەن. بەگ:

ـ ھۆكۈمگە قايىل بولمىساڭ ئىككى يىل زىنداندا ياتىسەن، ـ دەپ ۋارقىراپتۇ. ئەخمەت بەگگى خۇشال بولۇپ قەمەرخاننىڭ قولىدىن تارتىپ مېڭىپتۇ. ئاشپەز ئۇنىڭ ئالدىنى توساپ:

ـ خوتۇنۇمنى قويۇپ بەر! ـ دەپتۇ.

ـ بېگىمنىڭ ھۆكۈمىنى ئىجرا قىلىشىم كېرەك، ـ دەپتۇ ئەخمەت بەگگى. ئاشپەز ئىلاجىسىز ئۇنىڭغا يالۋۇرۇشقا باشلاپتۇ.

ـ سىزگە مىڭ تەڭگە بېرەي. خوتۇنۇمنى ماڭا بېرىڭ.

ـ ياقەي، مىڭ تەڭگە دېگەن قانچىلىك پۇلتى ئۇ؟

ـ ئىككى مىڭ تەڭگە بېرەي.

ـ ياق.

ئاشپەز بەش مىڭ تەڭگە بېرەي دېسىمۇ ئەخمەت بەگگى قەمەرخاننىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇپ سۆرەپ مېڭىپتۇ. ئاشپەز:

ـ مەن خۇش بولۇپ كېتەي، ئالتە مىڭ تەڭگە بېرەي، ـ دەپتۇ.

ـ ياق. تېخى خېلى بار، ـ ئەخمەت بەگگى تېخىمۇ قىتىۋاپتۇ. ئاشپەز ئون مىڭ تەڭگە بېرەي دېگەندە، ئاندىن ئەخمەت بەگگى ماقۇل كۆرۈپتۇ. ياۋاش ئاشپەز دەسمايىسىدىن ئايرىلىپ قاپتۇ. «ئادالەتسىز ئادەم يۇرت سورىسا مۇتتەھەملەر باش كۆتۈرەر» دېگەن ھېكمەت شۇنىڭدىن قالغانىكەن.

سۆزلەپ بەرگۈچى: قارىقاش ناھىيە سايباغ يېزا تامئېغىل كەنتىدىن **ئېزىز ئاخۇن**

نەشرگە تەييارلىغۇچى: قارىقاش ناھىيە توخۇلا يېزا ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچى **ئەخمەتجان ئابدۇللا**

تەھرىرى: **داۋۇت ئادىل**

# تىلەمچىنىڭ قىزى

(چۆچەك)

سۆگەت چېچەكلىگەن، ئېشەك يېپەكلىگەن، تاش كېپەكلىگەن، چاشقان مۈشۈكنى يېتەكلىگەن بىر زاماندا تاغنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى، باغنىڭ بۇ تەرىپىدىكى بىر مەھەللىدە بىر ئۆيلۈك تىلەمچى ياشىغانىكەن.

كىچىكىدىنلا ئاتا-ئانىسىغا ئەگىشىپ تىلەمچىلىكنى ئۆگەنگەن قىزى ئۇن يەتتە-ئون سەككىز ياشلارغا كىرگەندە، ئۆز ئالدىغا «ھۈنەر»گە ماگىدىغان بولۇپتۇ. ئۇ يۇرت-مەھەللىلەرنى ئارىلاپ كاتتا بىر شەھەرگە بېرىپ قاپتۇ. بۇ شەھەرنىڭ پادىشاھىنىڭ يىگىرمە بەش ياشقا كىرىپ قالغان، بىراق ھېچكىمنىڭ قىزىنى ياراتماي بويتاق يۈرۈۋاتقان بىر ئوغلى بار ئىكەن. شاھزادە شەھەر رەستىلىرىنى ئايلىنىپ بىر دوقمۇشقا كەلگەندە، تىلەمچى قىزنى كۆرۈپلا يۈرىكىدە ئىشق ئوتى لاۋۇلداپتۇ. تىلەمچى قىزنىڭ جوندەك كۆينىكىنىڭ يېرتىقلىرىدىن كۆرۈنۈپ قالغان بەدىنى شاھزادىنىڭ ۋىسال تەشنالىقىنى دەممۇ دەم ئۇلغايتىپتۇ. تىلەمچى قىزنىڭ سەدىقە تىلەپ كىشىلەرگە ئۇزاتقان قوللىرىمۇ، تەلمۈرگەن كۆزلىرىمۇ چىرايلىق كۆرۈنۈپ كېتىپتۇ. «سەدىقە بالانى يەيدۇ، تۆۋە گۇناھنى» دېگەن مىسكىن ئاۋازىمۇ ئاجايىپ يېقىملىق ئاڭلىنىپ قاپتۇ. شۇڭلاشقا ئۇ تىلەمچى قىزنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ مېڭىپتۇ. ئالەمنى قاراڭغۇلۇق بېسىپ يولنى كۆرگىلى بولمىغاندا، تىلەمچى قىز مازارلىقنىڭ يېنىدىكى ۋەيرانە ئۆينىڭ ئىچىگە كىرىپ ئۇخلاشقا يېتىپتۇ. شاھزادە ئۇنىڭدىن ئايرىلىشقا چىدىماي بوسۇغىنىڭ سىرتىدا ئېسىل كىيىملىرى بىلەن توپىغا تاشلىنىپ يېتىپتۇ. ئاخشىمى پادىشاھ ئوغلىنىڭ قايتىپ كەلمىگەنلىكىنى بىلىپ، ئۇنى ئىزدەپ تېپىپ كېلىش ئۈچۈن چاكارلىرىنى تەرەپ-تەرەپلەرگە ماڭدۇرۇپتۇ.

ئىككى چاكار شاھزادىنى ياتقان يېرىدىن تېپىپ كۆپ يالۋۇرۇپ ئۆيىگە قايتىشقا ماقۇل كەلتۈرۈپتۇ. پادىشاھ ئوغلىدىن نېمە سەۋەبتىن ئاخشام ئۆيىگە قايتمىغانلىقىنى سورىغانىكەن، شاھزادە:

ــ مەن دۇنيادا تەڭدىشى يوق بىر چىرايلىق قىزغا ئاشىق بولۇپ قىلىپ، شۇنىڭ كەينىدىن كېتىپ قاپتىمەن، ــ دەپتۇ. پادىشاھ كېلىنلىك، نەۋرىلىك بولىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ خۇشال بولۇپتۇ. سۈرۈشتۈرۈش ئارقىلىق بولغۇسى كېلىنىنىڭ تىلەمچى ئىكەنلىكىنى بىلگەن پادىشاھ نومۇستىن يېرىلغۇدەك بولۇپ ئوغلىغا:

ــ سەن كىمنىڭ ئوغلى؟ كېلىنلىككە تاپقىنىڭ كىم؟ ئەقلىڭ نەگە كەتكەن؟ ــ دەپ ۋارقىراپتۇ. شاھزادىمۇ قەتئىيلىك بىلەن:

ــ ئالسام شۇنى ئالىمەن، بولمىسا ئۆيلەنمەي بويتاق ئۆتكىنىم-ئۆتكەن، ــ دەپتۇ. شاھزادىغا ئاتا-ئانىسىنىڭ، ۋەزىر-ۋۇزرالارنىڭ نەسىھەتلىرىمۇ كار قىلماپتۇ. پادىشاھ بىردىن-بىر ئوغلى ئۆيلەنمىسە ئۆز نەسلىنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئىلاجسىز ماقۇل بوپتۇ. تويمۇ شاھزادىنىڭ ئابرۇيىغا يارىشا كەڭ-تاشا ئۆتكۈزۈلۈپتۇ. ۋەزىرلەرمۇ ۋەدىسىگە ئەمەل قىلىپ پادىشاھنىڭ بىر تىلەمچى قىزنى كېلىن قىلغانلىقىنى ئەل-جامائەتكە ئاشكارىلىماپتۇ. خانىش كېلىننى يۇيۇپ-تاراپ، ئېسىل كىيىم-كېچەكلەر، ئالتۇن بېزەكلەر بىلەن جابدۇپ، ئەسلىي شاھ قىزىدەك ياساندۇرۇپتۇ. ئارىدىن بىر نەچچە ئاي ئۆتۈپ كېتىپتۇ.

بىر كۈنى ئەتىگەندە پادىشاھ، خانىش، شاھزادە، كېلىن تۆت كىشى داستىخاننى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ مانتا يېيىشىپتۇ. خانىش كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ كېلىنىنىڭ مانتا يېيىشىنى كۆزىتىپتۇ. كېلىنى ئوڭ قولى بىلەن تۇتقان مانتىنى سول ئالقىنىغا قويۇپ يەپتۇ. خانىش ئۆزىنى بېسىۋالالماي كېلىنىگە:

ــ پولۇنىمۇ قولىڭىزدىن قولىڭىزغا يۆتكەپ يەيدىكەنسىز، كۆمەچنىمۇ، چۆچۈرىنىمۇ شۇنداق يەيدىكەنسىز، غىزا يېيىشنى ئۆگىنىپ بولالمىدىمغۇ سىزگە، ــ دەپ ئاچچىقلىنىپتۇ. كېلىن تارتىنمايلا:

ــ خانىش ئانا، ئۆگىنىمەن دەپ ئۆزلىرىنى ئۇپراتمىغايلا، مەن غىزانى مۇشۇنداق يېيىشكە كۆنۈپ كەتكەن. ئۆزگەرتىشنى خالىمايمەن، ــ دەپتۇ. كېلىنىنىڭ جاۋابىدىن ھەيران بولغان پادىشاھ:

ــ نېمە دېگىنىڭىز بۇ؟ ئانىڭىزنىڭ ئۆگىتىپ قويۇشى ياخشى نىيەتتىنغۇ، ــ دەپتۇ.

ــ ھەر بىرلىرىگە چۈشەندۈرۈپ قويمىسام بولمىغۇدەك، ــ دەپتۇ كېلىن قىلچىلىكمۇ خىجىل بولماي، ــ مەن نەچچە ئەۋلادتىن بېرى تىلەمچىلىك قىلىپ جان باققان ئائىلىدە تۇغۇلۇپ چوڭ بولدۇم. شۇڭلاشقا، قاچىدىن ئېلىپلا يېگەن غىزا ئاغزىمغا تېتىمايدۇ. باشقىلارنىڭ قولىدىن ئېلىپ يېسەم بەك مېزىلىك، ھەر بىرلىرى بۇ ئادىتىمنى بىلمىگەنلىكلىرى ئۈچۈن قولۇمغا ئاز-ئازدىن تۇتقۇزۇپ قويمىدىلا، مەن ئوڭ قولۇمنى باشقا كىشىنىڭ قولى ھېسابلاپ، سول قولۇمغا ئېلىپ يېدىم. مېنى ئۆزلىرىدەك قاچىدىن ئېلىپ يېيىشكە زورلىسىلا بۇ ئۆيلىرىدىن كېتىمەن، ــ كېلىن تاۋۇزدەك تومپىيىپ قالغان كېلەڭسىز قورسىقىنى تەسلىكتە كۆتۈرۈپ ئورنىدىن تۇرۇپتۇ. خانىش بىلەن پادىشاھ كېلىنىنىڭ بۇ جاۋابىدىن چۆچۈپ كۆزلىرى چەكچىيىپ كېتىپتۇ. كېلىنى بۇ ئۆيدىن چىقىپ كەتسە ئوغلىمۇ ئۆيدە قالمايدىغانلىقىنى، يات ئارىدا تۇغۇلىدىغان نەۋرىسىمۇ ئانىسىغا ئەگىشىپ تىلەمچى بولۇپ چوڭ بولىدىغانلىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگەن خانىش ئۇنىڭ قولىدىن تۇتۇۋېلىپ:

ــ رەنجىمەڭ قىزىم، رەنجىمەڭ، بۈگۈندىن كېيىن غىزالىنىشىڭىزغا ئوغلىمىز ياردەملىشىدۇ، ــ دەپتۇ. كېلىن ئاچچىقىدىن يېنىپتۇ. «تىلەمچى پادىشاھ بولسىمۇ، تىلەمچىلىكىنى تاشلىيالماس» دېگەن ھېكمەت شۇنىڭدىن قالغانىكەن.

**سۆزلەپ بەرگۈچى: گۇما ناھىيە سانجۇ يېزىسىدىن دېھقان ئىسمائىل تۇرسۇن**

**نەشرگە تەييارلىغۇچى: خوتەن مائارىپ ئىنستىتۇتىدىن مەۋلان مەمتىمىن**

**تەھرىرى: مەتسېلىم مەتقاسىم**

# سالى بىلەن ساھىبجامال

(چۆچەك)

قەدىمكى زامانلارنىڭ بىرىدە سالى ئىسىملىك زېرەك، قاۋۇل، كېلىشكەن بىر يىگىت ياشىغانىكەن. ئۇ ئۇۋچىلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرىدىكەن. ئۇ بىر كۈنى سەھەر ئورنىدىن تۇرۇپتۇ. ئاتلىرىغا بوغۇز بېرىپ تويغۇزغاندىن كېيىن، لازىملىق نەرسىلەرنى خورجۇنغا قاچىلاپتۇ ـ دە، ئاتقا ئارتىپ جاڭگالغا قاراپ يولغا چىقىپ ئىلگىرى بارمىغان بىر جايغا بېرىپ ئاتتىن چۈشۈپتۇ. سۇ ئىچىپ سالقىنلاپ ئولتۇرسا، ئۇدۇل تەرەپتىن ساقال ـ بۇرۇتلىرى قاردىن ئاق. بېلى مۈكچەيگەن بىر بوۋاي ھاسىسىغا تايىنىپ كېلىۋېتىپتۇ. سالى «بۇ بوۋاي ئىنسان ئىز باسمىغان بۇ جايدا نېمە قىلىدىغاندۇ؟» دەپ ئەجەبلىنىپتۇ. بوۋاي يېقىنلاپ كەلگەندە سالى:

ــ ئەي ھۆرمەتلىك بوۋا، نەدىن كەلدىڭىز؟ نەگە كېتىۋاتىسىز؟ ــ دەپ سوراپتۇ. بوۋاي:

ــ ئەي ئوغلۇم، كېچىدىن ئۇخلاۋېتىپ ناھايىتى ياخشى بىر چۈش كۆرگەنتىم. شەھەرگە چىقىپ ئاشۇ چۈشۈمنى ساتاي دەپ ماڭدىم، ــ دەپتۇ. سالى:

ــ ئەي بوۋاي، كۆرگەن چۈشىڭىزنى ماڭا سۆزلەپ بېرىڭ، ياراپ قالسا ئۆزۈم سېتىۋالىمەن، ــ دەپتۇ.

ــ ماقۇل. سۆزلەپ بېرەي، ــ دەپتۇ بوۋاي، ــ چۈشۈمدە ئوڭ تەرەپتىن بىر كۈن كېلىپ يۈرىكىمنىڭ ئوڭ تەرىپىگە تۇتاشتى، سول تەرەپتىن بىر ئاي كېلىپ يۈرىكىمنىڭ سول تەرىپىگە تۇتاشتى. مانا، كۆرگىنىم مۇشۇ.

ــ چۈشىڭىز چۈش بولسۇن، كۈن بىلەن ئاي ماڭا تۇتاشسۇن، چۈشىڭىزنى مەن سېتىۋالاي، ــ دەپتۇ سالى. ئۇ خۇرجۇنىدىكى ھەممە پۇللىرىنى بوۋايغا تۆكۈپ بېرىپتۇ. بوۋاي پۇلنى قولىغا ئېلىپ:

ــ ئەي ئوغلۇم، چۈشۈمنى سېتىۋالغىنىڭغا يارىشا مەنپەئەت كۆرەي دېسەڭ شەھەرگە بارغىن، ــ دەپلا كۆزدىن غايىب بولۇپتۇ. سالى ئېتىغا مىنىپ، يەتتە كۈنلۈك يولنى بىر كۈندە بېسىپ، شەھەر دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپتۇ، كەچ كىرىپ قاراڭغۇ چۈشۈپ قالغانلىقتىن، شەھەر دەرۋازىسى تاقىلىپ قالغانىكەن. سالى شەھەرگە كىرىشكە ئامال قىلالماي ئېتىنى بىر توپ جىگدىگە باغلاپ قويۇپ، ئۆزى كونا تامغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۇ بۇ يەردە كېچىنى قانداق ئۆتكۈزەرمەن، دەپ غەم يەپ ئولتۇرسا شەھەر دەرۋازىسى غىچىرلاپ ئېچىلىپتۇ. ئىككى ئاتنىڭ تاراقلاپ كېلىۋاتقىنىنى كۆرۈپتۇ. ئارقىدىنلا بىر قىز كېلىپ:

ــ سالى، ئاتقا مىنىڭ، تېز قاچىلى، ــ دەپتۇ. سالى ئىككىلىنىپ تۇرمايلا ئىككى ئاتنىڭ بىرىگە مىنىپتۇ. ئۆزىنىڭ ئېتىنى يېتىلىۋاپتۇ. قىز ئاتنى قاتتىق قامچىلىغانىكەن، ئاتلا ئۇچقاندەك چېپىپ كېتىپتۇ. بىر كېچىدە نەچچە كۈنلۈك يولنى بېسىپ، دەريانىڭ بويىغا كەپتۇ. تاڭ ئاتقاندا سالى بىلەن قىز بىر ـ بىرىگە تىكىلىپ قارىشىپلا قاپتۇ.

ــ مېنىڭ ئىسمىمنى بىلىدىكەنسىزغۇ؟ ــ دەپتۇ سالى.

ــ مەن سىزنى ھەر كېچە چۈشۈمدە كۆرۈپ، ئىچىمدە كۆيۈپ يۈرگىنىمگە ئۇزۇن بولدى. دادام مېنى باشقا بىر شەھەرنىڭ شاھزادىسىگە بېرىشكە ماقۇل بولغانتى، بېشىم قېتىپ تۇرسام تۈنۈگۈن سىزنىڭ ئۇ يەرگە بارىدىغىنىڭىز ھەم ئىسمىڭىز كۆڭلۈمگە مەلۇم بولدى.

ــ سىز كىمنىڭ قىزى؟ ئىسمىڭىز نېمە؟ ــ دەپ سوراپتۇ سالى.

ــ مەن مۇشۇ دۆلەتنىڭ پادىشاھىنىڭ قىزىمەن. ئىسمىم ساھىبجامال. ئەمدى ئىككىمىز بۇ دەريادىن ئۆتسەك باشقا دۆلەتنىڭ تەۋەلىكىگە بارىمىز. بىز ئاشۇ جايلاردا تىرىكچىلىك قىلايلى، ــ ساھىبجامال شۇنداق دەپلا ئاتقا مىنىپ دەرياغا كىرىپتۇ. سالى ئۇنىڭغا ئەگىشىپتۇ. دەريانىڭ ئوتتۇرىسىغا بارغاندا ساھىبجامال :

ــ ئىسمى ئەزەمنى ئوقۇپ قولىڭىزنى سۇنىڭ تېگىگە سالسىڭىز گۆھەر چىقىدۇ. ئالغاچ كەتسەك كېيىن لازىم بولۇپ قالار، ــ دەپتۇ. سالى ئىسمى ئەزەمنى ئوقۇپ قولىنى سۇنىڭ تېگىگە سالغانىدىكەن، ئالىقىنىغا ئىككى دانە تاش چىقىپتۇ. سۈزۈپ ئالسا راستىنلا گۆھەر ئىكەن. ئۇلار گۆھەرنى خۇرجۇنغا سېلىپ يولغا مېڭىۋېرىپتۇ. ئىككى ھەپتىدىن كېيىن بىر شەھەرگە يېتىپ كەپتۇ. سەپىرىنىڭ خەۋپ ـ خەتەرسىز بولغىنىغا شۈكرى قىلىپ، شەھەرنىڭ سىرتىدىكى بىر سارايغا ئورۇنلىشىپتۇ. بىر ـ ئىككى كۈن ھاردۇقىنى چىقارغاندىن كېيىن، ساھىبجامال سالىنى بۇ شەھەرنىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ كېلىشكە، ئىشىكى كۈن چىقىدىغان تەرەپكە ئېچىلىدىغان، ئەتراپىدا بېغى بار ئېسىل ئۆي سېتىۋېلىشقا ئەۋەتىپتۇ. سالى

ساھىبجامالنىڭ تاپىلغىنى بويىچە رەستە ـ كوچىلارنى چالا قويماي ئارىلاپ، شەھەرنىڭ ئوي ـ چوڭقۇرى بىلەن تونۇشۇپتۇ. ئاۋات رەستىلەرنىڭ بىرىدىن ساھىبجامالنىڭ تەلىپىدىنمۇ ئارتۇق ھويلا ـ ئاراملىرى بار قورۇ ـ جاي سېتىۋاپتۇ. ئۇلار بۇ ئۆيگە كۆچۈپ ئورۇنلىشىپ بولغاندىن كېيىن ساھىبجامال :

ــ بىز نۇرغۇن شەھەر ـ يېزىلاردىن ئۆتۈپ، چۆل ـ باياۋانلارنى كېزىپ، دەريا ـ ئېقىنلاردىن كېچىپ، تاغ ـ داۋانلاردىن ئاتلاپ بۇ جايغا كېلىپ تىنچ ـ ئامان ماكانلاشتۇق. بىرەر تىجارەت بىلەن شۇغۇللانمىساق جان بېقىشىمىز تەس بولۇپ قالىدۇ. يېتىپ يېسە تاغدەك ئالتۇن توشىماس دېگەن ھېكمەت بارغۇ، ــ دەپتۇ.

ــ قانداق تىجارەت قىلىمىز؟ ــ دەپ سوراپتۇ سالى.

ــ مەن ئۆيدە ئولتۇرۇپ ياغلىق، پەردە قاتارلىقلارنى كەشتىلەيمەن، سىز بۇ نەرسىلەرنى بازارغا ئاپىرىپ ساتىسىز.

ــ بۇمۇ بولىدىغان ئىشكەن.

ــ يەنە بىر گەپ بار، ــ دەپتۇ ساھىبجامال، ــ دادام مېنى ئىزدەپ شەھەر ـ شەھەرلەرگە ئادەم ئەۋەتمەي قالمايدۇ. بۇ شەھەرگە كەلگەنلىرى ئاۋۋال پادىشاھنىڭ ھوزۇرىغا بېرىشى مۇمكىن. شۇڭلاشقا سىز ھېلىقى ئىككى گۆھەرنى ئېلىپ پادىشاھقا سوۋغا قىلىڭ. ئۇنىڭ بىلەن تونۇشۇپ قويسىڭىز، مېنى ئىزدەپ كەلگەنلىك خەۋىرىنى بىلىپ تۇرغىلى، ئۆزىمىزنى يوشۇرغىلى بولىدۇ.

بۇ شەھەرنىڭ پادىشاھى گۆھەر دەپ ئاڭلىغان بولسىمۇ، گۆھەرنى كۆرمىگەن، گۆھەر ئىزدەۋاتقىنىغا ئون يىلدىن ئاشقانىكەن. سالى سوۋغات قىلغان گۆھەرنى تازىم بىلەن قوبۇل قىلىپتۇ. ئۇ خۇرسەندىلىكىنى ئىزھار قىلىش ئۈچۈن سالىنى ئوڭ قول ۋەزىرلىككە ئۆستۈرۈپتۇ. سالى شاھنىڭ خىزمىتىنى سەممىي ـ ساداقەتلىك بىلەن ئىشلەپتۇ. ساھىبجامال بىر يىپەك ياغلىقنى بارلىق ھۈنىرىنى ئىشقا سېلىپ كەشتىلەپ سالىنىڭ بېلىگە باغلاپ قويۇپتۇ. پادىشاھ بىر كۈنى سالىدىن:

ــ بېلىڭىزدىكى بۇ ياغلىقنى كىم كەشتىلىدى؟ ــ دەپ سوراپتۇ.

ــ رەپىقەم ساھىبجامال كەشتىلىدى، ــ دەپتۇ سالى.

پادىشاھ ۋەزىنى ئەۋەتىپ قىرىق خوتۇنىنى ئوردىغا چاقىرتىپ كەپتۇ.

پادىشاھ ئاغرىنغان ھالدا:

ــ سەنلەرنىڭ قايسى بىرىڭ ۋەزىرىم سالىنىڭ خوتۇنىدەك ماڭا ئەقىدە ـ ۋاپا كۆرسىتىپ، ھۈنەر ـ سەنئەت ماھارىتىڭنى نامايان قىلىپ ياغلىق كەشتىلەپ بېلىمگە باغلاپ قويۇشالىدىڭ؟ ــ دەپ ۋارقىراپتۇ. پادىشاھنىڭ خوتۇنلىرى سالىنىڭ بېلىدىكى ياغلىقنى كۆرۈپ ھاڭ ـ تاڭ قېلىپ:

ــ ياغلىقنى بۇنداق چىرايلىق كەشتىلەش ھەممە ئايالنىڭ قولىدىن كېلىۋەرمەيدۇ. بۇنداق چېۋەر ئايالدىن يۈز مىڭ ئايالنىڭ ئىچىدىن ئاران بىرى چىقىدۇ، ــ دەپ ئۆزىنى ئاقلىشىپتۇ. پادىشاھ خوتۇنلىرىنى قايتۇرىۋېتىپتۇ. ئۇ مەخپىيىتىنى چىڭ ساقلايدىغان بىر يېقىن ۋەزىرىنى چاقىرىپ مۇڭدىشىپتۇ. گەپتىن ـ گەپ چىقىرىپ سالىنىڭكىدەك چىرايلىق كەشتە ياغلىقتىن بىرىنى بېلىگە باغلاش ئارزۇسى بارلىقىنى ئىزھار قىپتۇ. بۇ ئالا كۆڭۈل ۋەزىر:

ــ بۇ ئاسان گەپكەنغۇ، ــ دەپتۇ. پادىشاھ قىزىقىپ سوراپتۇ:

ــ ئاسان يېرى قايسى؟ ئېيتسىلا، ــ دەپتۇ.

ــ سالىنىڭ خوتۇنى بىلەن ئاشنا بولسىلا، ئۇ سىلىگە چىرايلىق بەلۋاغ كەشتىلەپ بېرىدۇ.

ــ سالىنىڭ خوتۇنى چىرايلىقمۇ، سەتمۇ، ئۇنى كۆرمىدىم تېخى.

ــ خاتىرجەم بولسىلا ئالىيلىرى، قولى گۈل، چېۋەر چوكانلار ئەلۋەتتە چىرايلىق، نازاكەتلىك كېلىدۇ.

بۇ مەسلىھەت، ماختاشلار پادىشاھقا ياغدەك يېقىپتۇ.

ــ ئىشنى نەدىن باشلايمىز؟ ــ دەپ سوراپتۇ پادىشاھ ۋەزىردىن.

ــ ئاۋۋال سالىنى كۆزدىن يوقىتىش كېرەك.

ــ قانداق يوقىتىمىز؟

ــ بۇ ئاسان گەپ، ــ دەپتۇ ئالا كۆڭۈل ۋەزىر ئۇنىڭغا، ــ ئىككى دانە گۆھەر تېپىپ كېلىشنى بۇيرۇيدىلا. ئۇ دەريادىن گۆھەر سۈزىمەن دەپ تىمساھقا يەم بولىدۇ. خوتۇنىنى ئوردىنىڭ كۆتكىچىلىكىگە تەيىنلەيلا. ئىش تامام ۋەسسالام. شاھ شۇ كۈنى سالىنى ھوزۇرىغا چاقىرىپ ئىززەت ـ ھۆرمەت بىلەن مېھمان قىلغاندىن كېيىن:

ــ سىزگە ھاجىتىم چۈشۈپ قالدى. بىلمىدىم، ھاجىتىمنى راۋا قىلالارسىزمىكىن، ــ دەپتۇ.

ــ جانابىلىرىنىڭ ھاجىتى ماڭا چۈشكەن بولسا جېنىم بىلەن...

ــ ئۆتكەندە سىز ماڭا سوۋغا قىلغان ئىككى گۆھەر ئوغرىلىنىپ كەتتى. يەنە ئىككىنى تاپقان بولسىڭىز سىزدىن بىر ئۆمۈر مىننەتدار بولاتتىم.

سالى ماقۇل بولغان بولسىمۇ، بېشى قېتىپ، پەرىشان ھالدا ئۆيىگە بېرىپتۇ.

ــ بۇگۈن سىزگە نېمە بولدى؟ ــ دەپ سوراپتۇ،

ساھىبجامال. ئۇ ئىرىنىڭ جاۋابىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن:

ــ دەريادىن گۆھەر سۈزۈش ئۆتكەنكىدەك ئاسان بولىۋەرمەيدۇ. ئوڭۇشلۇق بولىشىدىن خەۋپ ـ خەتىرى ئولا، ــ دەپتۇ. بىر دەم ئەسلىگەندىن كېيىن گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ، ــ سىزگە دېمىگەن بىر مەخپىيىتىم بار ئىدى. ئەمدى دېمىسەم بولمىغۇدەك، سىز كۈن چىقىش تەرەپكە قاراپ يەتتە كۈن ماڭسىڭىز بىر كىچىك دەريانىڭ بويىغا بارىسىز، دەريانى بويلاپ مەغرىب تەرەپكە ئۈچ كۈن ماڭسىڭىز سىزگە قاپقارا تاغ ئۇچرايدۇ. تاغنىڭ مەشرىق تەرىپىگە ئۆتسىڭىز بىر غار بار. غارنىڭ ئىچىگە ئاتنى باغلاپ قويۇڭ. ئالقىنىڭىزغا بىر سىقىم توپا ئېلىڭ. ئىسمى ئەزەمنى ئوقۇپ قولىڭىزنى بېشىڭىزدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ توپىنى سورىسىڭىز غارنىڭ ئىچىدىن تاش ئىشىك ئېچىلىدۇ. ئىشىكتىن كىرىپ ئۇدۇل قارىسىڭىز بىر تاش مۇنارنى كۆرىسىز، ئىسمى ئەزەمنى يەنە بىر قېتىم ئوقۇسىڭىز مۇنارنىڭ ئىشىكى ئېچىلىدۇ، مۇنارنىڭ ئىچىدە جۈپتۈم سارە بار. مەن بىر پارچە خەت يېزىپ سىزگە بېرىمەن. سىز بۇ خەتنى سارەگە بەرسىڭىز سارە سىزگە يېتەرلىك گۆھەر بېرىدۇ. شۇنى ئېلىپ كەلسىڭىز بولار دەپتۇ. سالى ھەيرانلىقتا:

ــ تاغنىڭ ئارىسىدىكى سارە بىلەن قانداقسىگە جۈپ بولۇپ قالغانتىڭىز؟ دەپ سوراپتۇ. ساھىبجامال :

ــ سوراپ قالدىڭىز، سۆزلەپ بېرەي، ــ دەپتۇ.

قارا تاغنىڭ ئۇ تەرىپىدە ئاق دىۋىلەر پادىشاھلىقى بار ئىكەن، ئاق دىۋىلەر پادىشاھىنىڭ خوتۇنى ھامىلىدار بولۇپ تۇغىدىغان ۋاقتى يېقىنلىشىپ قاپتۇ. پادىشاھ بارلىق دىۋىلەرنى ئالدىغا چاقىرىپ:

ــ مەيلى دىۋە پۇقرالىرىمدىن، مەيلى ئىنسانلاردىن بولسۇن، كىمنىڭ خوتۇنى مېنىڭ خوتۇنۇم بىلەن بىر كۈن، بىر سائەت، بىر دەقىقىدە تۇغۇلىدىكەن، بۇ ئىككى بالىنىڭ بىرى ئوغۇل، بىرى قىز بولسا چوڭ بولغاندا ئەر ـ خوتۇن بولىدۇ. ئىككىلىسى قىز بولۇپ قالسا بىر ئائىلىدىكى ئىككى ئوغۇلغا ياتلىق بولىدۇ. ناۋادا ئىككىلىسى ئوغۇل بولسا بىر ئائىلىنىڭ ئىككى قىزىنى نىكاھىغا ئالىدۇ. شۇڭلاشقا، سىلەر تەرەپ ـ تەرەپلەرگە تارقىلىپ كۆزىتىڭلار، ــ دەپ تاپشۇرۇپتۇ. خۇدانىڭ تەقدىرى بىلەن ساھىبجامالنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتى دىۋىنىڭ خوتۇنى يەڭگىگەن ۋاقتى بىلەن ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل چىقىپ قاپتۇ. ئاق دىۋە پادىشاھى ساھىبجامالنىڭ دادىسى بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇنىڭ قىزىنى ئۆزىنىڭ بېقىۋېلىشىغا بېرىشىنى تەلەپ قىلىپتۇ ساھىبجامالنىڭ دادىسى دىۋە پادىشاھىنىڭ تەلىپىنى رەت قىلىپتۇ. دىۋە پادىشاھى:

ــ ئەمىسە سىز بۇ دۆلەتنىڭ پادىشاھى بولغاندىكىن، لەشكىرى كۈچىڭىزنى تەييارلاپ تۇرۇڭ. مەن دىۋە لەشكەرلىرىمنى باشلاپ كېلىپ سىز بىلەن ئۇرۇشىمەن. ئۇرۇشتا قايسىمىز يەڭسەك شۇنىڭ گېپى ھېساب بولسۇن، ــ دەپتۇ.

ــ ئۇرۇش قىلمىغىلى ئۇزۇن بولغانلىقتىن، ئۇرۇش خۇمارىم تۇتۇپ كەتكەن ئىدى، ــ دەپتۇ ساھىبجامالنىڭ دادىسى، ــ لەشكەرلىرىڭىزنى تېزراق باشلاپ كېلىڭ ئەمىسە.

بىراق پادىشاھنىڭ ۋەزىر ـ ۋۇزرالىرى:

ــ بىز دىۋىلەر تەرىپىدىن كۇمپەيكۇم بولۇپ كېتىمىز. بۇ بالا قازادىن ساقلىنىش ئۈچۈن دىۋە پادىشاھنىڭ تەلىپىگە قوشۇلايلى، ــ دەپ شاھنى قايىل قىلىپتۇ. پادىشاھ قىزى ساھىبجامالنى دىۋە شاھنىڭ بېقىشىغا بېرىپتۇ. ساھىبجامال بىلەن ئاق دىۋە پادىشاھنىڭ قىزى سارە بىللە بېقىلىپ چوڭ بولۇپتۇ. ئۇ ئىككىسى سىرتتا بىللە ئوينىغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە قارا دىۋە پادىشاھى سارەنى ئېلىپ قېچىپتۇ. ئاق دىۋە پادىشاھى قانچە قىلىپمۇ قىزى سارەنى قايتۇرۇپ ئالالماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن قىزىدىن ئايرىلغانىنىڭ دەردىنى چۈشىنىپ ساھىبجامالنى دادىسىغا ئەكىلىپ بېرىپتۇ. سارە ئۆزىنىڭ نەدە تۇرغىنىنى، ئۇ يەرگە قايسى يوللار بىلەن كېلىش مۇمكىنلىكىنى يېزىپ، بىر رەھىمدىل دىۋىدىن ساھىبجامالغا مەكتۇپ يوللىغان ئىكەن.

ساھىبجامال سارەنىڭ خېتىنى ئوقۇپ بولۇپ:

ــ ئاھ! مېنىڭ جان ـ جىگەر جۈپتۈم سارە، مەن سېنى سېغىنىپ چىدىيالماي تۇرغاندا خېتىڭنى قولۇمغا ئېلىپ خۇشاللىقتىن ئۆزۈمنى يوقىتىپلا قويدۇم، ــ دەپتۇ ئۆز ـ ئۆزىگە، ئاندىن سالىغا قاراپ:

ــ مەن سىزگە بىر خۇرجۇن گۆھەر قاچىلاپ بېرەي سىز بۇ يەردىن دەرھال كېتىڭ، ــ دەپتۇ. سالى:

ــ ساھىبجامال ماڭا سىزنى بىللە ئېلىپ بېرىشىمنى تاپىلىغانتى. سىزنى ئۇنىڭ بىلەن دىدارلاشتۇرمىسام بولمايدۇ، ــ دەپتۇ. سارە:

ــ مېنى قارا دىۋىنىڭ قولىدىن قۇتۇلدۇرۇش سىزنىڭ قولىڭىزدىن كەلمەيدۇ. ئەگەر زادى ئېلىپ كەتمىسەم بولمايدۇ دېسىڭىز، بۈگۈنچە بۇ يەردىن چىقىپ سىرتتا بىر جايغا يوشۇرۇنۇپ تۇرۇڭ. قارا دىۋە شىكارغا چىقىپ كەتكەن. كەلگەندە ئۇنىڭ جېنىنىڭ قەيەردە قويۇلغانلىقىنى سوراپ بىلىۋالاي، ئۇنىڭ جېنىنى ئېلىۋالسىڭىز ئاندىن مېنى ئېلىپ كېتەلەيسىز، ــ دەپتۇ. سالى ماقۇل دەپ ئېتىنى باغلاپ قويغان غاردىن چىقىپ يامغۇر سۈيى ئاققان بىر چوڭقۇرلۇققا يوشۇرۇنۇپتۇ. ئالەم قاراڭغۇلاشقاندا، قارا دىۋە شىكاردىن قايتىپ كەپتۇ.

سارە ئۇنى بويىنغا ئېسىلىپ كۆلۈپ ـ ئەركىلەپ قارشى ئاپتۇ.

ــ سىز مېنى ھېچقاچان ھازىرقىدەك خۇشال ـ خۇرام قارشى ئالمىغانتىڭىز، بۈگۈن نېمە بولدى سىزگە؟ ــ دەپ سوراپتۇ دېۋە، سارە:

ــ بۈگۈن نېمىشقىدۇر سىزنى ئادەتتىن تاشقىرى سېغىندىم، يولىڭىزغا قاراپ كۆزۈم تېشىلەي دېگەندە ئاران كەلدىڭىز، ــ دەپتۇ. ئاندىن ئامراقلىق قىلغان بولۇپ سۆيۈپ قويۇپتۇ. دېۋە چايغا چۈشكەن قەنتتەك ئېرىپ جېنىنى بەرگىدەك بولۇپتۇ.

ــ بىر تەلىپىم بار. دەيمۇ دېمەيمۇ، ــ دەپتۇ سارە پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي، دېۋە چوڭ، كىچىك بولغىنى بىلەن پاراسەتسىزلىكىدىن:

ــ مەندىن سوراپ ئولتۇرماي ماڭا بۇيرۇق قىلىۋېرىڭ، ــ دەپتۇ. سارە:

ــ سىز سىرتقا چىقىپ كەتكەندە مەن بۇ يەردە يالغۇز قېلىپ قورقىدىكەنمەن، شۇنىڭ ئۈچۈن مېنىڭ جېنىمنى سىزنىڭ جېنىڭىزنىڭ يېنىدا قويۇپ قويساق بوپتىكەن، ــ دەپتۇ.

ــ نېمىشقا بالدۇرراق دېمىدىڭىز، ــ دەپتۇ دېۋە سارەنىڭ يۈزىنى سىلاپ تۇرۇپ، ــ سىز قورقۇپ كېسەل بولۇپ قالسىڭىز مەن چىدىيالمايمەن زادى.

ــ سىز جېنىڭىزنى نەدە قويىسىز؟

دېۋە جېنىنى بىر شاتۇتنىڭ بەدىنىدە قويۇپ قويغىنىنى، شاتۇتنى قايسى يول بىلەن بېرىپ كۆرگىلى بولىدىغانلىقىنى سۆزلىگەندىن كېيىن:

ــ سىزمۇ جېنىڭىزنى ئاشۇ شاتۇتقا بېرىپ قويۇڭ. بۇ مەخپىيەتلىكنى ھېچكىمگە دېمەڭ، ــ دەپتۇ. ئەتىسى ئەتىگەندە قارا دېۋىنىڭ شىكارغا ماڭغىنىنى كۆرگەن سالى سارەنىڭ قېشىغا كەپتۇ. سارە سالىغا دېۋىدىن ئاڭلىغانلىرىنى تەپسىلىي سۆزلەپ بېرىپتۇ. سالى سارە تۇرغان مۇنارنىڭ تېگىدىكى تاختايلارنىڭ ئوتتۇرىدىسكىنى كۆتۈرگەن ئىكەن، قىرىق قەدەملىك پەلەمپەي كۆرۈنۈپتۇ. سالى پەلەمپەيدىن چۈشۈپ ئۇدۇل ئون قەدەم مېڭىپتۇ ـ دە، تاختاي تامغا ئۇسۇپتۇ، ئۇ قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئالقىنى بىلەن تامنى ئۇرغان ئىكەن، بىر پارچە تاختاي ئۈچراپتۇ. بۇ يەردىن نۇر چۈشۈپ قاراڭغۇلۇق يوقىلىپتۇ. سالى سول تەرەپكە قاراپ يۈلغۇن قەپەسىدىكى شاتۇتنى كۆرۈپتۇ. قەپەسنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ شاتۇتنى تارتىپ چىقىرىپتۇ ـ دە، بوينىنى بار كۈچى بىلەن قاتتىق سىقىپتۇ. دېۋىنىڭ جېنى بولغاچقىمۇ، شاتۇتى جاھىللىق بىلەن پالاقشىپ، مىڭ تەستە جان بېرىپتۇ. شاتۇتنىڭ ئۆلۈشى بىلەن ھاۋا گۈلدۈرلەپ، دەھشەتلىك بوران چىقىپ ئالەم قۇم ـ توپىغا كۆمۈلۈپ كېتىپتۇ، سالى داۋام يېتىۋېلىپ بوران توختىغاندا ئورنىدىن تۇرۇپتۇ. ئۇ دېۋىنىڭ ھالسىز ئاۋازىدا:

ــ ئەزەلدىن ئىنسان نەسلىدىن بىز دېۋىلەرگە ياخشىلىق كەلمىگىنىنى بىلىپ تۇرۇپ، سارەگە ئىچ سىرىمنى دەپ بەرگىنىمنىڭ جاجىسىغۇ بۇ. ئۆزۈمگىمۇ ئاز، ــ دەپ خارتىلداپ ئۆلگىنىنى ئۆي ئىچىدە تۇرۇپ كۆرۈپتۇ. سالى بىلەن سارە بىر خۇرجۇن ئالتۇننى ئېلىپ، ئاتقا نۆۋەتلىشىپ مىنىپ قايتىش سەپىرىگە ئاتلىنىپتۇ. ئۇلار يولغا ماڭغاچ تۇرسۇن، بىز گەپنى ئەمدى ساھىبجامال بىلەن پادىشاھتىن ئاڭلايلى.

پادىشاھ سالىنى گۆھەر تېپىپ كېلىشكە ئەۋەتىۋەتكەننىڭ ئەتىسى ساھىبجامالنى ئوردىغا چاقىرتىپ:

ــ ھۆسن ـ جامالىڭىزغا قارىسام ساھىبجامال دېگەن ئىسمىڭىزغا ھەقىقەتەن لايىق ئىكەنسىز، ــ دەپ گەپ باشلاپتۇ پادىشاھ، ــ سىزدەك قولى گۈل چېۋەر چوكانلارنى تولىمۇ قەدىرلەپ ھۆرمەتلىكىم كېلىدۇ. شۇڭلاشقا، ھازىردىن باشلاپ مېنىڭ يېنىمدا ئىشلەيسىز.

ــ پادىشاھ ئالىيلىرى، مەن ئۆزلىرىنىڭ يېنىدا تۇرۇشقا لايىق ئەمەسمەن، باشقا بىرىنى...

ــ ھەي تولىمۇ كەمتەر ئىكەنسىز، بۇ پەزىلىتىڭىزمۇ ماڭا يېقىپ قالدى. مەن يېنىمدا ئىشلەشكە سىزنى تاللاشتا يەتتە ئۆلچەپ بىر كەستىم جۇمۇ، ــ دەپتۇ شاھ ساھىبجامالنىڭ گېپىنى بۆلۈپ، ــ قىلىدىغان ئىشلىرىڭىز جىق ئەمەس، ماڭا ھەم مېھمانلىرىمغا چاي دەملەيسىز شۇ.

ــ ئاران شۇلىمىكىن شاھ جانابلىرى ؟

ــ يەنە بار. ئېرىڭىزنىڭ بىلىدىكى ياغلىقتەك چىرايلىق قىلىپ ماڭا بىر ياغلىق كەشتىلەپ بېرىسىز. مۇشۇ بارماقلىرىمىز ئەجەبمۇ... ــ پادىشاھ ساھىبجامالنىڭ نازۇك بارماقلىرىنى تۇتۇۋاپتۇ. ساھىبجامال قولىنى ئوتقا تەگكەندەك تېز تارتىۋاپتۇ.

ــ ھازىر ھۇركىگىنىڭىز بىلەن بارا ـ بارا كۆنۈپ قالىسىز، ــ دەپتۇ پادىشاھ، خىزمەتچىلەر پادىشاھ ياتىدىغان ئۆينىڭ يېنىدىكى كىچىك بىر ئېغىزلىق ئۆينى تازىلاپ، سەرەمجانلاشتۇرۇپ ساھىبجامالنى ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ. پادىشاھنىڭ نىيىتىنى سېزىپ قالغان ساھىبجامال ئاخشىمى ياتار چېغىدا ئىسمى ئەزەمنى ئوقۇپ، ئۆينىڭ تۆت تېمىغا سۈفلەيدىكەن. پادىشاھ كېچىسى ئاستا سىرتقا چىقىپ، ساھىبجامال ياتقان ھۇجرىنىڭ ئىشىكىنى ئىزدەپ تاپالمايدىكەن. ئىسمى ئەزەمنىڭ خاسىيىتى بىلەن ھۇجرا تاغدەك كۆرۈنۈپ

كېتىدىكەن. شۇنداق قىلىپ پادىشاھ مەقسىتىگە يېتەلمەي يەنە ھېلىقى ۋەزىردىن مەسلىھەت سوراپتۇ. ئالا كۆڭۈل ۋەزىر بىر دەم خىيال سۈرگەندىن كېيىن:

ـــ سالى قايتىپ كېلىپ گۆھەرنى تاپشۇرغاندا خەزىنىدىكى گۆھەرلەرنى سەن ئوغرىلاپتىكەنسەن دەپلا زىندانغا سولىغايلا، شۇ چاغدا ئۇنىڭ خوتۇنى ئۆزلىرىگە يالۋۇرۇپ تىزلىنىدۇ. كېيىنكى ئىشلار جانابلىرىنىڭ كۆڭلىدىكىدەك بولىدۇ، ـــ دەپتۇ، ۋاقىت ئۆز يولى بويىچە ئۆتىۋېرىپتۇ.

سالى بىلەن سارە قايتىپ كېلىپتۇ. ساھىبجامال سارەنى كۆرۈپلا:

ـ ئاھ! جان ـ جىگەر جۈپتۈم سارە، ـ دەپلا ئۆزىنى ئۇنىڭغا ئېتىپتۇ. ئىككىسى قۇچاقلىشىپ كۆزلىرىدىن يامغۇردەك خۇشاللىق يېشى تۆكۈلگەن پېتى ھوشىدىن كېتىپتۇ. سالى بۇلارنىڭ يۈزىگە سۇ پۈركۈپ، تەسلىكتە ھوشىغا كەلتۈرۈپتۇ. سالى بىر نەچچە كۈن دەم ئېلىپ ھاردۇقىنى چىقارغاندىن كېيىن، يانچۇقىنى گۆھەر بىلەن تولدۇرۇپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا كىرىپتۇ. تىنچ ـ ئامانلىق سوراشقاندىن كېيىن يانچۇقىدىن ئىككى دانە گۆھەرنى ئېلىپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ. پادىشاھ گۆھەرنى قولىغا ئېلىپلا:

ـ ئەمدى ئاشكارىلاندىڭ، خەزىنەمدىكى تۆت دانە گۆھەرنى ئوغرىلىغان ئوغرى سەن ئىكەنسەن، ـ دەپتۇ. سالى يانچۇقىدىكى بارلىق گۆھەرلەرنى چىقىرىپ:

ـئەمىسە بۇ گۆھەرلەرگە نېمە دەيلا؟ ـــ دەپ سوراپتۇ.

ـقوشنا دۆلەتلەرنىڭ خەزىنىسىدىنمۇ نۇرغۇن گۆھەرنىڭ يوقالغىنىنى ئاڭلىغانىتىم، ھەممىسىنى سەن ئوغرىلاپتىكەنسەن، ـ دەپتۇ پادىشاھ. سالىنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالنى بايان قىلىپ ئۆزىنى ئاقلىشىغا يول قويماپتۇ، جاللاتلىرىغا بۇيرۇپ سالىنى زىندانغا سولىتىپتۇ. بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان ساھىبجامال :

ـ پادىشاھ ئالىيلىرى، پۇقرالارنى ناھەق جازالاش شاھلىق تەختلىرىنىڭ تەۋرىشىگە سەۋەب بولىدۇ، ـــ دەپتۇ.

ـ سىز بىلمەيسىز. ئېرىڭىزنىڭ جىنايىتى ھەقىقەتەن ئېغىردۇر، ـــ دەپتۇ شاھ لېۋىنى يالاپ، ـ سىز چىرايلىق خېنىمنىڭ يۈز ـ خاتىرىسىنى دېمىسەم دارغا ئېسىپ قويۇپ ئۆلتۈرۈشكە لايىق ئىدى.

ـ سىلىنىڭ نېمە مەقسەتتە ئېرىمنى يوق گۇناھ بىلەن جازالىغانلىقلىرىنى خەلقى ئالەمگە يېيىۋېتىمەن.

پادىشاھ غەزەپتىن غال ـ غال تىترىگەن ھالدا جاللاتلىرىغا سالىنى دەرھال دارغا ئېسىشقا بۇيرۇپتۇ.

سالى سارە بىلەن قارا دىۋە پادىشاھلىقىدىن قايتىشىدا ئاق دىۋە پادىشاھلىقى تەۋەسىدىن ئۆتكەنىكەن. بىر ئاق دىۋە سارەنىڭ بىر يىگىتكە ئەگىشىپ كېتىۋاتقىنىنى كۆرۈپ سارەنىڭ دادىسىغا ـ ئاق دىۋىلەر پادىشاھىغا دوكلات قىلىپتۇ. پادىشاھ سارە بىلەن يىگىتنىڭ بىر ـ بىرىگە كۆيۈنىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، قىزىنى تۇتۇپ قېلىش نىيىتىدىن يېنىپتۇ. ھېلىقى خەۋەرچى دىۋىگە قاۋۇل دىۋىلەردىن ئىككىنى قوشۇپتۇ. پادىشاھ بۇ ئۈچ دىۋىگە:

ـ سىلەرنى ئۇلار كۆرۈپ قالمىسۇن، ئۇلارنى بىر يىلغىچە كۆزىتىڭلار. مۇناسىۋىتى ياخشى بولماي قالسا قىزىمنى قايتۇرۇپ كېلىڭلار، ياكى ئىككىسىنىڭ بىرىگە زىيان ـ زەخمەت يېتىش ئېھتىمالى بولسا سىلەر ئۇنى جان تىكىپ قوغداڭلا، ـــ دەپتۇ. ئۈچ دىۋە ئىككىسىنىڭ كەينىدىن كۆرۈنمەي كېلىپ ئۇلارنى كۆزىتىۋاتقانىكەن. پادىشاھنىڭ جاللاتلىرى سالىنى دارغا ئېسىش ئۈچۈن يالاپ مېڭىپتۇ. ئۈچ دىۋە دەرھال ھازىر بولۇپ جاللاتلارنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈپ سالىنى قۇتۇلدۇرۇپتۇ. پادىشاھ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ قورقىنىدىن تەختىنى تاشلاپ نەلەرگىدۇر قېچىپ كېتىپتۇ، خەلق سالىنى پادىشاھلىققا تەكلىپ قىلىپ شاھلىق تەختىگە ئولتۇرغۇزۇپتۇ. بىر كۈنى ساھىبجامال سارەگە:

ـ سەنمۇ سالىغا تەگكىن، ئىككىمىز ئۇنىڭ خوتۇنى بولايلى، ـ دەپتۇ. سارە ھەيرانلىقتىن كۆزلىرى پىيالىدەك چەكچىيىپ:

ـ نېمە دېگىنىڭ بۇ؟ سارىڭ بولۇپ قالمىغانسەن؟ ـ دەپتۇ.

ـ سەن بىلەن بىللە تۇرسام كۈنلىرىم ناھايىتى خۇشال ئۆتىدىكەن. ئەگەر مېنىڭ ئېرىمگە تەگمىسەڭ، ھامان بىر ئەرگە تېگىپ كېتىپ قېلىشىڭدىن ئەنسىرەيمەن، ئايرىلىپ كەتكىنىڭ بارمىتتى ـ يا؟

ـ ھەرگىز ئايرىلىپ كەتكىم يوق. شۇڭا يۇرتۇمدا قالماي يېنىڭغا كەلدىم.

ـ ئەمىسە بىللە تۇرۇشىمىزنى پۇختىلاش ئۈچۈن سالىغا تەگكىن.

ئىككىسى ئۇنى دېيىشىپ، بۇنى دېيىشىپ ئاخىرى سالىنىڭ بىر جۈپ رەپىقىسى بولۇپتۇ، سالى بىر خۇرجۇن پۇلغا خىزىرنىڭ چۈشىنى سېتىۋالغىنىنى ئەسلەپتۇ، چۈشتىكى ئاي بىلەن كۈن ساھىبجامال بىلەن سارە ئىكەن.

سۆزلەپ بەرگۈچى: قارىقاش ناھىيە پۇرچاقچى يېزا جۇمە بازار كەنتىدىن **مىجىت جۇمە**

نەشرگە تەييارلىغۇچى: خوتەن ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىنستىتۇتىدىن **مەۋلان مەتمىن**

تەھرىرى: **مەتسىلىم مەتقاسىم**

# ئەسكى خوتۇن دەججالدىن يامان

(چۆچەك)

بار ئىكەنۇ يوق ئىكەن، ئاچ ئىكەنۇ توق ئىكەن، ھۇرۇن دېھقان يېرىدىن، ئەسكى خوتۇن ئېرىدىن ئايرىلىپ قالغان بىر زامانلاردا مۇشۇ مەھەللىنىڭ دوقمۇشىدا مۇنداق بىر ۋەقە بولغان ئىكەن. ھەمراخۇن بىلەن ھەمراخان دېگەن ئاشىق- مەشۇق ئاخىرى ۋىسال لەززىتىدىن بەھرىمەن بولۇشۇپتۇ. بىراق توي قىلىپ ئىككى ـ ئۈچ ئايدىن كېيىن ھەمراخاننىڭ سوقۇشقاقلىق ئەيىبى ئاشكارىلىنىشقا باشلاپتۇ. يوقلاڭ باھانىلار بىلەن ئېرىنىڭ يۈز ـ كۆزلىرىنى تاتىلا، قەبىھ سۆزلەر بىلەن ھاقارەتلەپ ئېرىنى بىزار قىلىۋېتىپتۇ. ھەمراخۇن: «خوتۇنۇم ئەتە ئۇگۈلنار، ئۆگۈن تۈزۈلەر» دېگەن ئۈمىد بىلەن ئېغىر-بېسىق بولۇپ بىر يىلنى ئۆتكۈزۈپتۇ. بىر يىلدىن كېيىن ھەمراخان بىر ئوغۇل تۇغۇپتۇ. پەرزەنتنىڭ مېھرى-مۇھەببىتى بىلەن ھەمراخۇن تېخىمۇ ئېغىر-بېسىق بولۇپ، خوتۇنىنىڭ جېدەلخورلىقىنى ئەپۇ قىلىۋېرىپتۇ. بىراق ھەمراخان تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ، ئۆي ئىچىدىكى سوقۇشقاقلىقىنى كوچا-رەستىلەرگىچە كېڭەيتىپتۇ. ئېرىنى ئادەم كۆپ دوقمۇشلاردا ھاقارەتلەپ، ياقىسىدىن بوغىدىغان بولۇپ كېتىپتۇ. سەۋر ـ تاقىتى توشۇپ، زادى چىدىيالمىغان ھەمراخان بىر كۈنى ئەتىگەندە خوتۇنىغا:

ـ مەن قېيناتا ـ قېينانامنى يوقلاپ كېلەي، خالىسىڭىز مەن بىلەن بىللە بېرىڭ، ـ دەپتۇ. ھەمراخان خۇشال بولۇپ ئېرىگە ئەگىشىپ مېڭىپتۇ.

ئاز ماڭدىمۇ جىق ماڭدىمۇ، ئۇزۇن ماڭدىمۇ قىسقا ماڭدىمۇ، ئۆزلىرىمۇ بىلىشمەي مېڭىۋېرىپتۇ. ھەمراخۇن تۈنۈگۈن كۆرۈپ كۆڭلىگە بىر ئىشنى پۈكۈپ قويغان قۇدۇق يېنىغا كەپتۇ. ئۇ قۇدۇققا ئېڭىشىپ قارىغاندىن كېيىن خوتۇنىغا:

ـ قاراڭا ھەمراخان، قۇدۇقنىڭ ئىچىدە چىرايلىق بىر چوكان ماڭا قاراپ كۈلدى، ـ دەپتۇ. ھەمراخاننىڭ كۈندەشلىكى ملڭ گەز ئۆرلەپ:

ـ قانداق پاسكىنا رەسۋاكەن ئۇ؟ ـ دېگىنىچە كېلىپ قۇدۇققا ئېڭىشىپتۇ، ئېرى شۇئان ئۇنىڭ پۇتىدىن كۆتۈرۈپلا قۇدۇققا تاشلىۋېتىپتۇ. خوتۇنىنىڭ قۇدۇقنىڭ تېگىگە چۆكۈپ كەتكىنىنى كۆرگەندىن كېيىن:

ـ شۇنداقمۇ ئوبدان قۇتۇلدۇم سەن سوقۇشقاقتىن! ـ دەپ خۇشاللىقى ئىچىگە پاتماپتۇ. ئارىدىن بىر كۈن ئۆتۈپتۇ، بىر ھەپتە ئۆتۈپتۇ، بىر ئاي ئۆتۈپتۇ. ھەمراخۇن خوتۇنىنىڭ ئەسكىلىكىنى يۇنتۇپ ئەمدى ئۇنىڭ ياخشى تەرەپلىرىنى سېغىنىشقا باشلاپتۇ. «ئالەمدە ئەيىبسىز ئىنسان يوق، يوقىدىن ئەسكى بولسىمۇ بارى ياخشىكەن» دەپ ئويلاپ، خوتۇنىنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن قۇدۇققا ئارغامچا تاشلاپتۇ. ئارغامچىنىڭ سىلكىنىشكە باشلىغانلىقىنى كۆرگەن ھەمراخۇن ئارغامچىنىڭ بىر ئۇچىنى بېلىگە چىگىپ، قۇدۇققا ئارقىسىنى قىلىپ ھەدەپ سۆرەشكە باشلاپتۇ. ئوتتۇز ـ قىرىق قەدەمچە سۆرىگەندىن كېيىن ئارغامچا يېنىكلەپ قاپتۇ. «خوتۇنۇم قۇدۇقتىن چىقىپ ماڭا ئەگىشىپ ماڭغان ئوخشايدۇ» دەپ ئويلاپ كەينىگە شۇنداق قارىغان ئىكەن قورقۇپ غال ـ غال تىترەپ كېتىپتۇ. ئۇنى ئەسلىدە تەلەتى سەت بىر دەججال قوغلاپ كېلىۋاتقان ئىكەن. ھەمراخۇن بەدەر قېچىپتۇ. دەججال ئۇنى قوغلاپتۇ. ھەمراخۇن قېچىپ كېتىۋېتىپ بىر نەرسىگە پۇتلىشىپ يىقىلىپ كېتىپتۇ. دەججال ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ تىزلىنىپ ئولتۇرۇپتۇ. ھەمراخۇن غال ـ غال تىترەپ:

ـ مەن خوش بولۇپ كېتەي، مېنى ئۆلتۈرمەڭ. مېنى ئۆلتۈرسىڭىز بىر بالام يېتىم قالىدۇ، ـ دەپ يالۋۇرۇپتۇ.

ـ ئەي رەھىمدىل يىگىت، سەن ماڭا ئۇنتۇلغۇسىز شەپقەت قىلدىڭ، مەن ساڭا رەھمەت ئېيتىش ئۈچۈن ئالدىڭدا تىزلاندىم، ـ دەپتۇ دەججال. ھامراخۇن ھەيرانلىق بىلەن:

مەن سىزگە قانداق شەپقەت قىلدىم؟ ـ دەپ سوراپتۇ.

ـ مەن سۇنى جىق ئىچىدىغانلىقىم ئۈچۈن قۇدۇقنىڭ تېگىدە ياشايتتىم. بىر ئاي ئىلگىرى بىر جېدەلخور خوتۇن قۇدۇقنىڭ تېگىگە چۈشتى. شۇ كۈندىن باشلاپ ماڭا بىر كۈنمۇ خاتىرجەملىك بولمىدى. ئۇ خوتۇن مەن بىلەن توختىماي جېدەللىشىپ، مېنى

بەكمۇ تۈيغۇزىۋەتتى. ئۆلتۈرۈۋېتىپ قۇتۇلاي دېسەم قان قىساسىدىن قورقتۇم. قانداق قىلسام بولار دەپ بېشىم قېتىپ تۇرغاندا، سەن مېنى قۇدۇقتىن چىقىرىپ قويدۇڭ. ماڭا قانداق تەلىپىڭ بار؟ يوشۇرماي ئېيتقىن، ــ دەپتۇ دەججال. يىگىتنىڭ كۆڭلى ئارامىغا چۈشۈپ:

ــ رەھمەت، مېنىڭ ھېچ قانداق تەلىپىم يوق، ــ دەپتۇ. دەججال:

ــ ئەمىسە مەن ساڭا بىر نەچچە تال تۈك بېرىمەن، بىرەر ئىشتا ئامال قىلالماي قالغان ۋاقتىڭدا تۈكتىن بىر تالنى كۆيدۈرسەڭ مەن دەرھال يېنىڭغا ھازىر بولۇپ، خىزمىتىڭدە بولىمەن، ــ دەپتۇ ـ دە، بېشىدىن بىر نەچچە تال تۈك يۇلۇپ ھەمراخۇنغا بېرىپلا غايىب بولۇپتۇ.

كۈنلەر بىر بىرى بىلەن قوغلىشىپ تېز ئۆتۈپتۇ. دەرەخلەر ئىككى قېتىم يوپۇرماق چىقىرىپ، ئىككى قېتىم غازاڭ تاشلاپتۇ، ھەمراخۇن يالغۇزلۇقتىن جاق تويۇپ ئۆيلەنگۈسى كېلىپ چىدىيالماي قاپتۇ. ئۇ دەردىگە داۋا، رەنجىگە شىپا بولغۇدەك لايىق ئىزدەپ شەھەرمۇ ـ شەھەر، يۇرتمۇ ـ يۇرت ئارىلاپ مېڭىپتۇ. ئىزدەپ ـ ئىزدەپ، مېڭىپ ـ مېڭىپ ئاخىرى كاتتا بىر شەھەرگە كېلىپ قاپتۇ. بىر دوقمۇشقا كېلىپ قارىسا بىر توپ ئادەم تامغا چاپلانغان جاكارنامىغا قاراپ تۇرۇپتۇ. ھەمراخۇن جاكارنامىدىن بۇ شەھەرگە سۇ كېلىدىغان ئۆستەڭنىڭ ئاغزىدا بىر دەججال توغرىسىغا يېتىۋالغاچقا بۇ يۇرتتا قۇرغاقچىلىق يۈز بېرىپتۇ. گۈل ـ گىياھ، دەل ـ دەرەخلەر قۇرۇپ، زىرائەتلەر كۆكلىيەلمەي ئاچارچىلىق دەستىدىن پۇقرالار توپ ـ توپ بولۇپ باشقا يۇرتلارغا كۆچۈپ كېتىپ، پادىشاھنىڭ بېشىغا غەم چۈشكەنلىكى كىمدە ـ كىم باتۇرلۇق كۆرسىتىپ، دەججالنى ئورنىدىن قوپۇرۇۋېتىپ شەھەرگە سۇ باشلاپ كېلەلىسە ئۇنى كۈيئوغۇل قىلىدىغان، كېيىنچە شاھلىق تەختىنى ئۇنىڭغا بېرىدىغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپتۇ. يېقىنقى كۈنلەردىن بۇيان پادىشاھنىڭ كۈيئوغلى بولۇش شېرىن خىيالى بىلەن نۇرغۇن يىگىتلەر مەيدىسىگە ئۇرۇپ مەيدانغا چىقىپتۇ. لېكىن بەزىلىرى دەججالغا يەم بولۇپتۇ. بەزىلىرى پادىشاھنىڭ يۈز دەررە ئۇرۇشىدىن قورقۇپ باشقا يۇرتلارغا قېچىپ كېتىپتۇ. ھەمراخۇن بۇ ئەھۋاللارنى ئۇققاندىن كېيىن « ئېسىلساڭ نارغا ئېسىل، يىقىلساڭ ناردىن يىقىل» دېگەن تەمسىلنى يادىغا ئېلىپ شاھنىڭ ئالدىغا كىرىپتۇ. شاھ ئۇنىڭ ئىرادىسىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن:

ــ بولدۇ تەلىيىڭنى سىناپ باق، ۋەدەڭنى ئىشقا ئاشۇرالىساڭ مەن گېپىمدە تۇرۇپ ساڭا قىيناتا بولىمەن ھەم سېنى تەخت ۋارىسى قىلىمەن. ناۋادا دەججالنى ئۆستەڭنىڭ ئاغزىدىن قوپۇرالمىساڭ، جازالىشىمغا رازى بولغىن، ــ دەپتۇ.

ھەمراخۇن رازى بولۇپ يولغا چىقىپتۇ. مېڭىپ مېڭىپ ئۆستەڭنىڭ بويىغا كېلىپ دەججال بەرگەن تۈكتىن بىرنى كۆيدۈرۈپتۇ. ئۆستەڭنىڭ ئاغزىنى توساپ يېتىۋالغان دەججال دەل ھەمراخۇن قۇدۇقتىن چىقىرىۋالغان دەججالنىڭ ئۆزى ئىكەن. بۇ دەججال ئۆزىنىڭ تۈكى كۆيگەن پۇراقنى سېزىپ، ئورنىدىن سەكرەپ قوپۇپ ھەمراخۇننى ئىزدەپ يولغا چىقىپتۇ. دەججالنىڭ قوپۇپ كېتىشى بىلەن ئۆستەڭدە لىقمۇلىق سۇ ئۆركەشلەپ ئېقىپ، چوڭ ـ كىچىك ئېرىقلارمۇ سۇغا تولۇپتۇ. دەل ـ دەرەخلەر، ئېتىز ـ باغلارغا سۇ ئېقىشقا باشلاپتۇ. شەھەر خەلقى خۇشاللىقتىن باشلىرى ئاسمانغا يېتىپ بۆكلىرىنى ئاسمانغا ئېتىشىپتۇ. دەججال ھەمراخۇننىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ:

ــ ئەي شەپقەتچىم، سەن قانداق مۈشكۈلاتقا يولۇقتۇڭ؟ مەن نېمە قىلىپ بېرىمەن؟ ــ دەپ سوراپتۇ. ئۇ ھەمراخۇننىڭ جاۋابىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن:

ــ شاھ ۋەدىسىدە تۇرالىسا، مەن ئۆمۈر بويى بۇ ئۆستەڭنىڭ سۈيىنى توسۇۋالمايمەن. ئەگەر گېپىدىن يېنىۋالسا بۇ شەھەرنى چۆلگە ئايلاندۇرىۋېتىمەن، ــ دەپتۇ. يىگىتنى ئۇزىتىپ قويۇپ ئۆزىنىڭ يولىغا راۋان بوپتۇ. ھەمراخۇن بېشىنى ئېگىز تۇتۇپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا كىرىپتۇ. پادىشاھ ئورنىدىن تۇرۇپ ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن:

ــ ئەي قەھرىمان ئوغلۇم، ئۆزۈڭنى بۇرۇنراق ئاشكارا قىلغان بولساڭ شەھىرىمىز بۇنداق خارابلاشمىغان، پۇقرالار بۇنداق پاراكەندە بولمىغان بولاتتى. كېچىككەن بولساڭمۇ ئۇلۇغ ئىش قىلدىڭ. ئاتاڭغا رەھمەت، ئاناڭغا رەھمەت. ھازىردىن ئېتىبارەن سەن مېنىڭ كۈيئوغلۇم، دەپتۇ. كاتتا ئالىي بىنالارنى سېلىپ، قىرىق كۈن توي قىلىپ قىزىنى ئۇنىڭغا نىكاھلاپ بېرىپتۇ.« ئەسكى خوتۇن دەججالدىن يامان» دېگەن تەمسىل شۇنىڭدىن قالغان ئىكەن.

سۆزلەپ بەرگۈچى: قارىقاش بازىرىدىن ئابدۇللاخۇن سىرچى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: قارىقاش ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىدىن مۇھەممەتئىمىن قۇربان

تەھرىر: مەتسېلىم مەتقاسىم

# ئۇتۇنچىنىڭ كۆرگەنلىرى

(چۆچەك)

تۇتۇننىڭ يۇقىرىغا ئۆرلىشى، سۈنىڭ پەسكە ئېقىشى باشلانغان زامانىدا، تەكلىماكاندىكى ئاۋات يۇرتلارنىڭ بىرىدە جاڭگالدىن ئوتۇن توشۇپ جان باقىدىغان ئايۇپ ئىسىملىك بىر كىشى ياشىغانىكەن، بىر كۈنى، ئۇ بۇرۇن زادىلا بېرىپ باقمىغان ئوتۇنلۇققا بېرىپ قاپتۇ. ئۇ بىر تۈپ قۇرۇپ كەتكەن توغراققا قاراپ «مۇشۇنى كېسىپ ئوتۇن قىلسام كۆپ پۇلغا يارىغۇدەك» دەپ پالتىسىنى قولىغا ئېلىپ تۇرۇشى، توغراقنىڭ كىچىككىنە كامىرىدىن بىر جانىۋار ئۈمىلەپ چىقىپتۇ-دە، ئوتۇنچىنى كۆرۈپلا چىققان كامىرىغا كىرىۋېلىشقا ئۇرۇنۇپتۇ. بىراق ئۇ جانىۋار چوڭىيىپ-چوڭىيىپ كامارغا پاتمايلا قاپتۇ. ئايۇپ بۇ ئىشتىن ھەيران بولۇپ بۇ يەردىن كېتىپتۇ. ئۇ جاڭگالدا كېتىۋاتسا بىر ئادەمنىڭ قىرىق گەز ئۇزۇنلۇقتىكى تانىنى يەرگە ئىككى قات يايغىنىنى كۆرۈپتۇ. ئۇ ئادەم ئىككى تۆگىگە ئارتىپ بولغۇدەك ئوتۇننى تانا ئۈستىگە تىزغاندىن كېيىن تانىنى چىڭ تارتىپ قولدىماچ قىلىپ يۈدمەكچى بوپتۇ، بىراق كۆتۈرۈپ قوپالماپتۇ، ئۇ ئادەم تانىنى يېشىۋېتىپتۇ. ئوتۇننىڭ ئۈستىگە يەنە ئۈچ قۇچاق ئوتۇننى تىزىپتۇ. تانىسىنى چىگىتىپ، ئاندىن يۈدمەكچى بولغانىكەن، يەنە قوپالماپتۇ. يەنىلا بۇرۇنقىدەك ئوتۇن ئۈستىگە ئوتۇن تىزىپ يۈدمەكچى بولغانىكەن، يەنىلا ئورنىدىن قوپالماپتۇ. بۇ كىشى مىڭ تەسلىكتە تەييارلىغان ئوتۇننى تاشلاپ قويۇپ بىر كۆزى كەينىدە كېتىپ قاپتۇ. «كۆتۈرەلمىگەن ئوتۇننىڭ ئازراقىنى ئېلىۋېتىپ كۆتۈرمەي، تۆپە-تۆپىلەپ ئوتۇن باسقىنى قىزىققۇ» دەپ كۈلۈپ قويۇپتۇ. ئۇ يەنە بىر دەم ماڭغاندىن كېيىن بىر كىشىنىڭ دەرەخلەرگە بىرمۇ-بىر قاراپ، ئۇ يەردىن بىر تۈپ قىرى دەرەخنى، بۇ يەردىن بىر تۈپ ياش كۆچەتنى ئۆتكۈر پالتا بىلەن كېسىپ يىقىلدۇرۇپ ماڭغىنىنى كۆرۈپتۇ. ئايۇپ «تووۋا خۇدايىم، بىر دەمنىڭ ئىچىدە ھەيران قالارلىق ئىشتىن ئۈچنى كۆردۈم بۇنىڭ سەۋەبى نېمىدۇ» دەپ ئويلىنىپ مېڭىپتۇ. ئۇ كېتىۋاتسا چاچ-ساقاللىرى قاپقارا ھاسا تايىنىۋالغان بىر كىشى ئۇچراپتۇ. ئايۇپ باياتىن ئۆزىنى ئەجەبلەندۈرگەن ئۈچ ئىشنى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بەرگەندىن كېيىن:

— بۇ ئىشلار نېمىنى چۈشەندۈرىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. ھاسا تايانغان كىشى بىر تۈپ توغراقنىڭ سايىسىدا ئولتۇرۇپ جاۋاب بېرىپتۇ:

— ئۆزى چىققان كامارغا پاتمىغان جانىۋار — ئادەمنىڭ ئاغزىدىن يېتىپ چىققان گەپ خاتا بولۇپ قالسا، ئۇنى ياندۇرۇپ ئېغىزغا پاتۇرۇۋالغىلى بولمايدىغانلىقىدىن بېشارەتتۇر، شۇنىڭ ئۈچۈن گەپنى ئېغىزدىن چىقىرىشتىن ئىلگىرى چوڭقۇر ئويلىماق لازىمدۇر. كۆتۈرەلمىگەنسېرى يەنە ئېغىرلىتىپ ئاخىرى ئۆزى قۇرۇقلا كېتىپ قالغان ئادەم — ئۆزىنىمۇ بىيەلمەيدىغان، باشقىلارنىمۇ يېگۈزمەيدىغان پىخسىق، بېخىل ئادەمدۇر. ئۇ تاشلاپ قويغان ئوتۇننى سىز توشۇپ كەتمەكچى بولسىڭىز، ئۇ «مېنىڭ ئوتۇنۇمنى جايىدا قوي» دېيىشى تۇرغانلا گەپ. يەنە بىر كىشىنىڭ دەرەخلەرگە بىرمۇ بىر كۆز سېلىپ بەزىدە قېرىسىنى، بەزىدە ئوتتۇرا ھالدىكىنى، بەزىدە كىچىكلىرىنى كېسىپ ماڭغىنى — ئەزرائىلدۇر. ئۆلۈم ياش، قېرى دەپ ئايرىپ ئولتۇرمايدۇ.

ئايۇپ بۇ جاۋابلارغا قايىل بولۇپ ئۇ كىشىگە تەشەككۈر بىلدۈرۈپ خوشلىشىپتۇ. ئۇ مېڭىپ-مېڭىپ بىر جايغا بارغاندا ئۇسساپ چىدىيالماي قاپتۇ. نەدىن سۇ تاپارمەن دەپ ئەتراپىغا نەزەر سالغانىكەن، بىر تۈپ دوڭغاق جىگدىنىڭ يېنىدا بىر ئۆي كۆرۈنۈپتۇ. ئۆي بولغاندىكىن سۇ بارغۇ دەپ ئويلىغان ئايۇپ:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، — دەپلا ئۆيگە كىرىپتۇ. چاچ-ساقىلى قاردەك ئاقىرىپ كەتكەن بىر بوۋاي كارىۋاتتا ياتقان پېتى:

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام! — دەپتۇ ھالسىز ئاۋازى بىلەن. ئۇ ئايۇپنىڭ سۇ ئىچكىلى كىرگىنىنى بىلگەندىن كېيىن:

— پۇت-قولۇمدا جان يوق، ئورنۇمدىن تۇرالمايمەن. ئاۋۇ قاپاقتىن ئۆزلىرى قويۇپ ئىچكەيلا، — دەپتۇ. ئايۇپ ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرغاندىن كېيىن، بۇ ئادەمنىڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگىنىگە ھەۋەس قىلىپ:

— ئۆزلىرى نەچچە ياشقا كىردىلە؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مەن بىلمەيمەن، ئاكام بىلەمدىكىن.

— تېخى ئاكىلىرى بارمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ ئايۇپ قىزىقىپ، — ئاكىلىرىنىڭ ئۆيى نەدىراق؟

— ئۆگزىگە چىقىپ قىبلىگە قارىسىلا كۆرۈنىدۇ.

ئايۇپ ئۆگزىگە چىقىپ قىبلە تەرەپكە قارىغانىكەن، كۆز يېتىم يەردە بىر ئۆي كۆرۈنۈپتۇ. ئۇ بىر ھارغىچە مېڭىپ بۇ ئۆيگە كەپتۇ. ئىشىكتىن:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، — دەپ كىرگەن ئىكەن،

چاچ-ساقىلىنىڭ يېرىمى تولۇق ئاقىرىپ بولغان، يېرىمى قاپقارا تۇرغان بىر كىشى ئورنىدىن تەسلىكتە تۇرۇپ:

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام! — دەپتۇ. ئىككىسى پاراڭلىشىۋېتىپ:

— ئۇكىلىرى نەچچە ياشقا كىردى. ئۆزلىرىچۇ؟ — دەپ سوراپتۇ ئايۇپ.

— ئاكامنىڭ دېيىشىچە مەن ئۇكامدىن يىگىرمە ياش چوڭكەنمەن، دەپتۇ ئۆيىنىڭ ئىگىسى، — ئەمما نەچچە ياشقا كىرگىنىمنى بىلمەيمەن، ئاكام بىلەمدىكىن.

ئايۇپ «ئۇكىسىدىن ئاكىسى ياش تۇرۇپتۇ. بۇنىڭمۇ ئاكىسى باركەن تېخى» دەپ ئەجەبلىنىپ :

— ئاكىلىرىنىڭ ئۆيى نەدە؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئۆگزىگە چىقىپ قىبلە تەرەپكە قارىسىلا كۆرۈنىدۇ.

ئايۇپ ئۆي ئىگىسى بىلەن خوشلىشىپ، قىبلە تەرەپكە قاراپ بىر چاي قاينام ۋاقتى ماڭغاندىن كېيىن، كۆجۈم سۆگەتلەر ئارىسىدىكى ئۆيىنىڭ ئالدىغا كەپتۇ. ئۇ:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، — دەپ ئۆيگە كىرگەن ئىكەن، جاڭگالدا چۈشتىن ئىلگىرى ئۇچرىشىپ، ئەجەبلىنەرلىك ئۈچ ۋەقەنىڭ مەنىسىنى چۈشەندۈرۈپ قويغان كىشى:

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام! — دېگىنىچە ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپتۇ. ئايۇپ ئۆي ئىگىسى بىلەن تىنچ-ئامانلىق سوراشقاندىن كېيىن:

— مەن كىچىك ئۇكىلىرى بىلەنمۇ كۆرۈشتۈم. چوڭ ئۇكىلىرى بىلەنمۇ ئۇچراشتىم. كىچىك ئۇكىلىرى ئىككى ئاكىسىدىن، چوڭ ئۇكىلىرى قېرىپ كېتىپتۇ. مەن بۇ ئىشقا ئەجەبمۇ ھەيران قالدىم، — دەپتۇ. ئۆي ئىگىسى:

— ئاۋۋال ئۇسسۇلۇق ئىچىپ ھاردۇقلىرى چىقسۇن. ئاندىن بۇنىڭ سەۋەبىنى سۆزلەپ بېرەي، — دەپتۇ. ئۇ سەكسەن ياشلاردىكى خوتۇنىغا بالىخانىغا چىقىپ بىر تاۋۇز ئېلىپ چۈشۈشنى بۇيرۇپتۇ. خوتۇنى قىرىق بالداقلىق شوتا بىلەن بالىخانىغا چىقىپ يوغان بىر تاۋۇزنى قولتۇقلاپ چۈشۈپتۇ. — مېھمانغا پىچىدىغان تاۋۇز بۇ ئەمەس، ياخشىراقىنى ئېلىپ چۈشۈڭ.

خوتۇنى يەنە بالىخانىغا چىقىپ بىر تاۋۇز ئېلىپ چۈشۈپتۇ. ئېرىنىڭ بۇيرۇشى بىلەن خوتۇنى بۇ تاۋۇزنى بالىخانىغا ئېلىپ چىقىپ قويۇپ، يەنە بىر تاۋۇزنى قولتۇقلاپ چۈشۈپتۇ، ئېرى بۇ تاۋۇزنىمۇ ياراتماپتۇ. خوتۇنىنىڭ تاۋۇز يۆتكىشى يىگىرمە قېتىم تەكرارلىنىپتۇ. ئايۇپقا ئۇ خوتۇنىنىڭ بالىخانىغا ئېلىپ چىقىپ، ئېلىپ چۈشۈۋاتقان تاۋۇزى بىردەكلا كۆرۈنۈپتۇ.

— بۇ تاۋۇزلارنىڭ بىر-بىرىدىن پەرقى يوقتەكلا قىلىدىغۇ، دەپتۇ ئايۇپ، ئۆي ئىگىسى:

— توغرا دېدىلە، — دەپ تاۋۇزنى پىچىپ يېيىشىپتۇ، ئاندىن:

— مېنىڭ ئۇكىلىرىمدىن ياش، ساغلام تۇرۇشۇمدىكى سەۋەب مەن ھەر قانداق ئىشقا جىددىيلىشىپ ئالدىراپ كەتمەيمەن، ئاچچىقلاپ قالمايمەن، ماڭا زىيان-زەخمەت كەلتۈرگەنلەرنىمۇ ئەپۇ قىلالايمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە خوتۇنۇم مەن بىلەن گەپ تالاشمايدۇ. ئۆزلىرىمۇ كۆردىلە، بالىخانىغا بىر تاۋۇزنى يىگىرمە قېتىم ئېلىپ چىقىپ، ئېلىپ چۈشتى. بىر قېتىممۇ كەينىگە قارىمىدى. شۇ سەۋەبتىن مەن ساغلام، ياش تۇرىۋاتىمەن. مېنىڭ تەڭتۇشلىرىمدىن ھايات ياشاۋاتقانلىرى يوق، بىر يۈز ئوتتۇز ياشقا كىرىپ قالدىم، ھاسىغا تايىنىپ ماڭغىنىممۇ چوڭ غەنىيمەت، — دەپتۇ.

ئايۇپ سوراپتۇ:

— چوڭ ئۇكىلىرىنىڭ چاچ ساقاللىرى يېرىمى ئاقىرىپ بوپتۇ، يېرىمى قاپقارا تۇرۇپتۇ، بۇنىڭ سىرى نېمىدۇ؟

— بۇ ئۇكامنىڭ ئىككى خوتۇنى بار، بىرى ئالدىپەش، جېدەلخور، بۇ خوتۇن ئېرىنىڭ گەپ-سۆزلىرىدىن، ئىشلىرىدىن قۇسۇر چىقىرىپ ھەمىشە ئىچىنى پىشۇرىدۇ. بۇ خوتۇنىنىڭ گېپىنى ئاڭلايدىغان ئوڭ قۇلاق تەرىپىدىن چاچ-ساقاللىرى بالدۇر ئاقىرىپ بولدى. يەنە بىر خوتۇنى رايىش، مۇلايىم، ئېرىنى قاقشاتمايدۇ. ئۆزىنىڭ ئىشىنى تېپىپ قىلىدۇ. شۇم خەۋەر يەتكۈزمەيدۇ، شۇڭا ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلايدىغان سول قۇلاق تەرىپىدىن چاچ-ساقاللىرى ياش يىگىتلەرنىڭكىدەك قاپقارا تۇرىۋاتىدۇ. كىچىك ئۇكام مەندىن ئەللىك ياش كىچىك تۇرۇپ چاچ-ساقىلى ئاقىرىپ، پۇت-قوللىرى كۈچتىن قالدى. ئۇ قولىدىن كەلمەيدىغان ئىشلارغا قىزىقىپ ئۆزىنى كۆپ ئۇپرىتىدۇ، تولا چېچىلىدۇ، ئاچچىقلىنىدۇ، — دەپتۇ ئۆي ئىگىسى، — ئاچچىقلانساڭمۇ، چېچىلساڭمۇ بولىدىغان ئىش بولىۋېرىدۇ.

ئايۇپ ئۇنىڭ گەپلىرىگە چىن دىلىدىن قايىل بوپتۇ. بۇ كۈنى ئۇ ئوتتۇن توشۇيالمىغان بولسىمۇ، ئالتۇنغا سېتىۋالغىلى بولمايدىغان ياخشى گەپلەرنى ئاڭلىغىنىدىن چەكسىز سۆيۈنۈپتۇ.

سۆزلەپ بەرگۈچى: قارىقاش ناھىيە پۇرچاقچى يېزا كۆلئېرىق كەنتىدىن **راخمناخۇن** (65 ياش)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: قارىقاش ناھىيە ياۋا يېزا جۈمە بازار كەنتىدىن دېھقان **مەمەتساقى ساۋۇر**

تەھرىرى: **داۋۇت ئادىل**

# ئاق كۆڭۈللەر

(چۆچەك)

بۇنىڭدىن ئانچە يىراق بولمىغان يىللار ئىلگىرى مۇشۇ مەھەللىمىزدە مۇنداق بىر ۋەقە سادىر بوپتۇ. بىر كىشى قوشنىسىغا يەر سېتىپتۇ. يەر سېتىۋالغان كىشى ئۇرۇق چېچىشتىن بۇرۇن يەرنى ئاغدۇرۇپ كېتىۋاتسا، بۇقىسىغا تاشتەك بىر نەرسە تاقىشىپتۇ. بۇ كىشى ئاتنى توختىتىپ قويۇپ ھېلىقى يەرنى كولىغان ئىكەن بىر تۆمۈر ساندۇق كۆرۈنۈپتۇ. بۇ ساندۇقنى ئاچقان ئىكەن ئات كاللىسىدەك ئالتۇن تۇرغىدەك، بۇ كىشى يەرنى ساتقان كىشىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئەھۋالنى مەلۇم قىلغاندىن كېيىن:

— مەن ئۆزلىرىدىن يەر سېتىۋالدىم، ئالتۇن سېتىۋالمىدىم. بۇ ئالتۇننى مەندىن تاپشۇرىۋالسىلا. بۇ بايلىق ئۆزلىرىگە مەنسۇپ، ـ دەپتۇ.

— مەن ئۇ يەردە نەچچە ئون يىل تېرىقچىلىق قىلدىم ،شۇ يىللاردا بۇ ئالتۇن ماڭا ئۇچرىماي، بۈگۈن ئۆزلىرىگە ئۇچراپتۇ. بۇ بايلىق ئەلۋەتتە ئۆزلىرىنىڭ رىزقى. بۇنىڭدا مېنىڭ ھەققىم يوق،— دەپتۇ. ئىككىسى شۇ يوسۇندا مۇنازىرىلىشىپ بىر ـ بىرىنى قايىل قىلالماي، دەۋالىشىپ قازىنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ. قازى ئۇلارنىڭ گېپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن:

— سىلەرنىڭ پەرزەنتىڭلار بارمۇ؟— دەپ سورىغان ئىكەن.

— مېنىڭ ئون ياشلىق بىر ئوغلۇم بار.

— مېنىڭ يەتتە ياشلىق بىر قىزىم بار،— دېيىشىپتۇ ئۇلار.

— پەرزەنتىڭلار بالاغەتكە يەتكەندە بىر ئۆيدە قىلىپ قويۇپ، ئالتۇننى ئۇلارغا بېرىڭلار، ـ دەپ بۇيرۇپتۇ قازى.

بالىلار بالاغەتكە يېتىپلا بىر ـ بىرىگە كۆڭلى چۈشۈپ، ئامراق ئاشىق-مەشۇقلاردىن بولۇشۇپتۇ. ئاتا ئانىلار بالىلارنى تويلاپ مۇرات- مەقسەتلىرىگە يەتكۈزۈپتۇ. ئاندىن ھېلىقى ئالتۇننى ساندۇق بىلەنلا كۆتۈرۈپ كېلىپ بالىلىرىغا تەقدىم قىلغاندىن كېيىن:

— ئاللاھ سىلەرنى ئۆمۈر بويى بەختلىك خاتىرجەم ياشاشقا نېسىپ قىلغاي،— دەپ ياخشى تىلەكلىرىنى ئىپادىلەپتۇ.

بىر نەچچە ئايدىن كېيىن بۇ بىر جۈپ ئەر ـ خوتۇن ئالتۇننى كۆتۈرۈپ قازىنىڭ ئالدىغا كېلىپ :

— مۆھتەرەم قازى ئاخۇنۇم، بۇ ئالتۇن بىزنىڭ رىزقىمىز ئەمەس، بۇنى مەھكىمە شەرئىگە قوبۇل قىلغايلا،ـ دەپتۇ.

— نېمىشقا؟ـ دەپ سوراپتۇ قازى. ئەر ـ خوتۇنلار:

— بىز ئىككىلىمىز تەن دۇرۇسمىز، ئۆزىمىز ئىشلەپ تېرىكچىلىك قىلىشىمىز كېرەك. بۇ مېھنەتسىز، ئەجىرسىز كەلگەن بايلىق بىزنى ھۇرۇن، تەمەخور قىلىپ قويىدۇ، ھالال تەر تۆكۈپ باياشات ياشاش ئىرادىمىزنى سۇسلاشتۇرىدۇ. بىزنى بۇ ئاپەتتىن قۇتۇلدۇرۇپ قويغايلا ـ دەپتۇ. قازى:

— پۇقرالارنىڭ خۇسۇسىي مال دۇنيالىرىنى مەھكىمە شەرئىگە قوبۇل قىلىشىم دۇرۇس ئەمەستۇر،— دەپ ئۇلارنىڭ تەلىپىنى رەت قىلغاندىن كېيىن، سوراپتۇ:

— ئەگەر بۇ ئالتۇنلارنى ئۆزۈڭلارگە ھالال كۆرمىسەڭلار بىر مەسلىھەتىم بار، ئاڭلاپ باقامسىلەر؟

— ئەلۋەتتە ئاڭلايمىز، دەپتۇ ئىككىسى.

— بۇ ئالتۇننى سەرپ قىلىپ مىڭ مو يەر ئېچىڭلار. بۇ يەرگە باغ بىنا قىلساڭلار، يېتىم -يېسىر، غېرىب ـ مۇساپىر، تۇل خوتۇن، مېيىپ ـ ئاجىزلار بۇ باغنىڭ مېۋىلىرىدىن بەھرىمەن بولسا...

قازىنىڭ بۇ گېپى ئۇلارغا ياغدەك يېقىپتۇ. بىر نەچچە يىلدىن كېيىن بۇ يۇرتنىڭ يېنىدا ئالەمگە مەشھۇر كاتتا باغ بىنا بولۇپ، ھاجەتمەن ـ پېقىرلارنىڭ ھەقسىز بەھرىمەن بولىدىغان جەننىتىگە ئايلىنىپتۇ. مۇشۇ كۈنلەردە بىزگە كۆرۈنۈپ تۇرغان ئاۋۇ باغلار ھېلىقى ياش ئەر خوتۇنلار بىنا قىلغان كاتتا باغنىڭ بىر پارچىسى ئىكەن

سۆزلەپ بەرگۈچى: قارىقاش ناھىيە ماڭلاي يېزىسىدىن **ئابدۇرېشىت ياسار**

نەشرگە تەييارلىغۇچى: قارىقاش ناھىيە توخۇلا يېزا ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى **ئەخمەتجان ئابدۇللا**

تەھرىرلىگۈچى: **داۋۇت ئادىل**

# بىر كۆڭۈلدە بىر خىيال

(چۆچەك)

ناھايىتى ئۇزۇن زامانلار ئىلگىرى كاتتا بىر پادىشاھ ياشىغان ئىكەن، ھەر قانداق بىر كىشى ئالەمنىڭ ھەر قانداق بىر يېرىگە بېرىپ:

ــ بۇ كىمنىڭ خامىنى دەپ سورىسا،

ــ پادىشاھنىڭ خامىنى، ــ دېگەن جاۋابنى ئاڭلايدىكەن.

ــ بۇ كىمنىڭ بايلىقى؟ ـ دېگەن سوئالمۇ،

ــ پادىشاھنىڭ،ــ دېگەن جاۋابقا ئېرىشىدىكەن، پادىشاھ ئۆزىنىڭ ئالتۇن كۈمۈشلىرىنىڭ، يايلاق، باغ ـ ئېتىزلىرىنىڭ، ئاشلىق ئامبارلىرىنىڭ ھېسابىنى بىلمەيدىكەن. بىراق، بىرمۇ پەرزەنتىنىڭ يوقلۇقىدىن ئۆزىنى بەختسىز ھېسابلاپ، كۆڭلى يېرىم، كەيپىياتى تۆۋەن يۈرىدىكەن نامازدىن پارىغ بولغاندا جايىنامازدىن قوپماي:

ــ «ئەي قۇدرىتى چەكسىز ئاللاھ ئىگەم، مەن تۇغۇلىشىمدىنلا ساڭا سادىق بولدۇم. شۇ سادىقلىقىمغا يارىشا ماڭا ئالىي ئەمەل، تۈگىمەس مال ـ دۇنيا بەردىڭ، يەنە بىر ئۈمىدىم بار، ماڭا بىر ـ ئىككى پەرزەنت يۈزى كۆرسەتسەڭ، مېنى ئۆمۈرلۈك خاتىرجەملىككە ئىگە قىلغايسەن.» دەپ دۇئا تىلاۋەت قىلىدىكەن. شۇ تەرىقىدە بىر نەچچە يىل ئاللاھقا يالۋۇرغاندىن كېيىن تىلىكى ئىجابەت بولۇپ خانىش ھامىلدار بولۇپتۇ. ۋاقتى ـ سائىتى كەلگەندە يەڭگىپتۇ. پادىشاھ بالىغا قاراپ خۇشال بولۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، چۆچۈپ سەسكىنىپ كېتىپتۇ. سەۋەبى: بوۋاقنىڭ بېشىلا بار، قاش، كىرپىك، ئېغىز، قۇلاق، پۇت ـ قوللىرىنىڭ بىرسىمۇ يوق ئىكەن. پادىشاھ ئاغرىنغان ھالدا:

ــ ئەي ئۇلۇغ ئاللاھ ئىگەم، مېنىڭ سەن ئەپۇ قىلمايدىغان قانداق گۇناھىم باردۇ؟ ماڭا نېمىشقا بۇنداق غەلىتە بوۋاقنى بەردىڭ؟ ئىنسان شەكلىدىكى نورمال بەدەنلىك بوۋاق بېرىشكە مېنىڭ سالاھىيىتىم يوقمۇ؟ــ دەپ سوراپتۇ. ئاللاھدىن:

ــ سېنىڭ يېنىڭدا ھازىر ئىككى ئادەم بار. ھەر بىرىڭلارنىڭ كۆڭلىدە يوشۇرۇپ كەلگەن مەخپىي سىرىڭلار بار. بۇ سىرىڭلارنى قاچان بىر ـ بىرىڭلارغا ئاشكارىلىساڭلار شۇ چاغدا مەن بۇ بالىنىڭ بەدەن ئەزالىرىنى تولۇقلاپ بېرىمەن، ـ دەپ ۋەھىي كەپتۇ.

پادىشاھ، خانىش، ۋەزىر ــ بۇ ئۈچ كىشى ۋەھىينى بىللە ئاڭلاپتۇ.

ــ سىز ئاۋۋال سۆزلەڭ، ــ دەپ بۇيرۇپتۇ پادىشاھ خانىشقا. خانىش قورقۇپ، تارتىنىپ دۇدۇقلاپ ئاخىر سۆزلەپتۇ:

ــ مەن ئەمدى تېخى قىرىق ياشقا كىردىم. تېنىم ساق، روھىي ھەۋەسلىرىم تولۇق، ئەمما ئۆزلىرى يەتمىش ياشقا كىرىپ قالدىلا، كېچە ـ كۈندۈز ئىبادەتتە ئولتۇرۇۋېلىپ، مەن بىلەن كارلىرى بولمىدى. شۇڭا، مەن ھەمىشە «پادىشاھ تېزراق ئۆلسە، مەن مۇشۇ ۋەزىرگە تېگىپ كۆڭۈل ھەۋىسىمنى قاندۇرسام» دەپ ئارزۇلاپ كەلدىم. مېنىڭ ئىككىلىرى بىلمەيدىغان مەخپىي سىرىم مۇشۇ، ــ دەپتۇ. دەل شۇ چاغدا بوۋاقنىڭ بېشىغا قاش ـ كۆز، ئېغىز ـ بۇرۇن، قۇلاق پەيدا بولۇپ، چىرايلىق تۈسكە كىرىپتۇ، ــ قېنى ۋەزىرىم، ــ دەپتۇ پادىشاھ ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراپ، ــ ئەمدى سىلە سۆزلىسىلە.

ۋەزىر قورقۇپ تىترەپ تۇرۇپ:

ــ مەن داۋاملىق «پادىشاھ تېزراق ئۆلسە، ئورنىغا مەن پادىشاھ بولسام» دەپ ئارمان قىلاتتىم. مېنىڭ ئىككىلىرىدىن يوشۇرۇپ كەلگەن مەخپىي سىرىم مۇشۇ، ــ دەپتۇ. شۇ چاغدا بالىنىڭ قول ـ پۇتلىرىدىن باشقا بارلىق بەدەن ئەزالىرى تولۇقلىنىپ، ئۇنىڭ ئوغۇل ئىكەنلىكى مەلۇم بولۇپتۇ.

ــ ئەمدى مەن سۆزلەي، ــ دەپتۇ پادىشاھ خىجىللىق ئىلكىدە، ــ مېنىڭ بايلىق، مال ـ دۇنيالىرىم شۇنچە كۆپ بولسىمۇ، ماڭا دەرد ـ ئەھۋال ئېيتماقچى بولغانلار ئاددىيسى بىر تال تۇخۇمغا چاغلىق بىر نەرسە ئالماي قۇرۇق قول يېنىمغا كىرسە، ئۇنداق ئادەم كۆزۈمگە سەت كۆرۈنەتتى. ئەرزى ھال بولغانلارنىڭ ھەممىسى مېنىڭ ئالدىمغا سوۋغا ـ سالاملار بىلەن كەلگەنلەردۇر. مېنىڭ ئىككىڭلار بىلمەيدىغان مەخپىي سىرىم مۇشۇ، ــ دەپتۇ، بۇ چاغدا بالىنىڭ بەدىنىگە قول ـ پۇتلار تولۇقلىنىپ، كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان بىر بوۋاق ۋىلىق ـ ۋىلىق كۈلگىلى تۇرۇپتۇ. پادىشاھ بىر ـ بىرىگە يامان نىيەتتە بولماسلىقنىڭ خاسىيىتىنى شۇ چاغدا چۈشىنىپتۇ. «بىر كۆڭۈلدە بىر خىيال» دېگەن ھېكمەت شۇنىڭدىن قالغانىكەن.

سۆزلەپ بەرگۈچى: قارىقاش ناھىيىلىك ئاپتوبۇس بېكىتىدىن جاپپار قارى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: قارىقاش ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىدىن جالالىدىن

تەھرىرى: مەتسىلىم مەتقاسىم

# يالغانچى

(چۆچەك)

بۇرۇنقى زامانـدا يىـراق بىـر ئىقلىمـدا كاتتـا بىـر بـاي ئۆتكەن ئىكەن. ئۇنىڭ باغ ـ ئېتىزلىرى مەغرىبتىن ـ مەشرىققىچە بولۇپ، بىپايان سوزۇلغان باغ ـ ئېتىزلىرىدا ئىشلەيدىغان بىـر نەچچە يۈز قـۇلى بـار ئىكەن. بۇ قۇللارنىڭ ئارىسىدىن بىرسى ھەمىشە يالغانچىلىق قىلىـپ باينى تولىمۇ بىزار قىلىۋېتىپتۇ. بـاي بـۇ قـۇلنى سـېتىۋېتىش ئۈچۈن بويىندىن باغلاپ قۇل بازىرىغا ئېلىپ بېرىپتۇ، بـازاردا سـېتىلىدىغان قۇللارمۇ، قـۇل ئالـدىغان بـايلارمۇ كـۆپ ئىـكەن. بىـر بـاي قۇلنىـڭ ئىگىسىدىن:

ـ بۇ قۇلنى نەچچە پۇلغا ساتىدىلا؟ـ دەپ سوراپتۇ.

ــ ئـاۋۋال بۇنىـڭ ئەيىبىنـى دەپ قويـاي، بـۇ ئـادەم يالغـان سۆزلەشكە بەك ئۇستا، ـ دەپتۇ قۇلنىڭ ئىگىسى، ــ شۇنىڭ ئۈچۈن ئېغىزلىرىدىن چىققانغا ئىشىنىۋەتمەڭ.

خېرىدار باي قۇلنى ئەرزان باھادا سېتىۋاپتۇ. ئـۇ خۇشـال ھالـدا قـۇلنى ئۆيىگە باشلاپ كېلىپ ئىش تەقسىم قىلىـپ بېرىپتۇ. قـۇل ئىشنى ئوبدان قىلىپ ئىگىسىنى رازى قىلىپتۇ.

كۈز پەسلىنىڭ ھەممە مېۋىلەر تـازا پىشقان كۈنلەرنىـڭ بىرىـدە باي ئۇرۇق ـ تۇغقـان، قولـۇم ـ قوشـنىلىرىنى ۋە يـۇرت كـاتتىلىرىنى دەريا بويىدىكى كاتتا بېغىغا زىيـاپەتكە تەكلىـپ قىلىپتۇ. مېھمانلار ئېسىل كىيىملىـرى بىلەن ياسىنىـشىپ، بەزىلىـرى ئـات ئۇلاغلىرىغـا مىنىپ، بەزىلىرى مەپىگە ئولتۇرۇپ يولغا چىقىپتۇ. يول يېرىم بولغاندا باي قۇلنى ئالدىغا چاقىرىپ، ئۇنتۇپ قالغان مۇھىم نەرسىنى ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇپتـۇ. قـۇل يولـدا كېلىۋېتىـپ يالغـانچىلىق قىلغۇسـى كېلىپ چىدىيالماي قاپتۇ. ئۇ تەلپىكىنى كىيىملىرىنى يىرتىپ جۇل ـ جۇل قىلىۋېتىپتـۇ. ئانـدىن ئۆزىنىـڭ يـۈزىنى تـاتىلاپ قانغـا بويـاپتۇ. ئۆيىدە ئارام ئېلىپ ياتقان باي خېنىم ئۇنىڭ مىشىلداپ يىغلىغىنىغا، يىرتۇق كىيىم كېچەكلىرىگە قاراپ:

ــ ئەھۋالـىڭ بەك خـارابقۇ. نـېمە ئـىش بولـدى ساڭا؟ــ دەپ سوراپتۇ.

ــ مېنىـڭ ئەھـۋالىم خـاراب بولمـاي كىمنىـڭ ئەھۋالى خـاراب بولـسۇن؟ـ دەپتـۇ قـۇل تېخىمـۇ ئـۇھ تارتىـپ يىغلاپ،ــ مېھرىبـان شەپقەتچىم باي ئاتام چايان چېقىپ ئۆلۈپ كەتتى. دەپنە ئىـشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇشلىرى ئۈچۈن ئالدىن يۈگۈرۈپ كەلدىم.

باي خېـنىم بـۇ شـۇم خەۋەرگە بەرداشـلىق بېـرەلمەي ئەقلىـدىن ئېزىپتۇ. ئۇ:

سـاداقەتمەن ھەمـراھىم ئـۇ ئـالەمگە ماڭغـان بولـسا، بـۇ مـال ــ دۇنيالارنىڭ ماڭا نېمە لازىمى؟ تىرىكلىكىمنىڭ نېمە ھۇزۇرى ؟ــ دەپ يىغلاپ، پـال ـ پـۇل ساندۇقلارنى كەكە بىلەن چېقىپتۇ. ئىچىـدىكى ئـالتۇن كۈمۈشـلەرنى يولغـا چېچىپتـۇ. گىـلەم ـ زىلچـا، يوتقـان كۆرپىلەرنى چاناپ پارچە ـ پارچە قىلىۋېتىپتۇ. ئايۋان ـ سارايلارغا ئـوت قويۇۋېتىپتۇ. ئاندىن مەنمۇ ئېرىم بىلەن ئۇ ئالەمگە بىللە كېتەي دەپ بوينىغا ئارغامچا سىلىپ ئېسىلىپ ئۆلىۋېلىشقا تەييارلانغانـدا باشـقىلار ئۇنى قۇتقۇلدۇرۇۋاپتۇ. باي خېنىم ساراڭدەك بىـر كۈلـۈپ بىـر يىغلاپ ئېرىنىڭ يېنىغا مېڭىپتۇ.

قۇل باينىڭ ئۆلگەنلىكىنى باي خېنىمغا دەپ بولۇپلا يۈگـۈرۈپ ـ يۈگۈرۈپ باينىڭ كەينىدىن يېتىپ بارغان ئىكەن. باي:

مەن سېنى ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇغان نەرسەم قېنـى؟ ـ دەپ سوراپتۇ. قۇل پەرىشان ھالدا يىغلاپ تۇرۇپ:

ــ ۋاپـادار خېنىملىـرى قـارا ھەرە چېقىـپ ئۆلـۈپ قـاپتۇ، بـۇ خەۋەرنى ئۆزلىرىگە يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئالـدىراپ قايتىـپ كەلـدىم ،ــ دەپتۇ. بـۇ گەپنـى ئاڭلىغـان بـاي ھەم ئۇنىـڭ مېھمانلىرى پاتىپاراق بولۇپ، يولنى يىراق كۆرۈپ زىرائەتلىكلەر بىلەن ئـۇدۇللاپ مېڭىپتۇ. ئات ـ ئۇلاغ مەپىلەرنىـڭ ئـايىغى ئاستىدا نەچچە يۈز مـو بۇغداي، قوناق، كېۋەزلەر چەيلىنىپ نابۇت بولۇپتۇ. باي بىلەن خوتۇنى يولدا ئۇچرىـشىپتۇ. ئىككىـسى بىـر بىرىنىـڭ تىرىـك ئىكەنلىكىنـى كـۆرۈپ جۇدۇنلـۇق چىرايىغـا ئايـتـاپ چىقىپتـۇ. سۈرۈشتۈرۈشـلەردىن كېيىن قۇلنىڭ يالغانچىلىق ئەپتى ـ بەشىرىسى چىتقا يېيىلىپتۇ.

باي غەزەپلىنىپ، قۇلنى ئۆلتۈرمەكچى بولۇپتۇ. لېكىن تەڭرىنىڭ جازاسىدىن قورقۇپ نىيىتىدىن يېنىپتۇ.

باي بۇ قۇلنى ساتقان بايغا قايتۇرۇپ بېرىـپ پۇلىنى يانـدۇرۇپ ئالماقچى بولۇپتۇيۇ،ئۇنىڭ ئەيىبىنى بىلىپ تـۇرۇپ ئالغـانلىقى يادىغا كېلىپ جىم بولـۇپ قـاپتۇ. ئـاخىرى قـۇلنى سېتىۋەتمەكچى بولۇپتـۇ. لېكىن « بۇ قۇلنى ئالغان ئادەم بۇنىڭ يالغانچىلىقىنى بىلىپ قېلىپ يەنە ماڭـــا قـــايتۇرۇپ بەرســـە قانـــداق قـــىلارمەن؟ دەپ ئەنسىرىگەنلىكىدىن قۇلدىن سوراپتۇ:

ــ يالغانچىلىقنى تاشلىيالامسەن:

ــ ئىشەنچىم يوق ـ دەپتۇ قۇل. باي غەزەپلىنىپ:

ــ ئۆيۈمدىن كەت. كـۆزۈمگە يەنە كۆرۈنگـۈچى بولما، ــ دەپ ھەيدىۋېتىپتۇ. ئۇنىڭ يالغانچىلىقى تۆت تەرەپـكە پـۇر كەتكەنلىكتىن ھېچكىم ئۇنىڭغا «ماۋۇ ئىشنى قىلىـپ ماۋۇ ئاشنى يەڭ» دىمەپتۇ. شـۇنىڭ بىـلەن ئۇنىـڭ تىلەمچىلىـك كـۈنلىرى باشـلىنىپتۇ. لـېكىن يالغـانچىلىق خۇمارى تېخىمـۇ كۈچىيىـپ كېتىپتـۇ. ئـۇ مەسـچىتلەرگە بىرىپ:ـ پالانى يەردە پالنى كىشى باياتىن قازا قىلدى،ـ دېگەنـدەك يالغانچىلىقلار بىلەن كىشىلەرنى ئاۋارە قىلىشنى ئـۆمرى ئاخىرلاشقىچە توختاتماپتۇ.

«تۇغۇلغاندا كىرگەن خۇي ئۆلگەندە چىقىدۇ» دېگەن ھېكمەت شۇنىڭدىن قالغان ئىكەن.

سۆزلەپ بەرگۈچى: قارىقاش ناھىيە قارىقاش بازىرىدىن **ئىمىننىياز ئاخۇن**

نەشرگە تەييارلىغۇچى: قارىقاش ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىدىن **جالالىدىن**

تەھرىرى: **مەتسېلىم مەتقاسىم**



# موللا ئۇز

## (چۆچەك)

بىر نەچچە يۈز يىل ئىلگىرى مۇشۇ يۇرتىمىزدا موللا ئۇز لەقەملىك بىر تالىپ بولغانىكەن. بۇ تالىپقا ئاتا-ئانىسىدىن كېلىدىغان ئاش-ئوزۇق، خىراجەت ئۈزۈلۈپ قېلىپ بويىنى قىسىلىپ قاپتۇ. باشقا تالىپلار قولىدىن كېلىشىچە خەيرخاھلىق قىلىپتۇ. بىراق، ئۇلارنىڭ ئەھۋالىمۇ تايىنلىق بولغاچقا، ئۇنىڭ ئېھتىياجىغا يېتىشمەپتۇ. موللا بېشى قاتقان ھالدا بازارغا بېرىپتۇ. بازار ناھايىتى ئاۋات بولۇپ، ئاشپەزلەر ئاش-غىزا، قاسساپلار گۆش سېتىۋېتىپتۇ، تۆمۈرچىلەر كەتمەن، كەكە ياساۋېتىپتۇ. ھەتتا لەمپۈگچىلەرنىڭمۇ خېرىدارلىرى جىق ئىكەن. موللا ئۇز «مەنمۇ بىرەر ھۈنەر ئۆگەنگەن بولسام بۇنداق ئىلاجسىز قالماستىم. ئۆگەنگەن ئىلمىمنى پۇلغا ساتقىلى بولمىسا، قانداق قىلغۇلۇق زادى؟» دەپ مەيۈسلىنىپتۇ. ئۇ بىر دەم ئويلانغاندىن كېيىن، جىق ئادەم توپلاشقان بىر دوقمۇشقا بېرىپ چۈشكە تەبىر بېرىشكە باشلاپتۇ.

— خالايىقلار، خالىغانلار ئاڭلاڭلار، خالىمىغانلار كېتىڭلار، — دەپتۇ ئۇ. ھەر خىل چۈشلەرگە توغرا، قىزىقارلىق تەبىر بېرىپتۇ. ئۇنىڭ گەپ-سۆزلىرى كىشىلەرنى كۈلدۈرۈپ ھەم قايىل قىلغانلىقتىن، ئاڭلايدىغانلار بارغانسېرى ئاۋۇپتۇ. موللا ئۇز چۈشلەرگە تەبىر بېرىپ بولغاندىن كېيىن، ئىبادەتنىڭ دائىرىسىگە قايسى-قايسى ئىشلار كىرىدىغىنىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئاڭلىغانلار ئۇنىڭ ئىلمىنىڭ چوڭقۇر ھەم مۇكەممەللىكىگە قايىل بولۇپ، پۇلى بارلىرى پۇل، پۇلى يوقلىرى يېنىدا نېمە بولسا شۇنى (نان، ياڭاق، ئۈزۈم، پىچاق قاتارلىق) نەرسىلەرنى بېرىپتۇ. موللا ئۇز توپلانغان پۇل ۋە ماللارنىڭ بىر قىسمىنى شۇ يەردىلا يېتىم-مۇساپىر، مەجرۇھلارغا تارقىتىپ بېرىپ، بىر قىسمىنى ئۆزى ئېلىپتۇ. يول بويىدىكى دوكانلاردىن ئۇن، تۇز، ياغ، گۈرۈچلەرنى ئېلىپ ھۇجرىسىغا ئەمدىلا بېرىپ ئولتۇرۇشىغا يىگىرمە ياشلاردىكى ئىككى يىگىتمۇ كىرىپ ئولتۇرۇپتۇ. بۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن شۇملۇق يېغىپ تۇرغىنىنى سەزگەن موللا ئۇز ئەنسىرىگەنلىكىنى چاندۇرمايلا:

— ماڭا گېپىڭلار بارمىدى؟ — دەپ سوراپتۇ. ئىككى يىگىت موللا ئۇزنىڭ پۇل ۋە ماللىرىنى بۇلاش غەرىزىنى يوشۇرۇپ:

— باياتىن بازاردا سۆزلىگەن ئىلىم-ھېكمەتلىرىنى قايتىدىن ئاڭلايلى دەپ كىرىپ قالدۇق، — دەپتۇ. موللا ئۇز ئۇلارنىڭ گېپىگە ئىشەنمىگەن بولسىمۇ، «ئۆيۈمدىن چىقىپ كېتىڭلار» دېيىشكە تىلى بارماپتۇ. بۇ ئىككىسىنىڭ شۇملۇقىدىن قانداق ساقلىنىپ قېلىش مۇمكىنلىكىنى ئويلىغاندىن كېيىن، بىر ئىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ:

— مېنىڭ قورسىقىم ئاچ. سىلەرنىڭمۇ قورسىقىڭلار ئاچقاندۇ. بىللە پولۇ ئېتىپ يەيلى. ئۇندىن كېيىن سىلەرنىڭ تەلىپىڭلارنى ئورۇنداپ بېرەي، — دەپتۇ.

پولۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ بۇ ئىككىسى خۇشال بولغان هالدا:

— ئەمسە زەدەكنى بىز توغرىشىپ بېرەيلى، — دەپتۇ.

— ياق، — دەپتۇ موللا ئۇز، — مېهماننى ئىشقا سالغان نەدە بار؟

موللا ئۇز ئۆزىنى قوغداش غەرىزىدە يوغان پىچىقىنى قولىغا ئېلىپ سەۋزە توغراشقا باشلاپتۇ. ئىككى يىگىت:

— گۇرۇچنى بولىسمۇ خىللىشىپ بېرەيلى، — دەپتۇ. موللا ئۇز بىر كاساڭ گۇرۇچنى ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئەكىلىپ بېرىپ، ئۆزى زەدەك توغراشقا باشلاپتۇ. ئۇ ئىككى يىگىتنىڭ شۇملۇق قىلىشىنى ئىمكان بار كېچىكتۈرۈش ئۈچۈن:

— سىلەرنى زېرىكتۈرۈپ قويماسلىق ئۈچۈن هېكايە سۆزلەپ بېرەي، ـ دەپ هېكايىسىنى بايان قىپتۇ.

— بۇرۇنقى زاماندا جاڭگالنىڭ بويىدىكى بىر مەهەللىدە بىر جۇپ ئەر ـ خوتۇن ياشىغانىكەن. ئۇلار جاڭگالدىن ئوتۇن،شاخلارنى توشۇپ سېتىپ جان باقىدىكەن. بىر كۈنى خوتۇنى ئېرىگە:

— سىلە ئوتۇن توشۇپ هېرىپ كەتتىلە. بىرەر هەپتە هاردۇقلىرىنى ئالسىلا. مەن خەقنىڭ كىر ـ قاتلىرىنى يۇيۇپ، ئاش ـ تامىقىنى پىشۇرۇپ بېرىپ سىلىنى بېقىپ تۇراي، ـ دەپتۇ. بۇ گەپ ئېرىگە خوپ يېقىپتۇ. ئەتىسى بۇ خوتۇن باشقا مەهەللىگە بېرىپ ئۆيمۇ ـ ئۆي كىرىپ:

— مەن قىلىدىغان ئىش بارمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. ئۇرغۇن كىشىلەر:

— بىزنىڭ ئۆيىمىزدىكى ئىشلارنى ئۆزىمىز قىلالايمىز. سىلىگە ئاشقىدەك ئىش يوق، — دېيىشىپتۇ. ئۇ خوتۇن مېڭىپ ـ مېڭىپ بىر كۆك سىرلانغان چوڭ دەرۋازا ئالدىغا بېرىپتۇ، ئۇ دەرۋازىنى ئېچىپ بىر قاراپلا كاتتا باينىڭ هەشەمەتلىك ئۆيى ئىكەنلىكىگە كۆزى يېتىپتۇ. ئۇ ئاۋازىنى ئۈنلۈك چىقىرىپ:

— بۇ ئۆيدە مەن قىلىشىپ بېرىدىغان ئىش بارمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. قىرىق ياشلارغا كىرىپ قالغان بۇرۇتلۇق بىر كىشى ئۆيدىن چىقىپ:

— ئوبدان چاغدا كەپلا، يۇيىدىغان كىيىم ـ كېچەكلەر يىغىلىپ قالغان، — دەپتۇ. بۇ كىشىنىڭ خوتۇنى ئىش ئىزدەپ كەلگەن خوتۇنغا كىر ـ قاتلارنى تاشلاپ بېرىپتۇ. بۇ خوتۇن كىر ـ قاتلارنى پاكىز يۇيۇپ چىرايلىق دەزماللاپ قاتلاپ بېرىپتۇ. ئۆي ئىگىلىرى ئۇنىڭ قىلغان ئىشلىرىنى ئەرزىتىپ قىلىپ:

— ئەتىمۇ كەلسىلە، ـ دەپتۇ. ئۇنىڭغا بىر دەستە نان، بىر مۇنچە پىششىق گۆش، بىر خالتا ئۇن بېرىپ ئۇزىتىپ قويۇپتۇ.ئۇ ئۆيىگە كېلىپلا ئېرىگە:

— قوللىرىنى يۇيۇپ غىزالانغىلى تەييار بولسىلا، — دەپتۇ.

— نېمە يەيمىز؟ ـ دەپ سوراپتۇ ئېرى. خوتۇنى:

— خۇدايىم بەندىسىگە ئامراق نەرسىسىنى بېرىدىكەن. گۆشكە بەك ئامراقتىلە، — دەپتۇ ـ دە، داستىخان سېلىپ نان بىلەن گۆشنى قويۇپتۇ. ئەر ـ خوتۇن قورسىقىنى تويغۇزۇشۇپتۇ. بۇ خوتۇن ئەتىسى يەنە ئاشۇ ئۆيگە بېرىپتۇ. ئۆي ئىگىسىنىڭ تەلپى بويىچە خېمىر يۇغۇرۇپ، تونۇرنى ئاقارتىپ، ناننى يېقىپ، تەكچىگە چىرايلىق تىزىپ بېرىپتۇ. ئۆي ئىگىلىرى ناننى تېتىپ بېقىپ:

— بەكمۇ مېزىلىك بوپتۇ، — دەپ ماختىشىپتۇ. ئارقىدىن بىر قازان پولۇ ئېتىشنى بۇيرۇپتۇ. بۇ خوتۇن بىر دەمدىلا پولۇنى پىشۇرۇپتۇ.

— ئەجەب ئوخشاپتۇ بۇ ئاشلىرى، — دەپ ماختاپتۇ ئۆي ئىگىلىرى پولۇنى تېتىپ بېقىپ. كەچتە ئۆي ئىگىلىرى بىر دانە كۈمۈش تەڭگە، بىر پۇت قوي گۆشى، بىر خالتا گۈرۈچ بېرىپ بۇ خوتۇننى ئۇزىتىپ قويۇپتۇ.

— نېمە يېگىلىرى بار؟ — دەپ سوراپتۇ ئوتۇنچىنىڭ خوتۇنى ئۆيىگە كىرىپلا ئېرىدىن، ئېرىنىڭ مەسلىهتى بىلەن پولۇ، مانتا پىشۇرۇپ يېيىشىپتۇ. كۈنلەر ئاينى قوغلاپ، ئايلار يىلنى قوغلاپ ئۈچ يىل ئۆتۈپ كېتىپتۇ. ئوتۇنچى بىلەن خوتۇنى بازاردا ئوتۇن سېتىپ قايتاشىدا ئوتۇنچىنىڭ خوتۇنى مەدىكار بازىرىدا هېلىقى باينىڭ ئارغامچا تۇتۇپ تۇرغىنىنى كۆرۈپ قاپتۇ. ئۇ ئېرىگە:

— ئاۋۇ ئارغامچا تۇتۇپ تۇرغان مەدىكار ئۆز ۋاقتىدا بىزگە كۆپ سېخىلىق قىلىپ كۈمۈش تەڭگە، گۆش، گۈرۈچ، ئۇن، نانلارنى بەرگەن باينىڭ ئۆزى شۇ. ئۇنى ئۆيىمىزگە باشلاپ بارىلى، — دەپتۇ. ئېرى ماقۇل بوپتۇ. ئۆيىگە كەلگەندە ئوتۇنچىنىڭ خوتۇنى «باي»غا:

— ئۆز ۋاقتىدا كاتتا باي ئىدىلە. خۇدانىڭ ئىرادىسى بىلەن بۇكۈنگە قاپلا. بۇنىڭغىمۇ شۈكرى قىلغۇلۇق، بۇنىڭدىن كېيىن مېنىڭ ئېرىم بىلەن

ئوتتۇنچىلىق قىلسىلا. ئىككى پۇل تاپساق بىرى سىلىنىڭ بولسۇن، ـــ دەپتۇ. بۇ گەپ ئىرىگىنمۇ، «باي»غىمۇ خوپ يېقىپتۇ. ئۇلار ئېشەكتىن يەنە بىرنى سېتىۋاپتۇ. ئىككىسى بىللە ئوتتۇنچىلىق قىلىپتۇ. بىر كۈنى ئوتتۇنلىرىنى سېتىپ بولۇپ «باي»:

ـــ سىلە كېتىۋەرسىلە، ئازراق سودام بار، قىلىۋېلىپ ئارقىلىرىدىن باراي، ـــ دەپتۇ. ئوتتۇنچى ئېشىكىگە مىنىپ كېتىۋېتىپ، يول بويىدىكى بىلەكتەك تومۇقتا رۇس ئۆسكەن بىر تۈپ يۇلغۇنغا كۆزى چۈشۈپتۇ. «كەتمەن بىلەن كەكىگە دەستە بولغۇدەك» دەپ، پالتا بىلەن بىرنى چاپقان ئىكەن كېسىلگەن يېرىدىن ئىككى ـ ئۈچ تامچە قان چىقىپتۇ. «بۇ يۇلغۇننىڭ بىرەر خاسىيىتى بارمۇ نېمە؟» دەپ ئويلىغان ئوتتۇنچى يۇلغۇننىڭ تۈۋىنى كولاشقا باشلاپتۇ. يۇلغۇننىڭ تۈۋىدىن بىر كوزا ئالتۇن چىقىپتۇ. ئوتتۇنچى: «ھەمراھىم كەلسۇن، ئىككىمىز تەڭ بۆلىشەيلى» دەپ ساقلاپ تۇرۇپتۇ. ساقلاپتۇ، ساقلاپتۇ، خېلى بىر ۋاقىتلاردىن كېيىن «باي» يېتىپ كەپتۇ. ئوتتۇنچى ئۇنىڭغا ساقلاپ تۇرغىنىنىڭ سەۋەبىنى سۆزلەپتۇ. «باي»:

ـــ بۇ ئىشنى ماڭا بىلدۈرمەي، ئالتۇننى ئېلىپ كەتكەن بولسىلا ياخشى بوپتىكەن. ئەمدى مەن بىلىپ قالدىم. سىلىنى ئۆلتۈرىۋېتىپ ھەممە ئالتۇننىڭ ئۆزۈمنىڭ قىلىۋالمىسام مۇرادىمغا يەتمەيمەن، ـــ دەپتۇ.

«باي»نىڭ گېپىنى چاقچاق دەپ ئويلىغان ئوتتۇنچى:

ـ نېمە قىلسىلا ئىختىيارلىرى، ـ دەپتۇ. «باي»:

ـــ مەن چاقچاق قىلمىدىم. راست گەپ قىلدىم. سىلىنى چوقۇم ئۆلتۈرىۋېتىپ، ئالتۇنغا ئۆزۈم ئىگە بولىمەن، ـ دەپتۇ ـ دە، خەنجىرىنى غىلاپتىن چىقىرىپ تاشقا سۈركىگىلى تۇرۇپتۇ، ئۇنىڭ ئەلپازىغا قاراپ، نىيىتىنىڭ ھەقىقەتەن يامانلىقىغا ئىشىنىپتۇ. ئۇنىڭغا قارشىلىق قىلىپ يېڭىپ چىقالماسلىقىغا كۆزى يېتىپتۇ. شۇڭلاشقا ئۇ يالۋۇرۇپ:

ـــ مەن ئۆز رازىلىقىم بىلەن ئالتۇننى سىلىگە ئۆتۈنەي، مېنى ئۆلتۈرمىسىلە، ـ دەپتۇ.

ـ ياق، ـ دەپتۇ «باي» ـ سىلە تىرىك قالسىلا كۆڭلىرىنىڭ بىرىدە بۇ ئىشنى ھامان ئاشكارىلاپ قويىدىلا. مەن سىلىنى ئۆلتۈرمىگىچە خاتىرجەم بولالمايمەن.

ـ ئەمىسە بىر شەرتىم بار.

ـ قانداق شەرت؟ ـ دەپ سوراپتۇ «باي»

ـ خوتۇنۇمنىڭ تۇغۇتى يېقىنلىشىپ قالغانتى. بالا ئوغۇل بولسا «داد» دەپ ئىسىم قويۇپ قويغايلا. ناۋادا بالا قىز بولۇپ قالسا نېمە دەپ ئىسىم قويسىلا مەيلى، ـ دەپتۇ ئوتتۇنچى. «باي» ئوتتۇنچىنىڭ گېپى ئاخىرلىششى بىلەن خەنجەرنى ئۇنىڭ بويۇن تومۇرىغا تىققان ئىكەن، قان ئېتىلىپ چىقىپتۇ. بىر دەمدىن كېيىن ئوتتۇنچى قانسىراپ يىقىلىپتۇ. «باي» ئۇنى جېنى تېزراق چىقسۇن دەپ يۈرىكىگە خەنجەرنى سانجىپ قويۇپتۇ. ئاندىن ئۇنى بايىقى يۇلغۇن تۈۋىگە كۆمۈپتۇ. شاخ بىلەن سۈپۈرۈپ قان تامچىلىرىنى ھەم ئۆزىنىڭ قەدەم ئىزلىرىنى يوقۇتۇپتۇ. ئاندىن ئالتۇننى بىر دالدىغا كۆمۈپ قويۇپ خاتىرجەم ھالدا ئېشىكىگە مىنىپ ئۆزىنىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ.

ئەمدى گەپنى ئوتتۇنچىنىڭ خوتۇنىدىن ئاڭلايلى.

ئوتتۇنچىنىڭ خوتۇنى بىر قازان ئاش ئېتىپ «كەلسە بىللە يەيلى»دەپ ئېرىگە ساقلاپتۇ. كەچ كىرىپتۇ، ئېرى كەلمەپتۇ. ناماز شام ۋاقتى بولۇپتۇ. ئېرى يەنە كەلمەپتۇ. خوتۇنى ئېرىگە ساقلاپ كۆزىنى يۇماي كېچىنى يورۇتۇپتۇ. ئېرى كەلمەپتۇ. بىر ھەپتىگىچە ئېرى پەيدا بولمىغاندىن كېيىن، بۇ خوتۇن ئېرىنىڭ بىرەر خەۋپ ـ خەتەرگە ئۇچرىغىنىغا كۆزى يېتىپ، تەقدىرگە تەن بېرىپ ئولتۇرىۋېرىپتۇ...

موللا ئۇز ھېكايىسىنى سۆزلەۋېتىپ كۆزىنى ئۇ ئىككىسىدىن يۆتكىمەپتۇ. نازارەتىنىڭ قاتتىقلىقىدىنمۇ ياكى ھېكايە ئاڭلاشقا قىزىقىپ كەتتىمۇ، ئىككى يىگىت گۇرۇچ خىللاشتىن باشقا ھەرىكەتتە بولماپتۇ. موللا ئۇز زەدەك تۇغراپ ئولتۇرۇپ ھېكايىسىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ:

ـ ئارىدىن بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن «باي»نىڭ خوتۇنى بازاردىن تۇز، گۈگۈت، كۆكتات، گۆش ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن يولغا چىقىپتۇ. يول بويىدىكى بىر ئۆيدىن ئەمدىلا تۇغۇلغان بىر بوۋاقنىڭ يىغىسى ئاڭلىنىپتۇ. بۇ تۇغماس خوتۇن بوۋاقنىڭ ئاۋازىغا ھەۋەس قىلىپ بۇ ئۆيگە كىرىپتۇ. قارىسا بۇرۇن ئۆيىگە بېرىپ كىر ـ قات يۇيۇپ، نان ياققان ئايالنى كۆرۈپتۇ. ئۇ بوۋاقنىڭ كۆرپە ـ چۈشەكلىرىنى تەييارلىشىپ بەرگەندىن كېيىن ئۆيىگە قايتىپ بېرىپ، بۇ ئىشنى ئېرىگە مەلۇم قىلىپتۇ. بىر ھەپتىدىن كېيىن خوتۇنى ئېرىنى دەۋەت قىلىپ گۆش، تۇخۇم، ياڭاقلارنى ئېلىپ ئوتتۇنچىنىڭ

خوتۇننى يوقلاشقا بېرىپتۇ. «باي» ئوتتۇنچىنىڭ تەلپىنى يادىغا ئېلىپ بوۋاققا «داد» دەپ ئىسىم قويۇپتۇ....

موللا ئۈز  ھېكايىسىنى مۇنداق داۋاملاشتۇرۇپتۇ:

ئوتتۇنچىنىڭ خوتۇنى بالىسىنى ئاسراپ يېمەي يېگۈزۈپ، كىيمەي كىيگۈزۈپ بەش ياشقا كىرگۈزۈپتۇ. بالا تولىمۇ ئەركە، كەپسىز چوڭ بولۇپتۇ. بۇ بالا بىر كۈنى ئەتىگەندە ئۆيىدىن چىقىپ كېتىپ چۈشتە ئۆيىگە قايتىپ كەلمەپتۇ. ئانىسى ئەنسىرەپ ئۇنى ئىزدەپ مېڭىپتۇ. ئۇ كوچىمۇ كوچا ئىزدەپ كېتىۋېتىپ بىر جايغا نۇرغۇن ئات باغلاپ قويۇلغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئاتلارنىڭ ئارىسىدا جىق باللار قوغلىشىپ ئويناۋاتقان ئىكەن. دادنىڭ ئانىسى «مېنىڭ بالامۇ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بارمىدۇ؟» دېگەننى ئويلاپ بۇ يەرگە كەپتۇ. قارىسا داد ئاتلارنىڭ ئارىسىدا يۈگۈرۈپ ئويناپ يۈرگۈدەك. بىر ئات دادنى چىشلىمەكچى بولۇپ ئاغزىنى يوغان ئېچىپ قوغلاپتۇ. داد قورقۇپ قېچىپتۇ. ئانىسى بالىسىنى...

موللا ئۈز ھېكايىسىنى سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، ئاۋازىنى مەقسەتلىك ھالدا ئايالنىڭ ئاۋازىغا ئوخشىتىپ:

ــ ۋاي داد، ۋاي داد، ۋاي داد! ــ دەپ ئۈنلۈك ۋارقىراپتۇ، موللا ئۈزنىڭ بۇنداق ۋارقىرىشىدىن مۇنداق ئىككى تۈرلۈك ياخشى نەتىجە كېلىپ چىقىپتۇ:

بىرىنچى، «ۋاي داد» دېگەن ئاۋازنى ئاڭلىغان قولۇم ـ قوشنىلار موللا ئۈزنىڭ ئۆيىگە يۈگۈرۈپ كىرىپ:

ــ نېمە ئىش بولدى؟ ـ دەپ سوراپتۇ. موللا ئۈز:

ــ بۇ ئىككىسىنىڭ پەيلى بۇزۇق تۇرىدۇ، ـ دەپتۇ. قولۇم قوشنىلار ئۇ ئىككىسىنى تۇتۇپ باغلاپ، يېنىنى ئاقتۇرغان ئىكەن بىرسىدىن ئۈچ تىغلىق پىچاق، يەنە بىرسىدىن ئۈچ ئىلمەكلىك دېرەپشە چىقىپتۇ. جامائەت بۇ ئوغرىلارنى ئوردىنىڭ جازالىشىغا تاپشۇرۇپتۇ.

ئىككىنچى، موللا «ۋاي داد» دەپ ۋارقىرىغاندا پادىشاھ بىر نەچچە ۋەزىرى بىلەن مۇشۇ مەھەللىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئىكەن. پادىشاھ بىر ۋەزىرى ئارقىلىق «ۋاي داد» دېگەن كىشىنى چاقىرىپ كېلىپ:

ــ نېمە دەردىڭىز بار؟ ــ دەپ سوراپتۇ. موللا ئۈز ئەرز ـ دادى يوقلىقىنى، لېكىن نېمە سەۋەبتىن شۇنداق ۋارقىرىغىنىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. پادىشاھ «داد» دېگەن ئىسىمغا قىزىقىپ قېلىپ ئۇ بالىنىڭ ئانىسىنى چاقىرىپ:

ــ بۇ بالىڭىزنىڭ ئىسمىنى كىم قويغان؟ ـ دەپ سوراپتۇ. ئايال پادىشاھنىڭ سوئالىغا راستى بىلەن جاۋاب بېرىپتۇ. پادىشاھ «باي»نى چاقىرىپ:

ــ بۇ بالىغا «داد» دېگەن ئىسىمنى سىز قويغانمۇ؟ ــ دەپ سوراپتۇ.

ــ مەن قويغان ـ دەپتۇ «باي». پادىشاھ گەپنىڭ تېگىنى كوچىلاپ:

ــ بۇنداق غەلىتە ئىسىم قويىشىڭىزنىڭ سەۋەبى نېمە؟ ـ دەپ سوراپتۇ. يۈرىكى پوكۇلداپ كەتكەن «باي»:

ــ دادىسى شۇنداق تاپىلىغان ـ دەپتۇ. پادىشاھ:

ــ بۇ بالىنىڭ دادىسى قەيەردە؟ ــ دەپ سورىغان ئىكەن،

ــ مەن بۇ بالىنىڭ دادىسىنى تونۇمايمەن، ــ دەپ تۇرۇۋاپتۇ «باي». پادىشاھنىڭ گۇمانى كۈچىيىپ چاپارمەنلىرىگە «باي» نى قىيناشنى بۇيرۇپتۇ. «باي» قىيناققا چىدىيالماي ھەممىنى ئىقرار قىلىپتۇ.

ــ سەن ئۇنى پىچاق بىلەن ئۆلتۈرۈپسەن ـ دەپتۇ پادىشاھ ــ ئىقرار قىلغىنىڭ ئۈچۈن سېنى بوغۇزلاپ، قىينىماي، بىر قىلىچ بىلەن بېشىڭنى ئېلىشقا بۇيرۇيمەن دەپتۇ. بۇيرۇق دەرھال ئىجرا قىلىنىپتۇ. پادىشاھ «باي»نىڭ خوتۇنىدىن: بىر كوزا ئالتۇن قەيەردە؟ ــ دەپ سوراپتۇ. «باي» نىڭ خوتۇنى:

ــ ئالتۇننىڭ يېرىمىغا ئەللىك مو باغ سېتىۋالغان، يېرىمى بار، ــ دەپتۇ.

دادنىڭ ئانىسى ئۆزىگە بۇيرۇلغان ئالتۇننىڭ يېرىمىنى ئۆز ۋاقتىدا قىلغان سېخىيلىقى ئۈچۈن «باي» نىڭ خوتۇنىغا بېرىشنى پادىشاھتىن ئىلتىماس قىلىپتۇ. پادىشاھ بۇ گەپكە قوشۇلۇپتۇ. ئۇ ئەللىك مو باغنى دادنىڭ مۈلۈكى دەپ ھۆكۈم قىپتۇ.

«باغداد» دېگەن ئاتالغۇ شۇ چاغدا پەيدا بولغان ئىكەن.

سۆزلەپ بەرگۈچى: قارىقاش ناھىيىلىك بىرىنچى ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئىشچىسى **توختىمۇھەممەت**

نەشرگە تەييارلىغۇچى: قارىقاش ناھىيە توخۇلا يېزا ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى **ئەخمەتجان ئابدۇللا**

تەھرىرلىگۈچى: **داۋۇت ئادىل**



# كەنجى ئوغۇل

(چۆچەك)

بار ئىكەنۇ يوق ئىكەن، ئاچ ئىكەنۇ توق ئىكەن. بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسدا، ئاي توشقاننىڭ ئۇۋىسدا، قۇمچاق ئالدامچى، يىلان ئاغامچى، پاشا قاراقچى بولغان بىر زاماندا كەمبەغەل بىر بوۋاي ياشىغانىكەن. ئۇنىڭ ئەقىللىق، ئىشچان ئۈچ ئوغلى بولۇپ خۇشال-خۇرام، خاتىرجەم تىرىكچىلىك قىلىدىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە كوھىقاپتىن كەلگەن توققۇز باشلىق يالماۋۇز بۇ مەملىكەتنىڭ پادىشاھىنى ئۇجۇقتۇرىۋېتىپ ئۆزى پادىشاھ بولۇۋاپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇ جاللاتلىرىغا مەملىكەت تەۋەسىدىكى 18 ياشتىن كىچىك ئوغۇل بالىلارنى تۇتۇپ كېلىشكە بۇيرۇپتۇ. ئۇ ھەر ۋاقىلىقىغا ئۈچ بالىنى ئۆلتۈرۈپ يېمىسە قورسىقى تويمايدىكەن.

بوۋاينىڭ تۇتۇپ كېتىلگەن ئىككى ئوغلى پادىشاھنىڭ ئوردىسىدىن قايتىپ كەلمەپتۇ. يۈرەك پارىلىرىدىن ئايرىلغان نۇرغۇن كىشىلەر يىغلاپتۇ، قاقشاپتۇ، يۇرتنى قايغۇ-ۋەھىمە قاپلاپتۇ. بوۋاي ئىككى ئوغلى ئۈچۈن تولا يىغلاپ كۆزى تۇتۇلۇپ قاپتۇ. كەنجى ئوغۇل ئەمدىلا 14 ياشقا كىرگەنىكەن، بىر كۈنى تەلەتى قورقۇنچلۇق تۆت جاللات بوۋاينىڭ ئىشىكى ئالدىدا پەيدا بولۇپتۇ. بوۋاي ھەر قانچە يىغلاپ يالۋۇرۇپ-يېلىنغان بولسىمۇ جاللاتلار كەنجى ئوغۇلنى سۆرىگەنچە ئېلىپ مېڭىپتۇ. بوۋاي ھوشىدىن كېتىپ يىقىلغاندا بېشى تاشقا چۈشكەنلىكتىن، قىپقىزىل قان فونتاندەك ئېتىلىپ چىقىپتۇ. بوۋاينىڭ جەستى قان دەرياسىدا لەيلەپ ئېقىپ تۇرسۇن، ئەمدىكى گەپنى كەنجى ئوغۇلدىن ئاڭلايلى. جاللاتلار بۇ بالىنى باشقا تۇتقۇن بالىلارغا قوشۇپ پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا ئېلىپ مېڭىپتۇ. ئۇلار مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ. بالىلارنىڭ كۆزلىرىدىن ئاققان ياش قۇملۇقلارنى يامغۇردەك نەمدەپتۇ. بىر يەرلەرگە بارغاندا كەنجى ئوغۇل:

— تەرىتىم قىستاپ قالدى، — دەپتۇ جاللاتلارغا، بىر جاللات:

— ماقۇل، لېكىن ئۇزاق ئولتۇرۇۋېلىشقا بولمايدۇ، - دەپتۇ. كەنجى ئوغۇل تەرەت قىلىش ئۈچۈن دالدا بولغىدەك جاي ئىزدەپ كېتىپ بارسا يۇتىغا تاراققىدە بىر نەرسە تېگىپتۇ. كەنجى ئوغۇل بۇ نەرسىنى قولىغا ئېلىپ قارىسا ئادەمنىڭ باش سۆڭىكى ئىكەن. ئوغۇل قورقۇپ كېتىپ سۆڭەكنى

يەرگە تاشلىۋېتىپتۇ.

— قورقما بالام، — دەپتۇ سۆگەك زۇۋانغا كىرىپ، — مېنىڭ كىملىكىمنى كېيىن بىلىپ قالىسەن. يەنە ئىككى كۈندىن كېيىن يالماۋۇز شاھنىڭ ئوردىسىغا يېتىپ بارسىلە، — بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن پادىشاھ سېنى قوروۇپ يېپىش ئۈچۈن قازان بېشىغا ئېلىپ چىقىدۇ. قازانغا زاغۇن يېغى قويۇقلۇق بولۇپ، تېگىدە ئوت كۆيۈپ تۇرىدۇ. پادىشاھ سېنى قازانغا يېقىن بېرىپ، ياغ چۆچۈپتىمۇ، يوق، پۇراپ بېقىشقا بۇيرۇيدۇ، ئەگەر قازانغا ئېڭىشىدىغان بولساڭ پادىشاھ سېنى كۆلدەك چوڭ بۇ قازانغا ئىتتىرىۋېتىدۇ، سەن قايناپ تۇرغان ياغدا قورۇلۇپ پىشسەن ـ دە، ئۇنىڭ غىزاسىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ كېتىسەن. ياخشىسى سەن بىلمەس بولۇۋال. «بىز ئۆمۈر بويى ياغ ئىشلىتىپ باقمىغان، ياغنىڭ چۆچىگەن ـ چۆچىمىگەنلىكىنى بىلەلمەيمەن» دېگىن. بۇ چاغدا پادىشاھ ئۆزى بېرىپ قازانغا ئېڭىشىپ ياغنى پۇراپ باقماقچى بولىدۇ. سەن پەيتنى چىڭ تۇتۇپ، چەبدەسلىك بىلەن پادىشاھنى پۇتىدىن كۆتۈرۈپلا قازانغا ئىتتىرىۋەتسەڭ قازاندىن قويۇق قارا ئىس چىقىدۇ. سەن قارا ئىس كۆك ئىسقا ئايلانغۇچە ئوچاقنىڭ ئوتىنى ئۆچۈرمىسەڭ يالماۋۇز ئۆلىدۇ. ئاندىن «چىققىن كوزام، چىققىن» دېسەڭ ئوچاقنىڭ تېگىدىن بىر ئالتۇن كوزا چىقىدۇ. ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئالتۇن ئاچقۇچلار بىلەن ئوردىدىكى ھەممە ئۆيلەرگە كىرەلەيسەن. كوزىدىكى خاسىيەتلىك كۆك سۇنايمۇ ساڭا ئەسقاتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مۇراد ـ مەقسىتىڭگە يېتىسەن، — دەپتۇ. كەنجى ئوغۇل بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ تېز تاھارەت قىپتۇ ـ دە، قايتىپ كېلىپ سەپكە قېتىلىپ يولغا چىقىپتۇ. ئاڭلىغاندەكلا ئىككى كۈندىن كېيىن شاھ ئوردىسىغا يېتىپ بېرىپتۇ. پادىشاھنىڭ تەلىپى بىلەن جاللاتلار ئوغۇللارنى ئوروق ـ سېمىز دېمەيلا بىر ئۆيگە سولاپتۇ. بىر نەچچە كۈندىن كېيىن جاللاتلار كەنجى ئوغۇلنى يالماۋۇز پادىشاھنىڭ ئالدىغا سۆرەپ كىرىپتۇ. شاھ ئۇنى چوڭ قازاندا ياغ قايناۋاتقان ئۆيگە ئېلىپ چىقىپتۇ.

— ئاۋۇ ياغنى پۇراپ باق، ياغ چۆچۈپتىمۇ ـ يوق، — دەپتۇ پادىشاھ. كېيىنكى ئىشلار سۆگەكنىڭ دېگەنلىرى بويىچە داۋاملىشىپتۇ، يالماۋۇز ئۆلگەندىن كېيىن كەنجى ئوغۇل ئالتۇن كوزىدىكى ئالتۇن ئاچقۇچلارنى ئېلىپ يانچۇقىغا سېپتۇ. ئۇ «بۇنىڭ نېمە خاسىيىتى باردۇ؟» دەپ سۇنايىنى چالغانىكەن، جاللاتلار بىرىنىڭ ئارقىسىدىن بىرى قان قۇسۇپ ئۆلۈپتۇ. كەنجى ئوغۇل سۇنايىنى يەنە بىر قېتىم چالغانىكەن، يالماۋۇز يەپ كەتكەن باللار تەرەپ ـ تەرەپتىن يۈگۈرۈشۈپ كېلىپ سەپكە تىزىلىپتۇ، كەنجى ئوغۇل تۇتقۇن باللار سولانغان ئۆيلەرنىڭ قۇلۇپىنى ئېچىپ ئۆلارنىمۇ تىرىلگەن باللار قاتارىغا تىزىلدۇرۇپتۇ.

— مەنمۇ سىلەرگە ئوخشاشلا بىر تۇتقۇنمەن. مەن خىزىر دادىنىڭ ئەقىل كۆرسىتىشى بىلەن يالماۋۇزنى ئۆلتۈرۈپ، سىلەرنى ئازاد قىلدىم، ئەمدى يۇرتۇڭلارغا قايتىپ ئاتا ـ ئاناڭلار بىلەن خاتىرجەم ياشاڭلار، — دەپتۇ كەنجى ئوغۇل.

باللار خۇشاللىقتىن سەكرىشىپ ئۆيلىرىگە قايتىپتۇ. كەنجى ئوغۇلنىڭ كارامىتى مەملىكەتنىڭ ھەممە جايلىرىغا پۇر كېتىپتۇ. ئۇنىڭ نام ـ شەرىپى بارىكاللا! ئاپىرىنلارغا كۆمۈلۈپتۇ. ئاۋام خەلق ئۇنى پادىشاھلىققا سايلاپتۇ. يېڭى پادىشاھ ھەق ـ ئادالەتنى ياقلاپ، دۆلەتنى روناق تاپقۇزۇپ، خەلقنى باي ـ باياشاتلىققا باشلاپتۇ.

سۆزلەپ بەرگۈچى: قارىقاش ناھىيە قارىساي ئوتتۇرا مەكتەپتىن مەمەتجان مەخپىز

نەشرگە تەييارلىغۇچى: قارىقاش ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىدىن مۇھەممەتئىمىن قۇربان

تەھرىرى: تۇرسۇنجان مۇھەممەت

# شاھزادىنىڭ ئاجايىپ سەرگۈزەشتلىرى

(چۆچەك)

بۇرۇنقى زاماندا خەلققە مېھرىبان، ھەق - ئادالەتنى قوغدايدىغان، ئالتۇن - كۈمۈشلىرىنىڭ ھېسابىنى بىلمەيدىغان بىر پادىشاھ ياشىغان ئىكەن. ئۇ ئوتتۇز توققۇز خوتۇن ئالغان بولسىمۇ، بىرەر پەرزەنت يۈزى كۆرمەپتۇ. ئۇنىڭ كۆڭلى تولىمۇ يېرىم بولۇپ كېچىلەرنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزۈپتۇ. گېلىدىن غىزا ئۆتمەي كۈندىن - كۈنگە ئۇرۇقلاپ چىرايى ساغىرىپتۇ. ۋەزىرلەر پادىشاھقا:

— دۆلەتنى ياخشى باشقۇرۇش ئۈچۈن كۆڭۈللىرى خاتىرجەم، زېھنلىرى توق بولمىقى لازىمدۇر. لېكىن يېقىندىن بېرى تولىمۇ پەرىشان بولۇپ كەتتىلە. بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلگىمىز بار، — دەپتۇ. پادىشاھ:

— ھەممىڭلارنىڭ ئوغۇل ياكى قىز بولسۇن پەرزەنتىڭلار بار. شۇڭا كۆڭلۈڭلار توق. مەن پادىشاھ بولغىنىم بىلەن كۆز يۇمسام چىرىغىمنى ياندۇرىدىغان بىرمۇ پەرزەنتىم يوق مەن پەرىشان بولماي كىم پەرىشان بولسۇن، — دەپتۇ.

ۋەزىرلەر:

— پادىشاھقا قىرىق خوتۇن راۋادۇر. يەنە بىر خوتۇن ئالغان بولسىلا پەرزەنتلىك بولۇپ قالسىلا ئەجەب ئەمەس، — دېيىشىپتۇ. بۇ مەسلىھەت شاھقا خوپ كەپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي بىر دېھقاننىڭ قىزىنى نىكاھقا ئاپتۇ. قىرىشقاندەك ئۇچ يىلغىچە بۇ خوتۇنمۇ قورساق كۆتۈرمەپتۇ. پادىشاھنىڭ ئىچ پۇشۇقى ھەسسىلەپ ئېشىپتۇ. پادىشاھ كۆڭۈلسىزلىكنى ئۇنتۇش ئۈچۈن ۋەزىرلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا شىكارغا چىقىپتۇ. ئۇلار مېڭىپ - مېڭىپ تاغنىڭ باغرىنى بويلاپ ئاققان بىر دەرياغا ئۇچراپتۇ. دولقۇنلۇق سۈپ - سۈزۈك دەريا سۈيى پادىشاھنىڭ زوقىنى قوزغاپتۇ. پادىشاھ بىلەن ۋەزىرلەر ئاتلىرىنى ئوتلاشقا قويۇۋېتىپ، سۈزۈك سۇلارنى ئۇچۇملاپ قانغىچە ئىچىپتۇ. يېشىل چۆپلۈكتە ئولتۇرۇپ سالقىنداپتۇ. شۇ چاغدا ئۇلارغا دەريانىڭ ئوتتۇرىسىدا لەيلەپ كېلىۋاتقان بىر ساندۇق كۆرۈنۈپتۇ. ئىككى ۋەزىر دەرياغا چۈشۈپ ساندۇقنى قىرغاققا تارتىپ كەپتۇ. ساندۇقنى ئاچقان ئىكەن، ئىچىدىن بىر يەكچەشمە (بىر كۆزلۈك) چىقىپتۇ. بۇنى كۆرگەن پادىشاھ قورقۇپ ئارقىسىغا ئۇچۇپ چۈشكىلى تاس قاپتۇ. يەكچەشمە:

— ئەي پادىشاھ، مەن قورقۇنچلۇق كۆرۈندۇممۇ؟ مەن بەد - بەشىرە بولغىنىم بىلەن، سېنىڭ پەرزەنتلىك بولۇشۇڭغا ياردەملىشەلەيمەن - دەپتۇ.

— بارىكاللا، — دەپتۇ پادىشاھ خۇشال بولۇپ، — سېنىڭ ياردىمىڭ بىلەن بالىلىق بولۇپ قالسام سەندىن بىر ئۆمۈر مىننەتدار بولۇرمەن.

— مەن ساڭا قىرىق دانە ئالما بېرىمەن، — دەپتۇ يەكچەشمە. بىر خوتۇنۇڭغا بىردىن يېگۈزسەڭ، ھەممىسى ھامىلدار بولىدۇ. قىرىق بالىنىڭ دادىسى بولىسەن. لېكىن بىرلا شەرتىم بار.

— ھەر قانچە ئېغىر شەرت بولسىمۇ ئورۇنلاشقا تەييارمەن، — دەپتۇ پادىشاھ.

— قىرىقىنچى خوتۇنۇڭ تۇغقان بالىنى ماڭا بېرىسەن.

پادىشاھ ماقۇل بولۇپ تىلخەت يېزىپ يەكچەشمىگە بېرىپتۇ. پادىشاھنىڭ خوتۇنلىرى بىردىن ئالمىنى يەپ بىر نەچچە ۋاقىتتىن كېيىن ھاممىسى ھامىلدار بولۇپتۇ. ۋاقتى - سائىتى توشقاندا ئارقا - ئارقىدىن تۇغۇپتۇ. پادىشاھ بىرىنچى خوتۇننى مۇبارەكلەش ئۈچۈن ئۇنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ كۆڭلى ئىنتايىن غەش بولۇپتۇ. چۈنكى ئۇنىڭ تۇغقان بالىسىنىڭ بىر قولىقى يوق ئىكەن. ئىككىنچى خوتۇنىنىڭ يېنىغا كىرگەن ئىكەن، بىر پۇتى قىسقا بوۋاقنى كۆرۈپ پەرىشان بولۇپتۇ. ئۈچىنچى خوتۇن تۇغقان بوۋاقنىڭ بارمىقى يوق، تۆتىنچى بوۋاقنىڭ قولتۇقى چاپلاش، بەشىنچى بوۋاقنىڭ بۇرنى يوق، ئالتىنچى بوۋاقنىڭ كۆزى قارىغۇ ئىكەن. ئىشقىلىپ ئوتتۇز توققۇزىنچى بالىغا قەدەر ھەممىسى ئەيىبلىك ئىكەن. پادىشاھ ئاخىرىدا قىرىقىنچى خوتۇننى يوقلىغىلى كىرىپ

خۇشاللىقتىن بېشى ئاسمانغا تاقىشىپتۇ. چۈنكى ئۇ بوۋاق شۇ قەدەر ساغلام، بېجىرىم بولۇپ چىرايلىقلىقتا تەڭداشسىز ئىكەن. بوۋاق دادىسىغا قاراپ كۈلۈپتۇ. پادىشاھ ئوغلىدىن چەكسىز سۆيۈنۈپ ئەتىۋارلاپ چوڭ قىلىپتۇ.

يىللار ئۆتۈپ بۇ بالا ئون يەتتە ياشقا كىرىپتۇ. پادىشاھ بىر كۈن ئوغلىنى ئەگەشتۈرۈپ سەيلەگە چىقىپتۇ. ئۇلار تاغ باغرىدىكى كۆلنى ئايلىنىپ يۈرۈۋاتقاندا ئاسماندىن تۇيۇقسىز ئاق ئاتقا مىنگەن بىر مەخلۇق چۈشۈپتۇ. پادىشاھ بىر قاراپلا ئۇنى تونۇپتۇ. بۇ مەخلۇق ئون يەتتە يىل ئىلگىرى پادىشاھقا قىرىق دانە ئالمىنى بەرگەن يەكچەشمە ئىكەن.

ــ ئەي پادىشاھ، ــ دەپتۇ يەكچەشمە، ــ سەن مۇشۇ بالاڭنى ماڭا بېرىشكە تىلخەت يېزىپ بەرگەن ئىدىڭ، ئېسىڭدىمۇ؟

ــ ئېسىمدە، بىراق مۇشۇ ئوغلۇمدىن باشقا ئوتتۇز توققۇز بالامنىڭ ھەممىسى ئەيىبلىك، شۇڭلاشقا قانچىلىك ئالتۇن ـ كۈمۈش دېسەڭ بەرسەم، مۇشۇ بالامنى تالاشمىغىن.

ــ ئالتۇن كۈمۈش لازىم بولسا مەن بېرەي، ماڭا مۇشۇ بالاڭ لازىم، ــ يەكچەشمە شۇنداق دەپلا بالىنى بىلىدىن كۆتۈرۈپلا ئۆزىنىڭ كەينىگە مىندۈرۈپتۇ ــ دە، ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ كۆزدىن غايىب بولۇپتۇ. پادىشاھ ھوشىدىن كېتىپتۇ. ئۇ ھوشىغا كەلگەندىن كېيىنمۇ پۈتۈن ئەقلى ھوشى ئوغلى بىلەن قېلىپ، دۆلەتنى باشقۇرۇش ئىشلىرىغا يېتىشەلمەپتۇ. قوشنا دۆلەتنىڭ پادىشاھى بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ لەشكەر باشلاپ كېلىپ بۇ دۆلەتنى مۇنقەرز قىلىۋاپتۇ ـ دە، ئەسلىدىكى پادىشاھنى تەختتىن قوغلاپ چىقىرىپتۇ.

يەكچەشمە ئېگىز بىر تاغ باغرىغا چۈشۈپتۇ. ئۇ ئەپسۇن ئوقۇغان ئىكەن، تاغدىن ئىشىك ئېچىلىپتۇ. يەكچەشمە ئىشىكتىن بالا بىلەن ئاتنى باشلاپ كىرىپتۇ. ئاندىن يەنە بىر ئەپسۇن ئوقۇپ ئىشىكنى يوق قىلىپ تاغنى ئەسلى ھالىتىگە كەلتۈرۈپتۇ. بالا يەكچەشمىنىڭ گېپى بويىچە كۆزىنى بىر قېتىم يۇمۇپ ئاچقان ئىكەن، قارىسا كۆز ئالدىدا كوچىلىرى رەڭمۇ ـ رەڭ گۈللەر بىلەن، باغلىرى مەي باغلاپ پىشقان ئېسىل مېۋىلەر بىلەن قاپلانغان كاتتا شەھەر پەيدا بولۇپتۇ.

ــ ئى يىگىت، سەن بۇ يەردىن ھەرگىز چىقىپ كېتەلمەيسەن، ــ دەپتۇ يەكچەشمە، ــ شۇڭا باشقا خام ـ خىياللاردا بولما. يېگۈڭ كەلگەننى يېگىن. مەن ئۇخلاپ ئويغانغاندىن كېيىن قىلىدىغان ئىشلىرىڭنى ئېيتىپ بېرىمەن.

يەكچەشمە ئۇخلايدىغان ئۆيىگە كىرىپ كېتىپتۇ. يىگىت بۇ جايدىن چىقىپ كەتمىسەم جېنىم ئامان قالمايدىغان ئوخشايدۇ، قانداق قىلىپ قۇتۇلارمەن دەپ قايغۇرۇپ بېشى قايغان تەرەپكە مېڭىۋېرىپتۇ. مېڭىپ ـ مېڭىپ چىغىر يولغا چىقىپ قاپتۇ. چىغىر يولدا ئادەمنىڭ ئىزىنى كۆرۈپ كۆڭلىدە ئۈمىد ئۇچقۇنى چاقناپتۇ. يېقىن بىر جايدا راۋاق كۆرۈنۈپتۇ. راۋاقتىن قىرىق كېنىزەك چۈشۈپ ئۇنى ھۆرمەت ـ ئېھتىرام بىلەن راۋاققا تەكلىپ قىلىپتۇ. كېنىزەكلەر يىگىتتىن قانداق بولۇپ بۇ يەرگە كېلىپ قالغانلىقىنى سوراپتۇ. يىگىت بېشىدىن ئۆتكەن ۋەقەلەرنى سۆزلەپ بېرىپتۇ.

ــ ئەي يىگىت، ــ دەپتۇ ئۇلار ئۇھ تارتىشقىنىچە، ــ بۇ يەكچەشمە بەكمۇ ياۋۇز. ئۇ زورلۇق ـ زومبۇلۇق قىلىپ بىزنى ئاتا ـ ئانىمىزدىن، يۇرت ـ ماكانىمىزدىن ئايرىپ بۇ يەرگە ئەكىلىۋالغان. نۇرغۇنلىرىمىزنى دەپسەندە قىلدى، ھەتتا ئۆلتۈرۈپ يېدى. بۇ يەرگە كېلىپ قالغان يىگىتلەردىن بىرىمۇ تىرىك قۇتۇلۇپ كېتەلمىدى، ھۆسن ـ جامالىڭنى دېسەك سېنى ھەرگىز قولدىن چىقارغۇمىز يوق. ساڭا كېلىدىغان خەۋپ ـ خەتەرنى دېسەك بىر ئامال قىلىپ سېنى قۇتۇلدۇرۇپ قويغىمىز بار. سېنىڭچە قانداق قىلىمىز؟

ــ مېنىڭ بۇ يەردىن قۇتۇلۇشۇمغا ئەقىل كۆرسىتىڭلار، ــ دەپتۇ شاھزادە. كېنىزەكلەر:

ــ يەكچەشمە بىر ئۇخلىسا قىرىق كۈندە ئويغىنىدۇ. ئۇنىڭ قىرىق ھۇجرىسى بار، قىرىقىنچى ھۇجرىسىدا ياتىدۇ. ئالدىنقى ھۇجرىلارنىڭ ھەر بىرىدە ئادەم يەيدىغان يىرتقۇچ ھايۋاندىن ئىككىسى بار، دەپتۇ ۋە يىرتقۇچ ھايۋانلارنى يوقىتىشنىڭ چارە تەدبىرلىرىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ.

شاھزادە بىرىنچى ھۇجرىغا كىرگەن ئىكەن، ئىككى يولۋاس ئۇنىڭغا خىرىس قىلىپ كەپتۇ. ئۇ يەردىن بىر

سىقىم توپا ئېلىپ كېنىزەكلەر ئۆگەتكەن ئەپسۇننى ئوقۇپ توپىغا «سۇف» دەپ يولۋاسلارنىڭ كۆزىگە چېچىپتۇ. يولۋاسلار دەرھال غايىب بولۇپتۇ. شاھزادە ئىككىنچى ھۇجرىغا كىرسە ئىككى شىر ئاغزىنى يوغان ئېچىپ كەپتۇ. ئۇ يەنە ئەپسۇن ئوقۇپ «سۇف» قىلىنغان توپىنى چېچىپ شىرلارنى غايىب قىپتۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۈچىنچى ھۇجرىغا كىرگەن ئىكەن، ئىككى ئەجدىھا ئاغزىنى يوغان ھاڭدەك ئېچىپ كەپتۇ. شاھزادە ئۇنىمۇ يوقىتىپتۇ. شۇ تەرىقىدە ئىلگىرىلەپ ئوتتۇز سەككىزىنچى ئىشىكتىن كىرىپتۇ. قارىسا نەچچە يۈز يىگىت ئىنتىرىگەن ھالدا، «مەن ئۇرۇق- بۇ سىمىز، مەن ئۇرۇق - بۇ سىمىز» دەپ بىر -بىرىنى كۆرسىتىشكىلى تۇرۇپتۇ. بۇلار يەكچەشمە ئۆلتۈرۈپ يېيىشكە تەييارلاپ قويغان تۇتقۇنلار ئىكەن. شاھزادە تۇتقۇنلارنى ياخشى گەپلەر بىلەن خاتىرجەم قىلىپ قويۇپ، ئوتتۇز توققۇزىنچى ئىشىكتىن كىرىپتۇ. بۇ يەر كەڭ مەيدان بولۇپ يەكچەشمە يېگەن ئادەملەرنىڭ سۆڭەكلىرى تاغدەك دۆۋىلىنىپ كېتىپتۇ. بۇلارنى كۆرۈپ شاھزادىنىڭ يەكچەشمىگە بولغان غەزىپى چېكىگە يېتىپتۇ. ئۇ ئەمدى قىرىقىنچى ھۇجرىغا كىرىپتۇ. قارىسا يەكچەشمە خورەك تارتىپ ئۇخلاۋېتىپتۇ. شاھزادە كېنىزەكلەردىن ئاڭلىغىنى بويىچە ئالدى بىلەن تەرەت ئېلىپ ناماز ئوقۇپتۇ. ئاندىن تەكچىدىكى كىتابلارنى ئاختۇرۇپ ئەپسۇن - ئايەتلەر يېزىلغان كىتابنى تېپىپتۇ، بۇ خاسىيەتلىك كىتابنىڭ قۇدرىتى بىلەن بارنى يوق قىلغىلى، يوقنى بار قىلغىلى بولىدىكەن، شاھزادە كىتابنى ئېلىپ ئۆيدىن چىقىپتۇ ۋە سولاقتىكى تۇتقۇنلارنى ئازاد قىپتۇ. تۇتقۇنلار خۇشال بولۇپ:

— ئەي شەپقەتلىك يىگىت، بىزگە قىلغان ياخشىلىقىڭغا يۈز مىڭ بارىكاللا، بىزنىڭ قۇتۇلدۇردۇڭ، ئەگەر قولۇڭدىن كەلسە يەكچەشمىنى ئۆلتۈرۈپ، قىساسىمىزنى ئېلىپ بەرسەڭ ھەم ئادەمزاتقا كېلىدىغان بۇ ئاپەت يىلتىزىنى قۇرۇتساڭ بەك ياخشى بولاتتى،— دەپتۇ. شاھزادە يەكچەشمىنى ئۆلتۈرۈشكە ۋەدە بېرىپتۇ. بىراق قانداق ئۆلتۈرۈش توغرىسىدا ھېچكىمدىن بىر ئورۇنلۇق مەسلىھەت چىقماپتۇ. شاھزادە خاسىيەتلىك كىتابنى ئوقۇپتۇ. ئۇ كىتابقا يېزىلغىنى بويىچە ئاۋۋال بىر تۆمۈر زىڭنى ئوتتا قىزدۇرۇپ يەكچەشمىنىڭ كۆزىگە سانجىپتۇ، يەكچەشمە جان ئاچچىقى بىلەن ۋارقىراپ سەكرەپ قوپۇپ كېتىپتۇ، كۆزى كۆرمەيدىغان بولۇپ قالغاچقا ھەر تەرەپكە ئۇسۇشكە باشلاپتۇ. شاھزادە بىر ئەپسۇن بىلەن نەچچە يۈز جىڭ پىششىق قوي گۆشى ھازىر قىلىپ ئاچ قالغان تۇتقۇنلارغا يېگۈزۈپتۇ، يەنە بىر ئەپسۇن بىلەن بىر دۆۋە تاش پەيدا قىلىپتۇ، تۇتقۇنلار تاشلارنى يەكچەشمىگە ئېتىپ ئۇنىڭ بەدىنىنى قاقتەك - ياڭاقتەك پارچىلىۋېتىپتۇ.

— ئەمدى ئىختىيار ئۆزۈڭلاردا، مەشەدە ياشاۋېرىمىز دېسەڭلارمۇ مەيلى، يۇرتۇڭلارغا كەتسەڭلارمۇ مەيلى — دەپتۇ شاھزادە.

—يۇرتىمىزغا قايتىپ ئاتا - ئانىمىز، ئۇرۇق تۇغقانلىرىمىز بىلەن بىللە ياشايمىز،—دېيىشىپتۇ تۇتقۇنلار. شاھزادە كىتابنى ۋاراقلاپ بىر ئەپسۇن ئوقۇغان ئىكەن، بىر تۇتقۇنغا بىردىن ئاق ئات، بىر كاللەكتىن ئالتۇن ھازىر بولۇپتۇ. شاھزادە:

بۇ ئالتۇنلار بىر ئۆمۈر باياشات تۇرمۇش كەچۈرۈشۈڭلارغا يېتىدۇ. ئەتراپىڭلاردىكى غېرىب - مىسكىنلەرگە خەيرى - ئېھسان قىلىشنى ئۇنتۇپ قالماڭلار دەپتۇ. تۇتقۇنلار:

— بۇ نەسىھەتلەرنى ھەرگىز ئۇنۇتمايمىز، —دەپتۇ.

— ھەممىڭلار ئالدىڭلاردىكى ئاتقا مىنىڭلار، ئات ئۇچقان ھامان كۆزۈڭلارنى يۇمۇپ، توختىغان ھامان ئېچىڭلار. خەير - خوش، خۇداغا ئامانەت،— ئۇنىڭ گېپى تۈگىشى بىلەنلا ئاتلار قانات چىقىرىپ ھاۋاغا كۆتۈرۈلۈپ كۆزدىن غايىب بولۇپتۇ.

شاھزادە كېنىزەكلەر بىلەن ئون كۈن نەغمە - ناۋا قىلىپ كۆڭۈل ئېچىشقاندىن كېيىن ئۇلارنىمۇ سوغا - سالاملار بىلەن ئۇزىتىپ قويۇپ، ئۆزى ئەڭ ئاخىردا يولغا چىقىپتۇ. ئۇ دولقۇنلۇق دەريالارنى كېچىپ، مۇزلۇق تاغلاردىن ئېشىپ، قۇملۇقلارنى كېزىپ كۈنلەرنىڭ بىرىدە قويۇق دەل -دەرەخلەر بىلەن قاپلانغان جاڭگالغا كىرىپ قاپتۇ. يېقىنلا بىر يەردە يولۋاسنىڭ دەرد ئەلەملىك ھۆركىرىشى ئاڭلىنىپتۇ. يېقىن بېرىپ قارىسا بىر قېرى يولۋاس يىغلاپ ياتقىدەك. شاھزادىنى كۆرۈپ يولۋاس زۇۋانغا كېلىپتۇ:

—ئەي يىگىت، تاپىنىمغا بىر تال يۇلغۇن سۇنۇقى

كىرىپ كەتكىنىگە بىر يىلدىن ئاشتى. يۇلغۇن سۇنۇۋقىنى چىقىرىۋېتىشكە ئامال قىلالمىدىم. تاپىنىم ئىششىپ كەتكەنلىكتىن ماڭالماي گۆش، سۇ بار جايلارغا بارالمىدىم. قولۇڭدىن كەلسە مېنى بۇ ئازابتىن قۇتۇلدۇرۇپ قويغىن.

شاھزادە يولۋاسنىڭ تاپىنىدىكى يۇلغۇن سۇنۇۋقىنى تارتىۋېتىپتۇ. يىراقتىكى بۇلاقتىن سۇ ئەكىلىپ قان ـ يىرىڭلارنى تازىلاپتۇ. يولۋاس شاھزادىنىڭ پۇتلىرىنى سۆيۈپ تۇرۇپ:

ــ ئەي شەپقەتچى يىگىت، سەن تولىمۇ مېھرىبان ئىكەنسەن، سەن نەگە كېتىۋاتىسەن؟ــ دەپ سوراپتۇ.

ــ ئادەمزات ياشايدىغان جايغا كېتىۋاتىمەن.

ــ بۇ ئەتراپتا يىرتقۇچ ھايۋانلار بەك تولا، مەن سېنى خەتەردىن ھىمايە قىلىشىم كېرەك ،ــ يولۋاس شۇنداق دەپلا بار كۈچى بىلەن ھۆركىرىگەن ئىكەن، بارلىق چوڭ كىچىك يىرتقۇچ ھايۋانلار ئۇنىڭ ئالدىغا توپلىنىپتۇ.

ــ بۇ يىگىت ماڭا چوڭ ياخشىلىق قىلدى. ئۇنى قىلچە زىيان ـ زەخمەتكە ئۇچراتماي جاڭگالدىن ساق ـ سالامەت ئۆتكۈزۈپ قويۇڭلار،ــ دەپتۇ ۋە شاھزادىدىن سوراپتۇ،ــ ئەي يىگىت بىر ياخشىلىققا مىڭ جاۋاب قايتۇرسامۇ ئازلىق قىلىدۇ. ئېيتقىنا قانداق ھاجىتىڭ بار؟

ــ ھېچقانداق ھاجىتىم يوق.

ــ ھازىر ھاجىتىڭ بولمىسا كېيىن بولۇپ قالار. شۇ چاغدا بىر تالنى كۆيدۈرسەڭ دەرھال يېنىڭدا خىزمىتىڭگە ھازىر بولىمەن ــ يولۋاس شۇنداق دەپ قۇيرۇقىدىن ئىككى تال تۈكنى يۇلۇپ شاھزادىگە بېرىپتۇ. شاھزادىنىڭ مىنىشىگە ئېگەر ـ جابدۇقلىرى ئالتۇن كۈمۈشتىن ياسالغان بىر دۇلدۇلنى تەييارلاپ يولۋاس ـ شىرلارنى ھەمراھ قىلىپ ئۇزۇتۇپ قويۇپتۇ. شاھزادە بىر نەچچە كۈن يول يۈرگەندىن كېيىن جاڭگاللىق ئاخىرلىشىپ كۆز ئالدىدا ياپيېشىللىققا پۈركەنگەن بىر يۇرت كۆرۈنۈپتۇ. شاھزادە شىر ـ يولۋاسلارنى رەھمەت ـ تەشەككۈر بىلەن قايتۇرۇپ سەپىرىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. شەھەرگە يېقىنلاشقاندا دۇلدۇلنى بىر ئەپسۇن بىلەن تاشقا ئايلاندۇرۇپ قويۇپتۇ. «شەھەرگە بۇ كىيىملىرىم بىلەن كىرسەم ھەممىنىڭ دىققىتىنى قوزغاپ قويىمەن، سىياقىمنى ئۆزگەرتىپ باراي» دەپ ئويلاپ بىر ئەپسۇن بىلەن ئۆزىنى كىيىملىرى يىرتىق بىر يېتىم بالىغا ئايلاندۇرۇپتۇ.

بۇ شەھەرنىڭ سىرتىدا شاھلىق باغ بولۇپ، بىر نەچچە يىل سۇ كىرمىگەنلىكتىن، مېۋىلىك دەرەخلىرى قۇرۇپ چۆلدەرەپ قالغان ئىكەن. بۇ ئىشتىن ئىچى پۇشقان پادىشاھ ۋەزىرلىرىدىن بىرسىنى ياخشى باغۋەن تېپىشقا بۇيرۇپتۇ. ۋەزىر ياخشى باغۋەن ئىزدەپ كېتىۋېتىپ بايىقى «يېتىم» يىگىتكە ئۇچراپ قاپتۇ.

ــ ئەي يىگىت نەگە بارىسەن؟ نېمە ئىش قىلىسەن؟ـ دەپ سوراپتۇ ۋەزىر.« يېتىم» يىگىت:

ــ نەگە بېرىشىمنى، نېمە ئىش قىلىشىمنى بىلمەيمەن ـ دەپتۇ.

ــ باغۋەنلىكتىن خەۋىرىڭ بارمۇ؟

ــ خەۋىرىم بار.

ۋەزىر يىگىتنى شاھلىق باغقا باشلاپ كېلىپ:

ــ مۇشۇ باغنى كۆكەرتىپ مېۋىگە كىرگۈزسەن،ــ دەپ تاپىلىغاندىن كېيىن قايتىپ كېتىپتۇ. يىگىت خاسىيەتلىك كىتابنى ئوقۇپ باغنى كۆكەرتىشكە مۇناسىۋەتلىك ئەپسۇننى تېپىپتۇ. بۇ ئەپسۇننى ئوقۇپ باغقا «سۇف» لىگەن ئىكەن، باغ ئەسلىدىكىدىنمۇ گۈزەل بولۇپ كېتىپتۇ. تۈمەن خىل مېۋىلەر مەي باغلاپ شاخلار ئارىسىدا پارقىراپ كۆرۈنۈپتۇ. رەڭگا ـ رەڭ گۈل چېچەكلەر ئارىسىدىكى ئېرىقلاردا سۈزۈك سۇلار شىلدىرلاپ ئېقىپتۇ. بۇلبۇل كاككۇكلار يېقىملىق سايراپتۇ. يىگىت يەنە بىر ئەپسۇن بىلەن نەغمىكەش قىز ـ يىگىتلەرنى پەيدا قىلىپ، نەغمە ناۋالارنى قىزىتىۋېتىپتۇ. نەغمىكەشلەرگە كاتتا زىياپەت بېرىپتۇ.

سەيلىگە چىققان پادىشاھ بىلەن ۋەزىرلەر يېقىملىق نەغمە ـ ناۋا سادالىرىنى ئاڭلاپ باغقا يېتىپ كەپتۇ. يىگىت ئەپسۇن ئوقۇپ نەغمىكەشلەرنى كۆزگە كۆرۈنمەس قىلىۋېتىپتۇ. ئەمما ناخشا سازلارنىڭ ئاۋازى پەسەيمەپتۇ. پادىشاھ بىلەن ۋەزىر ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ ئەتراپقا قارىشىپتۇ. چىرايلىق مەنزىرىلەردىن، كۆڭۈلنى ئېرىتكۈچى نەغمە ناۋالاردىن ھوزۇرلىنىپتۇ، شېرىن مېۋىلەردىن لەززەتلىنىپتۇ. پادىشاھ ۋەزىرگە:

ــ بۇ باغۋەن يىگىتكە داۋاملىق سۇنى ئالتۇن جامدا، غىزانى ئالتۇن تاۋاقتا بېرىڭلار، ھەر قانداق تەلىپى بولسا

ئورۇنداڭلار، قولدىن ئىش كېلىدىكەن، بۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالمايلى،ـ دەپ تاپىلاپتۇ. پادىشاھنىڭ بويىغا يەتكەن ئۈچ قىزى بار ئىكەن. بۇ قىزلار باغنىڭ داڭقىنى ئاڭلاپ سەيلە تاماشا قىلغۇسى كېلىپ چىدىيالماي قاپتۇ. دادىسى رۇخسەت قىلغاندىن كېيىن قىزلار باغقا كەپتۇ. قىزلارنىڭ كىچىكى ئېرىق ياقىلاپ كېلىۋېتىپ، قەددى ـ قامىتى كېلىشكەن، چىرايىدىن نۇر تېمىپ تۇرغان باغۋەن يىگىتنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا ئاشىق بولۇپ قاپتۇ. پادىشاھ قىزلىرىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن باغقا ھەيۋەتلىك راۋاق سالدۇرۇپتۇ. قىزلار راۋاقتا ئولتۇرۇپ باغنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىنى تاماشا قىلىدىغان بوپتۇ. بىر نەچچە ئايدىن كېيىن قىزلار ئانىسىغا شەھەردىكى بارلىق يىگىتلەر بىر ـ بىرلەپ راۋاق ئالدىدىن ئۆتسە، كۆڭلىمىز خالىغان يىگىتكە ئالما تاشلىساق، شاھ ئاتىمىز ئۇنىڭ بىلەن تويىمىزنى قىلىپ قويسا دەپتۇ. خانىشتىن بۇ گەپنى ئاڭلىغان پادىشاھ قىزلىرىغا بىردىن ئالما تۇتقۇزۇپتۇ. ئۆزىنىڭ تەۋەلىكىدىكى ئۆيلەنمىگەن بارلىق يىگىتلەرنى راۋاق ئالدىدىن ئۆتكۈزۈشكە باشلاپتۇ. چوڭ قىز بىر سودىگەر يىگىتكە، ئوتتۇرانچى قىز بىر باينىڭ ئوغلىغا ئالما تاشلاپتۇ. پادىشاھ بىلەن خانىش كىچىك قىزىمىز كىمگە ئالماش تاشلاركىن دەپ قارىشىپ تۇرۇپتۇ. نۇرغۇن يىگىتلەرنىڭ ئارىسىدا جۇل ـ جۇل كىيىملىك بىر يىگىت بىر كۆرۈنۈپ، بىر كۆرۈنمەي كېلىۋاتقانىكەن. كىچىك قىز ئالمىنى خېلى ئۇزۇن تۇتۇپ تۇرۇپ، جۇل ـ جۇل كىيىملىك يىگىت ئۆزىنىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە ئۇنىڭ دولىسىغا نەخ تاشلاپتۇ. پادىشاھنىڭ ئاچچىقى كەپتۇ ـ يۇ، باغۋەننى قولدىن چىقىرىپ قويماسلىق ئۈچۈن قىزىنىڭ رايىغا بېقىپتۇ. چوڭ ۋە ئوتتۇرانچى قىزلىرىنىڭ تويلىرىنى قىرىق كۈن داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈپ ھەشەمەتلىك قەسىرلەرگە ئولتۇرغۇزۇپتۇ. كىچىك قىزىنىڭ تويىنى يىرىم كۈنلا ئۆتكۈزۈپ، باغنىڭ بۇرجىكىدىكى بىر ئېغىزلىق كونا ئۆيگە ئولتۇرغۇزۇپتۇ. مېھماندارچىلىقلارغا بارسا چوڭ ھەم ئوتتۇرانچى قىزىنى، ئۇلارنىڭ ئەرلىرىنى باشلاپ مېڭىپتۇ. كىچىك قىزى ھەم ئۇنىڭ ئېرىنى يادىغا ئېلىپمۇ قويماپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە خانىش ئېغىر كېسەل بىلەن يېتىپ قاپتۇ. تېۋىپلار كېسەلنى كۆرۈپ ياش يولۋاسنىڭ يۈرىكى شىپا بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلاپ پادىشاھنىڭ بېشىغا غەم چۈشۈپتۇ. ئامالسىز چوڭ ۋە ئوتتۇرانچى كۈيئوغۇللىرىنى چاقىرىپ:

ــ ياش يولۋاسنىڭ يۈرىكىنى تېپىپ كېلىڭلار، ــ دەپ بۇيرۇپتۇ. ئىككى كۈيئوغۇل قىرىق كۈنلۈك مۆھلەت بىلەن تاغقا قاراپ يولغا چىقىپتۇ. بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان كىچىك كۈيئوغۇل قېيىناتىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

ــ ھۆرمەتلىك شاھ ئاتا، بۇ خەتەرلىك ئىشقا مەنمۇ تەۋەككۈل قىلىپ باقسام، ــ دەپ ئىلتىماس قىپتۇ. پادىشاھ:

ــ ماقۇل، سەنمۇ ئۆزۈڭنى سىناپ باق، ــ دەپتۇ. كىچىك كۈيئوغۇل مەھبۇبى بىلەن خوشلىشىپ يولغا راۋان بوپتۇ. شەھەر سىرتىغا چىقىپ بىر ئەپسۇن ئوقۇپ، ھېلىقى تاشنى دۈلدۈلغا ئايلاندۇرۇپتۇ، ئاندىن شەھەردىن يىراقلاپ بولغاندا ھېلىقى يولۋاس بەرگەن ئىككى تال تۈكتىن بىرسىنى كۆيدۈرگەنىكەن، يولۋاس دەرھال ھازىر بولۇپ:

ــ ئەي ياخشى يىگىت، نېمىگە ھاجىتىڭ چۈشۈپ قالدى؟ ــ دەپ سوراپتۇ. يىگىت ياش يولۋاسنىڭ يۈرىكى لازىم بولۇپ قالغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. يولۋاس بار ئاۋازى بىلەن بىر ھۆركىرىگەن ئىكەن، نۇرغۇن چوڭ ـ كىچىك يولۋاسلار جەم بولۇپتۇ. قېرى يولۋاس ياش ئەركەك يولۋاسلاردىن بىرسىنى تۇتۇپ پۇتلىرىنى مەھكەم باغلاپ چېتىپ يىگىتكە بېرىپتۇ. يىگىت دۈلدۈلغا مىنىپ يولۋاسنى ئېلىپ يولغا چىقىپتۇ. جاڭگالدىن چىقىشقا ئاز قالغاندا ئىككى باجىسى بىلەن ئۇچرىشىپتۇ. ئۇ ئىككىسىنىڭ چىرايى سولغۇن، ھالى بوش تۇرغىدەك، كىچىك كۈيئوغۇل چوڭ كۈيئوغۇللاردىن:

ــ ئەھۋالىڭلار قانداقراق؟ ــ دەپ سوراپتۇ. چوڭ كۈيئوغۇللار:

ــ بىزدىن گەپ سورىماڭ، يولۋاسنىڭ يۈرىكىنى ئالىمىز دەپ، يولۋاسقا يەم بولغىلى تاس قالدۇق. ئاتلىرىمىزنى تاشلاپ بېرىپ ئۆزىمىزنى ئاران قۇتۇلدۇردۇق. ئاش ـ ئوزۇقلىرىمىز تۈگەپ كەتكىلى ئىككى كۈن بولدى، ــ دەپ زارلىنىپتۇ. كىچىك كۈيئوغۇلنىڭ ئالدىدىكى يولۋاسنى كۆرۈپ:

ــ سىزنىڭ تەلىيىڭىز ئوڭ كەپتۇ. بۇ ئىككىمىز شاھ

ئاتىمىزغا نېمە دەپ جاۋاب بېرەرمىز؟ ـ دېيىشىپتۇ.

— بىر شەرتىمگە ماقۇل دېسەڭلار بۇ يولۋاسنى سىلەرگە بېرىمەن، — دەپتۇ كىچىك كۆيئوغۇل، چوڭ كۆيئوغۇللار:

— يولۋاسنى بېرىدىغانلا بولسىڭىز، ھەر قانداق شەرتىڭىزنى قوبۇل قىلىمىز، —دەپتۇ. كىچىك كۆيئوغۇل:

ـ ئېغىر شەرت ئەمەس، بىلىكىڭلارغا تۆمۈر تامغا باسىمەن، سىلەر ماڭا قۇل بولىسىلەر، ـ دەپتۇ. ئۇ ئىككىسى بۇ شەرتكە رازى بولۇپتۇ. كىچىك كۆيئوغۇل بىر ئەپسۇن بىلەن قىزىتىلغان تۆمۈر تامغا پەيدا قىپتۇ. ئىككىسىنىڭ بىلەكلىرىنى يالىڭاچلاپ تامغىنى باسقانىكەن. ئىككىسى كۆيۈك ئازابىغا چىدىيالماي جان ئاچچىقىدا ۋارقىراپ كېتىپتۇ. كىچىك كۆيئوغۇل ئۇلارغا ئىچ ئاغرىتىپ، بىر ئەپسۇن بىلەن كۆيۈك ئازابىنى يوق قىلىۋېتىپتۇ. يەنە بىر ئەپسۇن بىلەن ھەر خىل غىزالارنى پەيدا قىلىپ، ئۇچەيلەن قورساقلىرىنى تويغۇزۇشۇپتۇ. كىچىك كۆيئوغۇل دۈلدۈلغا مىنىپ، چوڭ كۆيئوغۇللار پىيادە يولغا چىقىپتۇ. بىر نەچچە كۈندىن كېيىن شەھەرگە يېقىنلاپتۇ. كىچىك كۆيئوغۇل باغدىكى كونا ئۆيگە كىرىپ بولغان ئىشلارنى مەھبۇبىگە ئەينەن سۆزلەپ بېرىپتۇ. چوڭ كۆيئوغۇللار يولۋاسنى كۆتىرىشىپ ئۇدۇل قېيناتىسىنىڭ ئالدىغا كىرىپتۇ.

يولۋاسنىڭ يۈرىكىنى يېگەندىن كېيىن خانىش كېسەلدىن سەللىمازا ساقىيىپتۇ. پادىشاھ بىلەن خانىشنىڭ ئالدىدا چوڭ كۆيئوغۇللارنىڭ ئىناۋىتى كۆتۈرۈلۈپتۇ. ئۇلار نېمە دېسە پادىشاھ بىلەن خانىش ئىشىنىدىغان بولۇپتۇ. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە چوڭ كۆيئوغۇل قېيناتىسىغا:

ـ شانۇ ـ شەۋكەتلىك شاھ ئاتا، سەملىرىگە سېلىپ قويىدىغان مۇھىم بىر گەپ بار ئىدى، ـ دەپتۇ.

ـ سۆزلەشكە ئىجازەت، ـ دەپتۇ پادىشاھ.

ـ ئەسلىدە يولۋاستىن ئىككىنى تۇتقانىدۇق، — دەپتۇ چوڭ كۆيئوغۇل ـ كىچىك كۆيئوغۇللىرى مۇشۇكمۇ تۇتالمىغانىكەن، ئۇ قېيناتىمىز ئۆلسە ئۇنىڭ ئىچ ئاغرىقىدا قېيناتىمىزمۇ كېسەل بولۇپ ئۆلىدۇ. بارلىق مال ـ دۇنيالىرى بىزگە مىراس قالىدۇ دەپ يولۋاسلارنى قاچۇرۇۋەتتى. بۇ ئىككىمىز مىڭ جاپادا بۇ بىرسىنى تۇتۇۋالدۇق. ئۇنىڭ نىيىتى بەك يامان ئىكەن. «ئادەمنىڭ ئالىسى ئىچىدە، ھايۋاننىڭ ئالىسى تېشىدا» دېگەن راست گەپ ئىكەن ئۇنى ئوجۇقتۇرىۋەتمىسىلە ھامان كۆڭۈللىرى خاتىرجەم بولمايدۇ.

ئوتتۇرانچى كۆيئوغۇلمۇ:

— راست شۇنداق بولدى، — دەپ گۇۋاھلىق بېرىپتۇ. پادىشاھ دەرغەزەپ بولۇپ كىچىك كۆيئوغۇلنى دارغا ئېسىشقا بۇيرۇپتۇ. جاللاتلار كىچىك كۆيئوغۇلنى دار ئاستىغا يالاپ كەپتۇ. چوڭ ۋە ئوتتۇرانچى كۆيئوغۇللارنىڭ تەلپى بىلەن كىچىك كۆيئوغۇلنىڭ ئاغزىغا لاتا كەپلەپ قويۇلغانلىقتىن، ئۇ ھەقىقەتنى سۆزلەشكە ئامالسىز قاپتۇ. دەل شۇ چاغدا پادىشاھنىڭ كىچىك قىزى يۈگۈرۈپ كېلىپ:

— ھۆرمەتلىك شاھ ئاتا، غەزەپلىرىدىن يېنىپ مېنىڭ ئىككى ئېغىز گېپىمگە قۇلاق سالغايلا، — دەپتۇ. شاھ ئىجازەت بېرىپتۇ. بۇ قىز ئېرىدىن ئاڭلىغان ئەھۋالنى بايان قىلغاندىن كېيىن:

— گېپىمنىڭ راستلىقى ئۈچۈن ئىككى كۆيئوغۇللىرىنىڭ بىلىكىنى ئېچىپ كۆرۈپ باققايلا، گېپىم يالغان بولۇپ قالسا، ئېرىم بىلەن بىللە دارغا ئېسىلىشقا رازىمەن، ـ دەپتۇ. پادىشاھ ئويلىنىپ بىر دەم تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن، چوڭ ۋە ئوتتۇرانچى كۆيئوغۇللىرىنىڭ بىلىكىنى ئېچىشقا بۇيرۇپتۇ. راست دېگەندەك ئىككىسىنىڭ بىلىكىدە تامغا ئىزى بار ئىكەن، شاھ شۇ يەردىلا كىچىك كۆيئوغۇلنىڭ ئاغزىدىن لاتىنى ئالدۇرۇپ، قوللىرىنى يەشتۈرىۋېتىپتۇ. چوڭ كۆيئوغۇللىرىنى زىندانغا سېلىپ، كىچىك كۆيئوغلىدىن ئەپۇ سوراپتۇ. كىچىك كۆيئوغۇل بىر ئەپسۇن ئوقۇپ ئۆزىگە «سۈپ» لىگەن ئىكەن. شۇ ھامان شاھزادىلىك سىياقىغا كىرىپتۇ. زىبۇزىننەتلىك تون كىيگەن، قەددى ـ قامىتى كېلىشكەن، چىرايى قۇياشتەك نۇر چېچىپ تۇرىدىغان بۇ يىگىتكە ھەممەيلەن ھەيرانلىق بىلەن كۆز تىكىپتۇ. پادىشاھ سوراپتۇ:

ـ قالتىس كارامىتىڭىز باركەن، نەدىن كەلدىڭىز، كىمنىڭ ئوغلىسىز؟

شاھزادە بېشىغا كەلگەن ئاجايىپ سەرگۈزەشتىلىرىنى بىر ـ بىرلەپ سۆزلەپ بېرىپتۇ. پادىشاھ قايتىدىن قىرىق

كېچە ـ كۈندۈز توي قىلىپ بېرىدىغانلىقىنى دېگەنىكەن، شاھزادە رەت قىپتۇ، ئۇنى شاھلىق تەختىگە تەكلىپ قىلغانىكەن، ئۇنىمۇ رەت قىپتۇ. ئۇ:

ــ شانۇ شەۋكەتلىك شاھ ئاتا، دادام، ئانام، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىم بەش يىلدىن بۇيان مېنىڭ نېمە بولغانلىقىمنى بىلمەي، كۆزىدىن قان ـ ياش ئاققۇزۇپ، گېلىدىن غىزا ئۆتمەي، كېچىلىرى ئۇخلىيالماي دەرد ـ ئەلەمدە يۈرگەندۇ! ماڭا ئىجازەت قىلغايلا، مەن ئاتا ـ ئانامنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇلارنى جۇدالىق ئازابىدىن ئازاد قىلاي، ــ دەپتۇ.

ــ ئەمىسە قىزىممۇ سىز بىلەن كەتسۇن، ــ پادىشاھ شۇنداق دەپتۇ ۋە چاكارلارنى ئات تەييارلاشقا بۇيرۇپتۇ. شاھزادە:

ــ يوقسۇ شاھ ئاتا، ئات تەييارلاشنىڭ ھاجىتى يوق، ــ دەپتۇ. بىر تال يولۋاس تۈكىنى كۆيدۈرگەنىكەن، قېرى يولۋاس دەرھال ھازىر بولۇپ:

ــ ئەي مېھرىبان شەپقەتچىم، ھاجىتىڭىزنى دەڭ، ــ دەپ بېشىنى ئېگىپ تۇرۇپتۇ. شاھزادە ئىككى يولۋاس تېپىشنى بۇيرۇپتۇ. قېرى يولۋاس بىر ھۆركىرىگەن ئىكەن، چوڭ ـ كىچىك يولۋاسلار پەيدا بوپتۇ. قېرى يولۋاس كۆچلۈك ئەركەك يولۋاستىن ئىككىنى خىللاپ شاھزادىگە تۇتقۇزۇپتۇ. شاھزادە قېرى يولۋاسقا بۇ شەھەرگە ھەر قانداق يىرتقۇچ ھايۋاناتلارنىڭ تەھدىت سېلىشىغا يول قويماسلىقنى تاپىلىغاندىن كېيىن خان ۋە خانىش بىلەن خوشلىشىپتۇ. ئەر ـ خوتۇن ئىككىسى بىردىن يولۋاسقا مىنىپ يولىغا راۋان بوپتۇ. چۆل ـ جەزىرە، تاغ ـ دەريالارنى كېزىپ يەتتە ھەپتىدىن كېيىن ئۆز مەملىكىتى تەۋەلىكىدىكى بىر سەھراغا بېرىپتۇ. تەشەككۈر ئېيتىپ يولۋاسلارنى قايتۇرۇپتۇ. شاھزادە بىلەن مەلىكە خېلى ماڭغاندىن كېيىن بىر ئەما موماينىڭ ئېرىقتىن ئۇچۇملاپ سۇ ئىچىپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. شاھزادە:

ــ ئۆزلىرى كىم بولىلا، قانداق بولۇپ بۇ سەھراغا يالغۇز كېلىپ قالدىلا؟ ــ دەپ سوراپتۇ. موماي بەش يىل ئالدىدا يەكچەشمە ئېلىپ قاچقان ئوغلىنى ئىزدەپ يۇرت كېزىپ، چۆل ـ جەزىرىلەرنى ئاختۇرۇپ مۇشۇ يەرگە كېلىپ قالغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. شاھزادە:

ــ ئانا، مەن سىزنىڭ ئوغلىڭىز، يېنىمىدا كېلىنىڭىزمۇ بار، ــ دەپتۇ. موماي ئوغلىنى ئاۋازىدىن تونۇپ:

ــ جېنىم بالام، سېنىڭ غېمىڭدە تولا يىغلاپ قارىغۇ بولۇپ قالدىم. چىرايىڭنى بىر كۆرۈۋالغان بولسام، ئاھ خۇدايىم... دەپ يىغلاپ كېتىپتۇ. شاھزادە بىر ئەپسۇن بىلەن ئانىسىنىڭ كۆزىنى ئېچىپتۇ. ئانا ئوغلى بىلەن كېلىنىنى قۇچاقلاپ ئۇزۇندىچە يىغلاپتۇ، ئوغۇل دادىسىنى سوراپتۇ، ئانا:

ــ داداڭ تىرىك بولسا سېنى ئىزدەپ يۈرگەندۇ، ئۇنىڭ بىلەن ئۇچراشمىغىلى تۆت يىل بولدى، ــ دەپتۇ. ئۈچەيلەن يولغا راۋان بوپتۇ. بىر نەچچە كۈندىن كېيىن بىر كىچىك بازارغا كېلىپ سارايغا چۈشۈپتۇ. ئۇلار غىزالىنىپ ئولتۇرسا ھاسا تايانغان قەلەندەر بوۋاي ئىشىك ئالدىغا كېلىپ:

ــ ھەر بىرلىرىدىن بىر پارچە نان تىلەيمەن، ــ دەپتۇ. شاھزادە ئاۋازىنى تونۇپ:

ــ سىز مېنىڭ شاھ دادامغۇ، ــ دەپ ئۆزىنى دادىسىغا ئېتىپتۇ. دادا بىلەن بالا يىغلىشىپ ئۇزۇندىچە قۇچاقلىشىپتۇ. خانىشمۇ خۇشاللىق ياشلىرىنى تۆكۈپتۇ. كېلىنىمۇ بۇ مەنزىرىدىن تەسىرلىنىپ قېينانىسىنى قۇچاقلاپتۇ. شاھزادە بېشىدىن كەچۈرگەن سەرگۈزەشتىلەرنى ئۇلارغا يىپىدىن ـ يىڭنىسىغىچە سۆزلەپ بېرىپتۇ. شۇ ئەتراپتا كەڭ كەتكەن بىر پارچە قۇمۇشلۇق بار ئىكەن، شاھزادە بىر ئەپسۇن بىلەن بۇ قۇمۇشلۇقنى نەيزە ـ مىلتىقلىق بار نەچچە مىڭ لەشكەرگە ئايلاندۇرۇپتۇ، بۇ لەشكەرلىرىگە تايىنىپ تاجاۋۇزچى پادىشاھنى تىرە ـ پىرەن قىلىپ چېگرادىن قوغلاپ چىقىرىپتۇ. دادىسىنى ئورنىغا باشلاپ تەختكە تەكلىپ قىپتۇ. دادىسى:

ــ ئوغلۇم، مەن قېرىپ قالدىم. بۇرۇنقى زېھنىم ھازىر يوق. تەختتە سەن ئولتۇرغىنىڭ تۈزۈك، ــ دەپ تۇرىۋاپتۇ. شاھزادە شاھلىق تەختتە ئولتۇرغاندىن كېيىن پۇقرالارنىڭ دەردىگە داۋا، رەنجىگە شىپا بولۇپ، ھەق ـ ئادالەتنى قوغداپ دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇپتۇ. ئۇنىڭ پەزىلەتلىرى تىللاردا داستان بولۇپ ھازىرغىچە ئوقۇلىۋېتىپتۇ.

سۆزلەپ بەرگۈچى: قارىقاش ناھىيە ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق كومىتېتىدىن ياقۇپ مەڭلىك

نەشرگە تەييارلىغۇچى: قارىقاش ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىدىن **مۇھەممەتئىمىن قۇربان**

تەھرىرى: **تۇرسۇنجان مۇھەممەت**



# ئامەتلىك يىگىت

(چۆچەك)

ئورۇق بىلەن سېمىز، پەس بىلەن ئېگىز، بۇرۇن بىلەن ئېغىز، شاكال بىلەن مېغىز، سۆت بىلەن قىمىز، تېرەن بىلەن تېيىز روشەن پەرقلىنىدىغان بىر زاماندا، قارا قۇرۇم تاغلىرىنىڭ باغرىدىكى ئاۋات يۇرتلارنىڭ بىرىدە نادىر ئىسىملىك بىر بالا بولغان ئىكەن. بۇ بالا يەتتە-سەككىز ياش ۋاقىتلىرىدا ئاتا - ئانىسى ئارقا -ئارقىدىن كېسەل تېگىپ ئۆلۈپ كېتىپتۇ. نادىر يېتىمچىلىكتە ياۋاش، بېشى تۆۋەن چوڭ بولۇپتۇ. يۇيۇپ، تاراپ پەرۋىش قىلغۇچى ئادىمى بولمىغانلىقتىن بېشىغا يارا چىقىپ، بارا -بارا گەدەنگىچە تاز بولۇپ قاپتۇ. كىشىلەر ئۇنى «مۇنۇكۇم تاز» دەپ چاقىرىدىغان، بوزەك قىلىدىغان بولۇشۇپتۇ. نادىر بۇ كەمسىتىشلەردىن بىزار بولۇپ « ئۆز يۇرتۇمدا مۇساپىر بولغۇچە يات يۇرتلاردا غېرىب بولاي» دەپ نىيەت قىلىپتۇ. ئۇ بىر خۇرجۇنغا نان - تۇقاچ، ئىككى قاپاقتا سۇ قاچىلاپ تەۋەككۇل دەرياسىغا كېمىسىنى تاشلاپ يولغا چىقىپتۇ. كۆڭلى پەرىشان هالدا مېڭىپ - مېڭىپ بىر چۆلگە چىقىپتۇ. يولنىڭ ئىككىگە ئايرىلغان يېرىگە كېلىپ قايسىسىغا مېڭىشنى بىلەلمەي تۇرۇپ قاپتۇ. بىر دەمدىن كېيىن ئۇنىڭ يېنىغا ئۆزى بىلەن تەڭ دېمەتلىك ئىككى يىگىت پەيدا بولۇپتۇ. بۇ ئىككىسى:

— ئاداش سىلە نەگە بارماقچى؟— دەپ سوراپتۇ. نادىر:

— بېشىم قايغان پۇتۇم تايغان تەرەپكە بارىمەن،— دەپتۇ. ئاندىن ئۇ ئىككىسىنىڭ ئىسمىنى، قاياققا سەپەر قىلىدىغىنىنى سوراپتۇ. ئۇلارنىڭ بىرسىنىڭ ئىسمى قادىر، يەنە بىرسىنىڭ ئىسمى سادىر بولۇپ، قوشنىلىرى بىلەن جېدەللىشىپ قالغانلىقتىن قېيىداپ مەھەللىسىنى تاشلاپ چىققانلار ئىكەن. قادىر بىلەن سادىر:

— بىزمۇ بېشىمىز قايغان پۇتىمىز تايغان تەرەپكە بارىمىز،— دەپتۇ. شۇنداق قىلىپ بۇ ئۈچ يىگىت بىر يولغا كىرىپ بىللە مېڭىپتۇ. نادىر سەپەر ئۇستىدە ئىككى هەمراهىدىن نان سۇيىنى ئايىماپتۇ. بىر نەچچە كۈندىن كېيىن نادىرنىڭ يەيدىغان ئىچىدىغىنى تۈگەپتۇ. ئۇ:

— ئاغىنىلەر، مېنىڭ قورسىقىمنىمۇ ئۇنتۇپ قالماڭلار،— دېگەن ئىكەن.

— بىز سىلىدىن نان - سۇ ئۆتنە ئالمىدۇق. ئۆزۈڭلار بەردىڭلار. ئۆتنىسىنى ئالىدىغان ئادەم بەرمەسەڭلار بولمامتى؟ دېگەن جاۋابقا ئېرىشىپتۇ. نادىر يول بويىدىن جىگدە، ياۋا ئالمىلارنى تاپالىسا يەپ، تاپالمىسا ئاچلىقتا چىداپتۇ. ياۋايى هايۋانلارنىڭ هۇجۇمىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن يەنىلا قادىر بىلەن سادىرنىڭ كەينىدىن ماڭماي بولماپتۇ. ئۈچەيلەن بىر نەچچە كۈن يول ماڭغاندىن كېيىن يول بويىغا سېلىنغان بىر كاتتا ساراي ئۇچراپتۇ. قادىر بىلەن سادىر بىر هۇجرىغا ئورۇنلىشىپ نادىر بىلەن كارى بولماي ئېسىل غىزالار بىلەن قورسىقىنى تويغۇزۇپتۇ. نادىر تام تۈۋىدە بويىنىنى قىسىپ ئولتۇرۇپتۇ. سارايىنىڭ ئىگىسى پەرىزات گۈلقىز ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ:

— سىز نېمىشقا غىزالانمايسىز؟— دەپ سوراپتۇ. نادىر پۇلى يوقلىقىنى، هەمراهلىرىنىڭ يۈزسىزلىك قىلغىنىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. پەرىزات نادىرغا ئىچ ئاغرىتىپ ئايرىم بىر ئۆيگە ئەكىرىپ غىزالاندۇرغاندىن كېيىن، بىر خۇرجۇننىڭ ئىككى پېيىغا لىق نان - توقاچ قاچىلاپ بېرىپتۇ. ئاندىن بىر چاي خالتىسىنى ئۇزىتىپ :

— قاچانكى خاپىلىق تارتىپ قالسىڭىز، «مېنىڭ قولۇم ئەمەس، پەرىزات خېنىمنىڭ قولى» دەپ چاي

خالتىسغا قول سالسىڭىز، سىزگە لازىملىق پۇل چىقىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ھەمراھلىرىڭىزنىڭ ئالدىدا خارلىنىپ قالمايسىز ـ دەپتۇ. قادىر بىلەن سادىر «پەرىزات قىز نادىرنى ئۆيىگە باشلاپ كىرىپ كەتتى. ئۇنىڭغا نېمە بەردىكىن؟» دەپ تەمە بىلەن قاراپ تۇرۇپتۇ. بۇنى كۆرۈپ قالغان پەرىزات قىز قادىرغا بىر چىغ قالپاق، سادىرغا بىر جىلتكە بېرىپتۇ. ئۈچ يىگىت پەرىزات قىزغا تەشەككۈر بىلدۈرۈپ يولغا راۋان بولۇپتۇ. ئۇلار ناخشا بىلەن روھلىنىپ، كۈلكە ـ چاقچاق بىلەن يولنى قىسقارتىپ بىر نەچچە كۈن ماڭغاندىن كېيىن كاتتا بىر شەھەرگە يېتىپ بېرىپتۇ. نادىرنىڭ خۇرجۇندىكى نان ـ توقاچلار يول بويى ئۈچ يىگىت بىللە يېگەنلىكتىن ئاخىرلىشىپ قالغان ئىكەن. نادىر:

ـــ مېنىڭ قولۇم ئەمەس، پەرىزات قىزنىڭ قولى،ـــ دەپ قولىنى چاي خالتىغا تىققان ئىكەن، ئالقىنىغا بىر سىقىم مەرۋايىت چىقىپتۇ. نادىر ئۇنى سېتىپ لازىملىق نەرسىلەرنى ئاپتۇ. يېگۈسى بارنى يەپتۇ. ئالدىدىكى سەپەردە كەملەپ قالمىغۇدەك يېمەك ـ ئىچمەكنى قاچىلاپ يولغا چىقىپتۇ. بۇ قېتىم ھەمراھلىرىنى نان ـ سۇغا تەكلىپ قىلماي ئۆزىلا يەپ ئىچىپتۇ.بىر نەچچە كۈندىن كېيىن قادىر بىلەن سادىرنىڭ ئاش ـ ئوزۇقى، پۇلى تۈگەپتۇ. ئىلاجسىز :

ـــ خىزمىتىڭىزدە بولايلى، بىزنى ئاچ قويمىغان بولسىڭىز ـــ دەپ نادىرغا يالۋۇرۇپتۇ. نادىر تولىمۇ ئاق كۆڭۈل، رەھىمدىل بولغانلىقتىن، ئىككى ھەمراھىنى خىزمەتچى قىلىپ ئۆزىنىڭ يۈك تاقىلىرىنى كۆتۈرگۈزۈپتۇ. گېپىدىن خەۋەر تېپىپتۇ. يەنە ئىككى ئۈچ كۈندىن كېيىن باشقا بىر شەھەرگە كېلىپ ئىككى خىزمەتچىسىگە ئىككى دۇكان ئېچىپ بېرىپتۇ. ئۆزى بولسا كونا تاملىققا بېرىپ يېتىپتۇ. ئۇ ئۇخلاۋېتىپ بىر چۈش كۆرۈۋېتىپتۇ. چۈشىدە ئاجايىپ چىرايلىق بىر قىز بىلەن بىللە سۇغا چۈمۈلۈپ ئوينىغۇدەك.نادىر ئويغىنىپ ئەتراپقا قارىسا ئۇ قىز يوق. ئۇ ئىككى خىزمەتچىسىنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

ـــ مەن چۈشۈمدە بىر قىزنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا ئاشىق بىقارار بولدۇم. سىلەر شەھەرمۇ ـ شەھەر ئىزدەپ ئۇ قىزنى تېپىپ كېلىڭلار ـــ دەپ بۇيرۇپتۇ. قادىر بىلەن سادىر:

خوتۇن ئېلىش ئۈچۈن نوچى ياسىنىشىڭلار، ، كاللاڭلاردىكى تازدىن پارىغ بولمىغىڭلار ۋاجىپتۇر،ـــ دېيىشىپتۇ.

ـــ نېمە قىلىش لازىملىقىنى ئۆزۈم بىلىمەن ـــ دەپتۇ نادىر ـــ سىلەر مەن دېگەن قىزنى تېپىپ كېلىشنى بىلىڭلار.

قادىر بىلەن سادىر يەتمىش بىر شەھەرنى ئارىلاپ يەتمىش بىر قىزنى تاللاپ ئېلىپ كەپتۇ. ئۇنىڭغىچە نادىر ئۇستا تېۋىپلارغا داۋالىتىپ بېشىنى سەللىمازا ساقايتىپتۇ، ئېسىل گەز ماللاردىن يارىشىملىق كىيىملەرنى كىيىپتۇ. ئۇ يەتمىش بىر قىزنىڭ ئالدىدىن، كەينىدىن، ئىككى يېنىدىن قاراپ بېقىپتۇ. ناخشا ئېيتقۇزۇپتۇ.، ئۇسسۇل ئوينىتىپتۇ، ئالدىغا، كەينىگە ماڭغۇزۇپتۇ. قىزلارنىڭ بىرسىدىمۇ ئۇ چۈشىدە كۆرگەن قىزدىكى سۈپەتلەرنىڭ ھېچقايسىسى تېپىلماپتۇ. ئۇ قىزلارنىڭ بىرىنى سېرىق، بىرىنى قارا، بىرىنى ۋىجىك، بىرىنى قوپال دەپ ياراتماپتۇ. قادىر بىلەن سادىر:

ـــ ئاداش نادىر، بىز تېپىپ كەلگەن قىزلارنىڭ بىرسىمۇ سىلەرگە يارىمىدى. ئەمدى ئۇزۇن قۇلاق ھەجەرخاندىن بىرنى تاپامدىمىز ـ يا؟ــ دەپ چاقچاق قىپتۇ.

ـــ بىلىپ قويۇڭلار سىلەر مېنىڭ خىزمەتچىلىرىم، خوجايىنىڭلارغا ئەدەپسىزلىك قىلماڭلار ــ دەپتۇ نادىر. سىلەر بارمىغان يەنە قايسى شەھەر قالدى؟

ـــ بۇ ياقتا كوسەن، ئۇ ياقتا سەمەرقەنت، جەنۇبتا مىسىر شەھەرلىرى قالدى.

ـــ توغرا، سىلەر ئاۋۋال مىسىرغا بېرىڭلار، ئاندىن كوسەن، سەمەرقەنت شەھەرلىرىگە بېرىپ كۆرگەن قۇلۇقۇڭلار ئاڭلىغان چىرايلىق قىزلارنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ كېلىڭلار،ــ دەپتۇ.

قادىر بىلەن سادىر شاھزادىلەردەك ياسىنىپ، ھىممەت كەمىرىنى باغلاپ، جىق يول يۈرۈپ مىڭ ئۆلۈپ مىڭبىر تىرىلىپ مىسىرغا بېرىپتۇ. بىر ئاشخانىغا كىرىپ تاماق يەپ ئولتۇرسا، كىشىلەر پادىشاھنىڭ قىزىنىڭ گۈزەل سۈپەتلىرىنى سۆزلەشكىلى تۇرۇپتۇ. ئاشخانىدىن چىقىپ چاچ ـ ساقىلىنى ياستىش ئۈچۈن ساتىراشخانىغا كىرگەن ئىكەن، بۇ يەردىمۇ كىشىلەر پادىشاھنىڭ قىزىنى ئايدەك چىرايلىق، گۈلدىن گۈزەل دەپ تەرىپلەۋېتىپتۇ. قادىر بىلەن سادىر پادىشاھنىڭ قىزىنى كۆرۈش ئۈچۈن ئوردىنىڭ ئەتراپىنى ئايلانغىلى تۇرۇپتۇ. پادىشاھ ئوردا دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ ئۇ ئىككىسىگە:

ـــ ئوردىنى چۆرگىلەپ قاپسىلە، مەقسەت نېمە؟ــ دەپ سوئال تاشلاپتۇ. ئىككى يىگىت مەقسەتنى

ئېيتقاندىن كېيىن، قىزلىرى بىز ئاڭلىغاندەك چىرايلىقمۇ، ئەمەسمۇ، كۆزىمىز بىلەن كۆرۈشنى خالايمىز— دەپتۇ. پادىشاھ:

— قىزىمغا خېرىدار بولغۇچى قايسى دۆلەتنىڭ شاھزادىسى؟— دەپ سورىغان ئىكەن، ئەلچىلەر:

— شاھزادە ئەمەس، ئاتا ئانىسى يوق يېتىم بالا، شەھەرلىرىگە مۇساپىر. لېكىن پۇلىسى جىق - دەپتۇ

پادىشاھ «يېتىمنىڭ قانچىلىك پۇلىسى بولماقچىدى» دەپ ئويلىغاندىن كېيىن غەزەپ بىلەن:

— نى - نى شاھزادىلەرگە بەرمىگەن قىزىمغا ياقا يۇرتلۇق مۇساپىر خېرىدار بوپتۇما؟ جاللات، مۇنۇ ئەلچىلەرنى جەھەننەمگە ئۇزات،— دەپ ۋارقىراپتۇ. ۋەزىرلەردىن بىرى ئارىغا چۈشۈپ:

— پادىشاھى ئالەم بىلگەيكى، ئەلچىگە ئۆلۈم يوقتۇر. بۇ يىگىتلەرنى جازادىن ئازاد قىلغايلا،— دەپتۇ. پادىشاھ ۋەزىرىنىڭ دېگەنلىرىنىڭ ئورۇنلۇق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ ئۇلارنى قويۇۋېتىپتۇ.

قادىر بىلەن سادىر جېنى ئامان قالغىنىغا خۇشال بولۇپ تېزلا قايتىش سەپىرىگە ئاتلىنىپتۇ. ئۇلار يولدا مەسلىھەتلەشكىنى بويىچە نادىرنىڭ ئالدىغا كەلگەندە:

—مىسىر پادىشاھىنىڭ قىزىنى تەگدۈشى يوق دەپ ئاڭلاپ، باشقا قىزلارنى ئىزدىمىدۇق، كۆسەن سەمەرقەنتلەرگىمۇ بارمىدۇق،— دېيىشىپتۇ.

—مىسىر پادىشاھىنىڭ قىزى بىلەن ئۇچراشمىدىڭلارما؟

—مۇھاپىزىتى بەك مۇستەھكەم ئىكەن، ئۇچرىشالمىدۇق.

—مىسىر پادىشاھىنىڭ ئۆزىگە ئېيتىش كېرەك ئىدى،— دەپتۇ نادىر.

— پادىشاھ شىكارغا چىقىپ كەتكەن ئىكەن،— دەپتۇ قادىر بىلەن سادىر.

— ئىككىڭلار مىسىرغا قايتا بېرىپ پادىشاھقا مېنىڭ كۈيئوغۇل بولۇش ئارزۇيۇمنى چوقۇم يەتكۈزۈڭلار،— دەپ بۇيرۇپتۇ نادىر. قادىر بىلەن سادىر:

— بۇ يەردىن مىسىرغا بېرىپ كېلىشىمىز ئۈچۈن ئالتە ئاي ۋاقىت كېتىدىكەن، بۇ ئۇزۇن يولنى قىسقارتىشنىڭ ئامالىنى قىلالامسىلە؟— دەپ سوراپتۇ. نادىر:

— قىلالايمەن، - دەپتۇ. ئۇ ئات بېدىكلىرى بىلەن ئالاقىلىشىپ ئىككى ئارغىماق ئات سېتىۋاپتۇ. قىرىق كۈنلۈك يولنى بىر كۈندە باسىدىغان بۇ ئارغىماق ئاتلارنى قادىر بىلەن سادىرغا بېرىپتۇ. بۇ ئىككىسى بۇرۇنقىدەك جىق جاپا تارتماي مىسىرغا بېرىپتۇ. پادىشاھنىڭ ئالدىغا كىرىپ:

—خوجايىنىمىزنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن يەنە ئەلچىلىككە كەلدۇق، مەقسىتىمىز بۇرۇنقى بىلەن ئوخشاش،— دەپتۇ. پادىشاھ بۇ ئەلچىلەردىن قۇتۇلالمايدىغىنىغا كۆزى يېتىپ، قانداق قىلىش كېرەكلىكى توغرىسىدا كۆڭلى يېقىن بىر نەچچە ۋەزىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپتۇ. ۋەزىرلەردىن بىرسى:

—ئى شاھىم، كۈيئوغۇل بولىمەن دېگەن يىگىتكە ئۈچ تۆرلۈك شەرت قويىمىز. مەن كۆڭلۈمگە پۈككەن شەرتلەرنىڭ بىرسىمۇ ئورۇندىغىلى بولىدىغان شەرتلەر ئەمەس. ئورۇندالمىغانلىقىنى باھانە قىلىپ ئۇ يىگىتنىڭ بېشىنى ئالساق بۇ باش ئاغرىقلىرىمۇ ساقىيىدۇ،— دەپتۇ. پادىشاھقا ۋەزىرنىڭ بۇ مەسلىھىتى خوپ يېقىپتۇ. ئەلچى يىگىتلەرنى چاقىرىپ:

— سىلەر قايتىپ كۈيئوغۇل بولىدىغان يىگىتكە يەتكۈزۈڭلار. ئۇ مېنىڭ ئۈچ تۆرلۈك شەرتىمنى ئورۇندىسۇن. شۇنداق قىلسا قىزىمنى بېرىمەن، بولمىسا كاللىسىنى ئالىمەن،— دەپتۇ.

ئەلچى يىگىتلەر پادىشاھنىڭ ئالدىدىن ئامان - ئېسەن چىققانلىقىغا خۇشال بولۇپ ئارغىماقلىرىغا مىنىپ قايتىش سەپىرىگە ئاتلىنىپتۇ. نادىر ئىككى خىزمەتچىسىنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلاپتۇ. ئۇ ھەر قانداق ئېغىر شەرتنى ئورۇنداپ شاھ قىزىنى قولغا كەلتۈرۈشكە بەل باغلاپ مىسىرغا قاراپ يولغا چىقىپتۇ. ئۇ كۆپ يول ماڭغاندىن كېيىن كەڭ قۇملۇق چۆلگە كېلىپ قاپتۇ. ئۇساپ كېتىپ تۆت ئەتراپقا قارىسا ئېگىز دۆڭنىڭ باغرىدىكى ئۆگزىسىدە تۈتۈن لەيلەپ تۇرغان كونا ئۆي كۆرۈنۈپتۇ. نادىر ئۇ ئۆينىڭ ئالدىغا بېرىپ ئىشىكنى چېكىپتۇ. ئۆيدىن بىر موماي چىقىپ ھەيرانلىق بىلەن:

— سىز كىم بولىسىز؟— دەپ سوراپتۇ.

—مەن يولۇچى - دەپتۇ نادىر. موماي ئۇنى ئۆيگە باشلاپ قانغىچە سۇ، تويغىچە نان بېرىپتۇ. ئۇ نادىرنىڭ نەگە، نېمە مەقسەت بىلەن كېتىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ:

— ۋاي بالام بەك خەتەرلىك يولغا مېڭىپ قاپسىز، بۇ نىيىتىڭىزدىن قايتمىسىڭىز ھايات قالمايسىز،— دەپ نەسىھەت قىلىپتۇ.

— مىسىر پادىشاھىغا كۈيئوغۇل بولالىسام، ئۆلۈپ

كەتسەم جېنىمغا رازىمەن، ـ دەپتۇ نادىر. ئۇنىڭ قايتماس ئىرادىسىدىن تەسىرلەنگەن موماي ئۇنىڭغا يول كۆرسىتىپ:

ـ بالام، مەن ئاشۇ مىسىر پادىشاھىنىڭ ئاشپىزى ئىدىم. بۇ پادىشاھ كىچىكىدىن باشلاپ ئادەمنىڭ قېنى بىلەن ئوزۇقلىنىدىغان بىر بۆرگىنى بورداپ تۆگىدەك يوغىناتقان ئىدى. بۇ بۆرگىنىڭ تېرىسىنى مەن سويۇپ بەرگەن ئىدىم. پادىشاھ مەندىن بۇ ئىشنى ھېچ كىمگە دېمەسلىكىمنى تەلەپ قىلغان ئىدى. مەن بۇنى بىر تۇغقىنىمغا دەپ قويغانلىقىم ئۈچۈن پادىشاھ مېنى مۇشۇ چۆلگە پالىۋەتكەن. پادىشاھنىڭ بىر شەرتى ئېھتىمال ئاشۇ بۆرگىنىڭ تېرىسىنى سىزگە كۆرسىتىپ «بۇ قايسى ھايۋاننىڭ تېرىسى؟» دەپ سورايدۇ. سىز دەرھال جاۋاب بەرمەي، كۆپ ئويلانغان بولۇپ، تۇتۇپ، سىلاپ، پۇراپ باققاندىن كېيىن «بۆرگىنىڭ تېرىسى» دەپ جاۋاب بېرىڭ. ئەگەر دەرھال جاۋاب بېرىۋەتسىڭىز، مېنىڭ ئۆگىتىپ قويغىنىمنى بىلىپ قالسا كاللامنى كېسىدۇ. پادىشاھنىڭ مۇشۇ بىر شەرتىنى ئادا قىلالىسىڭىز قالغان ئىككى شەرتى ھېچ گەپ ئەمەس، ـ دەپتۇ. بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان نادىر خۇشاللىقتىن جېنى ئىچىگە پاتمىغان ھالدا مومايىنى رەھمەت ـ بارىكاللىغا كۆمۈۋېتىپ مىسىرغا قاراپ مېڭىپتۇ. ئۇ مىسىرغا كېلىپلا پادىشاھنىڭ ئالدىغا كىرىپ:

ـ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم پادىشاھى ئالەم، ـ دەپ تازىم قىلغان پېتى بېشىنى ئېگىپ تۇرۇپتۇ. پادىشاھ غادايغان پېتى:

ـ سىز كىم بولىسىز؟ ـ دەپ سوراپتۇ.

ـ جانابلىرىغا كۈيئوغۇل بولۇشنى ئارزۇ قىلغان يىگىت مەن بولىمەن، ـ دەپتۇ نادىر بېشىنى كۆتۈرمەيلا. پادىشاھ:

ـ مەن قىزىمنى نى ـ نى شاھزادىلەرگە، نى ـ نى ۋەزىرلەرگە بەرمىگەنىدىم، بۇگۈن سىز كەپسىز، بوپتۇ. تەلىيىڭىزنى سىناپ بېقىڭ، ئۈچ شەرتىم بار. بىرىنى ئادا قىلالمىسىڭىز ئىككى قولىڭىزدىن، ئىككىنى ئادا قىلالمىسىڭىز يەنە ئىككى پۇتىڭىزدىن، ئۈچ شەرتىمنى ئادا قىلالمىسىڭىز كاللىڭىزدىن ئايرىلىسىز، ـ دەپتۇ.

ـ ھۆكۈملىرىگە رازىمەن، ـ دەپتۇ نادىر. پادىشاھ گۇۋاھچىلىققا ئون نەچچە ۋەزىر ـ ۋۇزراسىنى چاقىرتىپتۇ. بىر تېرىنى نادىرنىڭ ئالدىغا تاشلاپ:

ـ بۇ قايسى ھايۋاننىڭ تېرىسى؟ ـ دەپ سوراپتۇ، نادىر تېرىنى كۆتۈرۈپ دەڭسەپ بېقىپتۇ. سىلاپ، پۇراپ بېقىپتۇ. تېرىگە قاراپ ئۇزۇن ئويلانغاندىن كېيىن:

ـ ئادەم قېنى بىلەن بوردالغان بۆرگىنىڭ تېرىسى، ـ دەپتۇ. جاۋاب بېرەلمەيدۇ دەپ يۈرىكى توق تۇرغان پادىشاھ ھەم ئۇنىڭ يېقىنلىرى چىرايى تاتارغان پېتى جىم تۇرۇشۇپ قاپتۇ. بىر دەمدىن كېيىن پادىشاھ:

ـ ئەمدى ئىككىنچى شەرتىمنى ئادا قىلىسىز، ـ دەپتۇ. نادىر:

ـ پادىشاھى ئالەم، ئىككىنچى شەرتلىرى نېمىكىن؟ ـ دەپ سوراپتۇ. پادىشاھ:

ـ قىزىمنى ئاۋۋال يىغلىتىسىز، ئارقىدىنلا كۈلدۈرىسىز، ـ دەپتۇ. ئارقىدىنلا قىزىنى چاقىرىپ تام ئۈستىگە ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپتۇ. نادىر شاھنىڭ قىزىغا بىرلا قاراپ «چۈشۈمدە كۆرگىنىم مۇشۇ قىزكەن» دەپ ئويلاپتۇ ـ دە، ئالەمدە تەڭدىشى يوق بۇ چىرايلىق قىزنىڭ ئېرى بولۇش ئارزۇسى ھەسسىلەپ كۈچىيىپتۇ. ئۇ يۈز قەدەم كەينىگە يېنىپ مۈشتىنى كۆتۈرگەنچە:

ـ بۇ قىزنىڭ كۆزىگە مۇشت بىلەن سالغۇم كېلىۋاتىدۇ، سالغۇم كېلىۋاتىدۇ، ـ دەپ يۈگۈرۈپ كەلگەنىكەن، قىز قورقۇپ:

ـ خۇش بولاي، كۆزۈمگە ئۇرماڭ، خۇش بولاي رەھىم قىلىڭ، ـ دەپ يالۋۇرۇپ يىغلىغىلى تۇرۇپتۇ. نادىر دەرھال:

ـ بۇ خېنىم مىنىپ ئولتۇرغان تامنىڭ ئورنىغا ئالتۇن راۋاق سالغۇم كېلىۋاتىدۇ، سالغۇم كېلىۋاتىدۇ، ـ دېگەنىكەن، قىز خۇشاللىقتىن ۋىلىقلاپ كۈلۈپتۇ. قىزنىڭ كۈلگىنىنى ھەم يىغلىغىنىنى پادىشاھمۇ، گۇۋاھچىلارمۇ ئېنىق كۆرۈپتۇ. دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەن پادىشاھ تەسلىكتە ئۆزىگە كەپتۇ ۋە:

ـ ئۈچىنچى شەرتىم شۇكى، سىزگە قىرىق توشقان بېرىمەن، توشقانلارنى قومۇغا سولاپ ئىنسانىنىڭ ئايىغى يەتمىگەن چۆلگە ئاپىرىپ باقىسىز، ۋاقتى قىرىق كۈن، بىرسىنىمۇ يوقىتىپ قويماسلىقىڭىز شەرت، بولمىسا كاللىڭىز تېنىڭىزدىن جۇدا بولىدۇ، ـ دەپتۇ. نادىر تەييارلىقنى تۈگىتىپ قىرىق توشقاننى قومۇغا سولاپتۇ. قومنى بىر تۆگىگە جايلاشتۇرۇپ، ئۆزى بىر تۆگىگە مىنىپ يولغا چىقىپتۇ. يەتتە كۈندىن كېيىن كەڭ كەتكەن توغراقلىقنىڭ ئارىسىدىكى توقايلىققا كېلىپ قاپتۇ. قارىسا بۇ جاينىڭ سۈيى مول، ئوت ـ چۆپلىرى يۇمشاقكەن. شۇڭلاشقا، توشقانلارنى مەشەدە بېقىش قارارىغا كەپتۇ.

يىراقراق بىر تۈپ تۇغراق تۈۋىدە بىر يۇڭلۇق ھايۋان ياتقانىكەن، نادىر كېلىپ قارىسا پۇتى سۇنۇپ كېتىپ تۈپتىن چۈشۈپ قالغان ئۆچكە ئىكەن. ئۇ ئۆچكىنى سويۇپ گۆشىنى كاۋاپ قىلىپ يەپتۇ. تۇغراق شېخىنى ئېگىپ گەردىش ياساپ، ئۆچكە تېرىسىدە داپ كەرىپتۇ، زېرىكسە داپنى دۈڭگۈلدۈك ـ دۈڭگۈلدۈك چالغىلى تۇرۇپتۇ. نەغمە ـ ناۋا ئاڭلىمىغىنىغا ھەپتە ـ ئون كۈن بولغان تاشقانلار خۇشال بولۇپ قۇمنىڭ ئىچىدە پۇتلىرىنى داپنىڭ رىتىمگە تەڭكەش قىلىپ سەكرىگىلى تۇرۇپتۇ. نادىر توشقانلارنى ئازادە ئوينىسۇن دەپ قۇمدىن چىقىرىۋەتكەنىكەن، توشقانلاردىن بىرسىمۇ قاچماي ئۇنىڭ ئالدىغا تىزىلىپ تۇرۇپتۇ. نادىر داپ چېلىپ، توشقانلار سەكرىشىپ كۆڭۈل ئېچىپتۇ. بىر كۈنى نادىر:

ــ رەھمەت توشقانلىرىم، بۇنىڭدىن كېيىن نەدە يايرىغىڭلار كەلسە شۇ يەردە يايراڭلار. لېكىن داپنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان ھامان دەرھال ئالدىمغا كېلىپ تىزىلىشنى ئۇنتۇماڭلار، ـ دەپ تاپىلاپتۇ. ھەم بۇنى بىر نەچچە قېتىم مەشىق قىلدۇرۇپتۇ. بىر كۈنى پادىشاھ يېقىنلىرى بىلەن سۆزلىشىپ:

ــ ئۇ يېتىم بالا ئالدىنقى ئىككى شەرتنىمۇ ئاسانلا ئورۇندىدى، قىرىق كۈن توشقاندا قىرىق توشقاننى قىرىق پېتى ساق ئېلىپ چىقسا قانداق قىلارمىز؟ ــ دەپتۇ. خانىش:

ــ ئۇ يېتىمەكنى ئۇنداق قىلماس دېگىلىمۇ بولمىغۇدەك، ئۆزلىرى جۇلجۇل كونا چاپاندىن بىرنى كىيسىلە، كونا تەلپەك ھەم پاخپاق ساقال بىلەن باشلىرىنى، يۈزلىرىنى نىقابلىسىلا، ئۇ سىلىنى ھەرگىز تونۇيالمايدۇ. مايماق ئېشەككە مىنىپ، ئات كاللىسىدەك ئالتۇن ئېلىپ ئۇنىڭ توشقان باققان يېرىگە بارسىلا. ئۇنىڭغا «مەن ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قالغانىدىم. تېۋىپقا كۆرۈنسەم توشقان گۆشى يېيىشىمنى بۇيرىدى. شۇ سەۋەبتىن يانلىرىغا كېلىپ قالدىم. مۇشۇ ئالتۇنغا بىر توشقان سېتىپ بەرسىلە» دېسىلە، ئۇ ئالتۇنغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن سىلىگە جەزمەن بىر توشقان بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ بىزگە كۈيئوغۇل بولۇش تەلىپىنى رەت قىلالايمىز، ـ دەپتۇ. بۇ مەسلىھەتنى باشقىلارمۇ بىر ئېغىزدىن قوللاپتۇ. پادىشاھ كونا چاپاننى كىيىپ، كونا تەلپەك ھەم پاخپاق ساقال بىلەن نىقابلىنىپ تۇغراقلىققا بېرىپتۇ. نادىر ئۇخلاۋاتقان ئىكەن. پادىشاھ:

ـ ھوي غوجام، ھوي، ــ دەپ ئويغىتىپتۇ. نادىر كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ، قاپىقىنى سۈرۈپ، ئەسنىۋەتكەندىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپتۇ. پادىشاھ بىر توشقان لازىم بولۇپ قالغىنىنى چۈشەندۈرۈپتۇ، نادىر پادىشاھنى ئاۋازىدىن تونۇپ قالغان بولسىمۇ، تونۇمىغان بولۇپ:

ــ بۇ توشقانلار پادىشاھنىڭ، بىرسىنى كېمەيتىۋەتسەم ئىككى بىلىكىمنى كېسىۋېتىدۇ، ماڭىمۇ جان لازىم، ـ دەپ تۇرۇۋاپتۇ.

ــ بۇ ئالتۇنغۇ بىر توشقان تېگىشىپ بېرەرسىز؟

ــ ئامانەتكە خىيانەت قىلىش ئېغىر گۇناھتۇر، ــ دەپتۇ نادىر ئالتۇنغا كۆز قىرىنى سالماي، پادىشاھ نادىرنى تەسىرلەندۈرۈش ئۈچۈن يالۋۇرۇپ يىغلاپتۇ. نادىر:

ــ بوپتۇ ئەمىسە، ئىنساننى ھاجەتتىن چىقىرىش ساۋابلىق ئىش. مەن سىزگە بىر توشقان بېرەي، لېكىن ئالدى بىلەن مېنىڭ تەلىپىمنى ئورۇنلاڭ، ــ دەپتۇ. پادىشاھ خۇشال بولۇپ:

ـ ھەر قانداق تەلەپلىرى بولسا ئورۇندايمەن غوجام، ـ دەپتۇ.

ـ ئەمىسە كىيىملىرىڭىزنى سېلىپ، يالىڭاچلىنىڭ، مەن سىزنى مىنىمەن، مەن توختاڭ دېمىگۈچە توختىماي چاپىسىز.

پادىشاھ يالىڭاچلىنىپ ئېشەكتەك تۆت پۇتلۇق بولۇپ تۇرۇپتۇ. ئۇ ناھايىتى سېمىز بولغانلىقتىن، بەدىنى ئۆپكىدەك لىغىرلاپ تۇرىدىكەن. نادىر پادىشاھقا ئەپلەشتۈرۈپ مىنىپ چوڭقۇردىن ئېگىزگە، ئېگىزدىن چوڭقۇرغا ھەيدەپتۇ. تېز ماڭمىسا چىۋىق بىلەن ساۋىداپمۇ قويۇپتۇ. پادىشاھ چەكسىز خورلۇق ھېس قىلغان بولسىمۇ، بۇ يەردە بۇ ئىشنى كۆرۈپ قالغان باشقا ئادەم بولمىغانلىقى ئۇنىڭغا تەسەللىي بوپتۇ. بىر توشقانغا ئىگە بولىدىغانلىقى ئۇنىڭغا چىدام، غەيرەت ئاتا قىپتۇ. نادىر پادىشاھنى پۇخادىن چىققىچە مىنىپ زېرىككەندە توختاپتۇ. توشقاندىن بىرنى تۇتۇپ ئۇنىڭغا بېرىپتۇ. پادىشاھ كۆڭلىدە «بۇ يېتىمەك توشقاندىن بىرنى كەملەتتى. ئاشۇرۇپ ئىنتىقام ئالالايمەن» دەپ خۇشال بولۇپ ئېشىكىگە مىنىپ شەھەرگە قاراپ يولغا چىقىپتۇ. ئارىدىن بىر ئاش پىشىمچە ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن نادىر داپنى قولىغا ئېلىپ دۈڭگۈلدۈك، دۈڭگۈلدۈك چالغىلى تۇرغانىكەن، بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ پادىشاھنىڭ قولتۇقىدىكى توشقان بىر سەكرەپلا قېچىپ نادىرنىڭ

ئالدىدىكى توشقانلارنىڭ قاتارىغا كىرىپ تۇرۇپتۇ. پادىشاھ يەنە بايىقىدەك خارلىنىشىدىن ئەنسىرەپ توشقاننىڭ كەينىدىن بارماي خاپا ھالدا شەھەرگە قاراپ يول ئاپتۇ. ئۇ ئۆيىگە كىرگەندە خوتۇنى:

— توشقان ئېلىپ چىقالىدىمۇ قانداق؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ياق، — دەپتۇ پادىشاھ پەرىشان ھالدا.

— توشقان بەرگىلى ئۇنىمىدىما؟

— ئۇ يېتىمەكنىڭ گېپىنى قىلماڭلا، ئادەم ئەمەس، ھايۋانكەن ئۇ، — دەپتۇ غەزەپ بىلەن، لېكىن تارتقان خورلۇقىنى دېمەپتۇ.

— سۆيۈملۈك شاھىم، — دەپتۇ خانىش، — ماڭا رۇخسەت قىلغايلا. مەن بېرىپ ئۇ يېتىم ئوغلاقتىن جەزمەن بىر توشقان ئېلىپ چىقمىسام كېيىنكى ئىشىمىز چاتاق.

— سىلە كىرمەڭلا. ئۇ ياۋۇز سىلىنى ئادەم بولغىنىڭلىغا تويغۇزىدۇ، — دەپتۇ پادىشاھ. خانىش بارىمەن، دەپ جاھىللىق بىلەن چىڭ تۇرىۋالغانلىقتىن پادىشاھ ئامالسىز ماقۇل دېيىشكە مەجبۇر بولۇپتۇ. خانىش نادىرنى مىڭ تەسلىكتە تېپىپ:

— جېنىم غوجام، ئېرىم كېسىلىنى داۋالىتىش ئۈچۈن بىر توشقان تەلەپ قىلسا بەرمەپلا، مەن ئالايىتەن مۇشۇ مۇشۇ ئىشقا كىردىم. ھەر قانداق شەرتلىرى بولسا ئورۇندىسام، بىر توشقان بەرگەن بولسىلا، — دەپتۇ. نادىر بولمايدۇ دەپ تۇرىۋاپتۇ. خانىش:

— مەن مىڭ مەرتىۋە خۇش بولاي. خۇدانىڭ ھەققىدە بىر توشقان بەرسىلە غوجام، — دەپ يالۋۇرۇپتۇ.

— بولمايدۇ. توشقاندىن بىرسى كېمەيسە، پادىشاھ ئىككى بىلىكىمنى كېسىدۇ، — دەپ تۇرۇۋاپتۇ نادىر.

خانىش نادىرنىڭ يۈزىنى سىلاپ، پۇتلىرىنى سۆيۈپ ئالەمدىكى ياخشى گەپلەرنىڭ ھەممىسىنى دەپتۇ. نادىر:

— بىر توشقان بەرسەم بېرەي. ئۆزلىرى خالاپ بىرنى تۇتۇۋالسىلا ئەمسە، — دەپتۇ. خانىش خۇشال بولۇپ توشقانلارنى قوغلاشقا باشلاپتۇ. توشقانلار زادىلا تۇتقۇزماپتۇ. نادىر گاھى ئۇ دۆڭدە، گاھى بۇ چوڭقۇردا، بىر ئۇياقتا، بىر بۇياقتا داپنى داراڭلىتىپتۇ. توشقانلار ئۇنىڭ كەينىدىن يۈگۈرۈشۈپ خانىشنى ھاردۇرىۋېرىپتۇ. خانىش نادىرنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ:

— مەن تۇتالمىدىم. ئۆزىڭىز تۇتۇپ بەرسىڭىز، ئات كاللىسىدەك ئالتۇندىن يەنە بىرنى بېرىشكە تىلخەت يېزىپ بېرەي، — دەپتۇ. نادىر ئۇنىڭغا شەھەرگە چىققاندا ئات بېشىدەك ئالتۇندىن يەنە بىرنى بېرىمەن دېگەن مەزمۇندا تىلخەت يازدۇرغاندىن كېيىن بىر توشقان تۇتۇپ بېرىپتۇ. خانىش ئېشىكىگە مىنىپ شەھەر تەرەپكە يول ئاپتۇ. ئۇ ئانچە يىراقلاشماي تۇرۇپلا نادىر دېپىنى داراڭلاتقانىكەن، خانىشنىڭ قولتۇقىدىكى توشقان بىرلا سەكرەپ نادىرنىڭ قېشىغا كېلىۋاپتۇ. خانىش نادىرنىڭ يەنە بىر توشقان تۇتۇپ بېرىشكە كۆزى يەتمەي كەينىگە يانماپتۇ. ئۇ ئېشىكى ھېرىپ قالسا پىيادە مېڭىپ، ئۆزى ھېرىپ قالسا ئېشىكىگە مىنىپ، مىڭ ئۆلۈپ، مىڭ تىرىلىپ جېنى تۇمشۇقىغا كەلگەندە شەھەرگە چىقىپتۇ. پادىشاھ خوتۇنىنىڭ قۇرۇق قول چىققىنىنى كۆرۈپ:

— توسقىنىمغا ئۇنىماي بېرىپ قۇرۇق قول كەپسىلەر، — دەپتۇ. خانىش ھېرىپ-ئېچىپ چىققانىنىڭ ئۈستىگە بۇ تەنبىھنى ئاڭلىشى ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك بىلىنىپ ئۆزىنى ئېشەكتىن يەرگە تاشلاپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئېرى بىلەن قىزى ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپتۇ. قىزى قىرىق كۈن توشقىلى ئاران ئون كۈن قالغىنىنى ھېسابلاپ ۋەھىمىسى ئۆلغىيىپتۇ. ئۇ بىر يېتىمنىڭ خوتۇنى بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن ھەر قانچە بەدەل تۆلەشكە تەييار بولۇپ نادىردىن بىر-ئىككى توشقان ئېلىپ چىقىشقا نىيەت قىپتۇ. پادىشاھ بىلەن خانىش:

— جېنىم قىزىم، بارماڭ دېدۇق، بارماڭ. ئۇنىڭدا رەھىم-شەپقەت دېگەن نەرسە يوق، — دەپ توسۇپتۇ.

— مەن ئۇنىڭ خوتۇنى بولۇشنى خالىمايمەن، ئۇنىڭدىن بىر-ئىككى توشقان ئېلىپ چىقمىسام ئەھۋال خەتەرلىك، مېنى بارغىلى قويۇڭلار، — دەپ تۇرۇۋاپتۇ. پادىشاھ بىلەن خانىش قىزىنى توسۇۋالالماپتۇ. قىز ئون كۈندىن ئازراق ۋاقىتتا بېرىپ كېلىش ئۈچۈن دادىسىنىڭ خەۋەرچىسى مىنىدىغان يۈگۈرۈك ئاتقا مىنىپ ئۈچ كۈندە نادىرنىڭ يېنىغا بېرىپتۇ. نادىر ئۇنى خۇشخۇي چىراي بىلەن قارشى ئاپتۇ، قىز چوڭ بىر خۇرجۇننىڭ ئىككى پېيىغا لىقمۇ لىق قاچىلانغان ئالتۇننى كۆرسىتىپ:

— مۇشۇنچىۋالا كۆپ ئالتۇنغا ئىككى توشقان سېتىپ بېرىڭ، — دەپتۇ. نادىر ئۇنى تونۇپ قالغانلىقىنى چاندۇرماي:

— توشقانلار ئۆزۈمنىڭ بولغان بولسا ھەممىسىنى دېسىڭىزمۇ مۇتقا بېرىۋېتەتتىم. پادىشاھنىڭ توشقانلىرىنىڭ بىر تال تۈكىنىمۇ بۇ ئالتۇنلىرىڭىزغا بېرەلمەيمەن، — دەپتۇ. قىز ئالەمدىكى تەسىرلىك

گەپلەرنىڭ ھەممىسىنى دەپمۇ نادىرنى ئېرىتەلمىگەنلىكتىن ئەڭ ئاخىرىدا:

ـ ماڭا قانداق تەلىپىڭىز بار، تارتىنماي ئېيتىڭ، ـ دەپتۇ.

ـ كىيىملىرىڭىزنى سېلىپ مېنى مۇرادىمغا يەتكۈزۈڭ، ـ دەپتۇ نادىر. قىز:

ـ مەن تېخى ياتلىق بولمىغان تۇرسام، سىزنى قانداقمۇ مۇرادىڭىزغا يەتكۈزەلەيمەن؟ مۇشۇ گەپنىلا دېمەڭ، ـ دەپتۇ.

ـ ئەمىسە مەندىن توشقان تىلىمەڭ، ـ دەپتۇ نادىرمۇ. قىز نادىرنى دادىسىنىڭ شەرتىنى ئورۇندىيالمايدىغان قىلالىسا نادىردىن قۇتۇلۇپ نى-نى شاھزادىلەرگە تېگەلەيدىغانلىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ نادىرنىڭ تەلىپىگە قوشۇلۇپتۇ. چىرايى كۆز يۇمۇپ ئاچقۇدەك سارغايغان قىز ھوشسىز ياتقىنىدا، نادىر ئۇنىڭ يۈزىگە مۆزدەك سۇنى پۈركۈپ ھوشىغا كەلتۈرگەندىن كېيىن توشقاندىن بىرنى تۇتۇپ ئۇنىڭغا بېرىپتۇ. قىز مەقسىتىگە يەتكىنىگە خۇشال بولۇپ، ئېتىغا مىنىپ، توشقاننى قولتۇقىغا چىڭ قىسىپ شەھەر تەرەپكە مېڭىپتۇ. ئۇنىڭ قارىسى يوقىلا ـ يوقالماي نادىر داپنى قولىغا ئېلىپ دوڭگىلدۈك ـ دوڭگىلدۈك چالغىلى تۇرۇپتۇ. قىزنىڭ قولتۇقىدىكى توشقان ئۆتكۈر تىرنىقى بىلەن ئۇنىڭ يۇمران بەدىنىنى تاتىلىغان ئىكەن، قىز:

ـ ۋايجان، ـ دەپ چىقىراپتۇ. دەل شۇ چاغدا توشقان سەكرەپ چۈشۈپلا نادىرنىڭ ئالدىغا كېلىۋاپتۇ. قىز قايتىپ نادىرنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

ـ توشقىنىم قېچىپ كەلدى. تۇتۇپ بېرىڭ، ـ دەپتۇ.

ـ چىڭ تۇتالماپسىز ئۆزىڭىزدىن كۆرۈڭ دەپتۇ نادىر.

قىز يەنە بىر تالاي يالۋۇرغاندىن كېيىن نادىر:

ـ ئۆزىڭىز خالاپ بىرنى تۇتۇۋېلىڭ، ـ دەپتۇ. قىز توشقانلارنى قوغلاپ ھېرىپ جېنى تۇمشۇقىغا كەپتۇ، لېكىن بىرىنىمۇ تۇتالماپتۇ. ئۇ ئاخىرى:

ـ ئۆزىڭىز تۇتۇپ بېرىڭ، ـ دەپ يېلىنىپتۇ. نادىر:

ـ مەنمۇ تۇتالىشىم ناتايىن ـ دەپتۇ. قىز:

ـ ئۇنداق دېمەي تۇتۇپ بېرىڭا ـ دەپ ئەگىلەپتۇ.

ـ توشقانلار تۆت پۇتلاپ قاچىدۇ. مەن ئىككى پۇتلاپ قوغلىسام يېتىشكىلى بولامدۇ؟ ـ نادىر ئاغزىدا ئۇنداق دېگىنى بىلەن كۆڭلىدە تۇتۇپ بەرگەن توشقاننىڭ قېچىپ كېلىدىغانلىقىنى ئويلاپ بىر توشقاننى قىزغا بېرىپتۇ. قىز نادىرغا رەھمەت دەپ ئېتىغا مىنىپ قايتىش سەپىرىگە ئاتلىنىپتۇ. بىر دەمدىن كېيىن بۇ توشقان داپنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ تىپىرلاپ كېتىپتۇ. قىز توشقاننى چىڭ تۇتۇۋاپتۇ، توشقان قىزنىڭ بارمىقىنى چىشلىگەن ئىكەن، قىز:

ـ ۋايجان، ـ دەپ توۋلاپ توشقاننى قويۇۋېتىپتۇ. ئۇ نادىرنىڭ ئالدىغا ئۈچىنچى قېتىم بېرىشقا جۈرئەت قىلالماي «بېشىمغا كەلگەننى كۆرەرمەن» دەپ شەھەرگە قاراپ ئات چاپتۇرۇپتۇ. شاھ بىلەن خانىش قىزىنىڭ سارغايغان چىرايىدىن ئەھۋالنى چۈشىنىپتۇ. قىز نومۇستىن ھۆركىرەپ يىغلاپ ئۆزىنى توختىتالماپتۇ. شاھنىڭ ۋەھىمىسى كۆچىيىپ، غەزىپى ئۆرلەپ كېچىلىرى ئۇيقۇسى قېچىپتۇ.

قىرىق كۈن توشقان كۈنى نادىر قىرىق توشقاننى قىرىق پېتى شاھنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ. بۇيەردە ۋەزىرلەردىن باشقا پۇقرالارمۇ بولغاچقا پادىشاھ لەۋزىدىن يېنىۋېلىشقا ئامالسىز قاپتۇ. ئۇ چىرايى بۇزۇلغان ھالدا:

ـ بوپتۇ، ئۈچ شەرتىمنى ئورۇندىدىڭىز، ئەلچىلىرىڭىزنى ئەۋەتىڭ. ئۇلار بىلەن توي تەييارلىقىنى مەسلىھەت قىلايلى ـ دەپتۇ. نادىر ماقۇل دەپ قايتىپ كېتىپتۇ. ئىككى خىزمەتچىسىگە:

ـ پادىشاھنىڭ شەرتلىرىنى ئادا قىلىپ بولدۇم. ئىككىڭلار بېرىپ تويىنىڭ تەييارلىقىنى مەسلىھەتلىشىپ كېلىڭلار دەپتۇ. قادىر:

ـ بىزنىڭ بېرىپ كېلىشىمىز بىر قېتىم بىلەن ئاخىرلاشماسلىقى مۇمكىن. ئارىلىق يىراق. تويىنىڭ ۋاقتىنى كەينىگە سۈرمەسلىك ئۈچۈن ئوردىغا يېقىنراق جايغا كۆچۈپ كەتسەك بولاتتى، ـ دەپتۇ. بۇ تەكلىپ نادىرغىمۇ يېقىپتۇ. ئۈچ يىگىت نەرسە كېرەكلىرىنى ئارغىماقلىرىغا ئارتىپ، ئۆزلىرى پىيادە مېڭىپ ئوردىغا يېقىنراق بىر مەھەللىگە كېلىپ ئورۇنلىشىپتۇ. قادىر بىلەن سادىر ئوردىغا ـ شاھنىڭ ئالدىغا كىرىپ:

ـ پادىشاھى ئالەم بىز توي تەييارلىقىنى مەسلىھەتلىشەيلى دەپ كەلدۇق، ـ دەپتۇ.

ـ ئەمىسە ئۇنىڭغا يەتكۈزۈڭلار، ـ دەپتۇ شاھ ئۇلارنى ياقتۇرمىغان قىياپەتتە، ـ ماڭا كۈيئوغۇل بولۇشنى ھەقىقەتەن ئارزۇ قىلسا ئۆيىنىڭ ئالدىدىن ئوردىنىڭ دەرۋازىسىغىچە كەڭلىكى ئالتە غۇلاچ، ئېگىزلىكى بىر غۇلاچ يول ياسىسۇن. يولنىڭ ئۈستى ئالتۇن بىلەن

كۆمۈشتە سۇۋالسۇن. يولنىڭ ئىككى تەرىپىگە تۆت قاتاردىن مېۋىلىك كۆچەت سالسۇن. يەنە ئۆيلىرىنى يېڭىلاپ سالسۇن، ئۆينىڭ ئىچ تاملىرىنى ئالتۇن بىلەن، تاشقى تاملىرىنى كۈمۈش بىلەن سىرلىسۇن، تۈۋرۈكلىرى، بالالىرى مەرۋايىتتىن بولسۇن، ئىشىكلەرنى ياقۇت بىلەن زىننەتلىسۇن. يۇقىرىدىكى ھەممە ئىشلارغا ئۈچ كۈن مۆھلەت بىرىمەن. مۆھلەتتىن ئېشىپ كەتسە سىلەرمۇ مېنىڭ ئالدىمغا يەنە كەلمەڭلار. ئۇمۇ ماڭا كۈيئوغۇل بولمەن، ـ دېمىسۇن، ـ دەپتۇ. قادىر بىلەن سادىر:

— خوپ بولغاي، — دەپ سالام بىلەن كەينىگە مېڭىپ قايتىپ چىقىپتۇ. نادىر ئۇ ئىككىسىدىن پادىشاھنىڭ تەلىپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن:

ـ مەن قىلالمايدىغان ئىشلار ئەمەسكەن، — دەپتۇ. ئۇ دەرھال شەھەرنىڭ ئىشلەمچىلەر بازىرىغا بېرىپتۇ. ئالۋان-سېلىقنىڭ كۆپلۈكىدىن خەلق نامراتلىشىپ، ئىشلەمچىلەر ئاۋۇپ بازارنى قاپلاپ كەتكەنىكەن. نادىر ئىشلەمچىلەردىن ئىككى مىڭنى باشلاپ كېلىپ ھەر بىرىگە ياسىلىدىغان يولدىن ۋەزىپە تەقسىم قىلىپ بېرىپتۇ. يەنە ئىككى مىڭ ئىشلەمچىگە مېۋىلىك كۆچەتلەرنى تىكىپ سۇغۇرۇشنى بۇيرۇپتۇ. يېتەرلىك ئۇستا-ھۈنەرۋەنلەرنى تېپىپ ئۆي سېلىشنى باشلاپتۇ. چايخالتا ئالتۇن-كۈمۈشلەرنى يېتەرلىك تەمىنلەپ تۇرۇپتۇ. ئىشلار پادىشاھنىڭ مۆھلىتى بويىچە ئۈچ كۈندە ئاخىرلىشىپتۇ. نادىر ھۈنەرۋەنلەرگە ۋە ئىشلەمچىلەرگە كېلىشكىنى بويىچە ئىش ھەققىنى بەرگەندىن تاشقىرى كاتتا زىياپەت ھازىرلاپ مېھمان قىپتۇ. ئۇ ئىككى خىزمەتچىسىنى پادىشاھقا تەييارلىق پۈتكەنلىكىنى مەلۇم قىلىشقا ئەۋەتىپتۇ. ئىككى خىزمەتچى ئالتۇندا سىرلانغان يولدا مېڭىپ ئوردىغا كېلىپ:

— پادىشاھ جانابلىرى، ئۆيىنى، يولنى ياساپ بولدۇق. تەلەپلىرىگە لايىقمۇ، ئەمەسمۇ، كۆزدىن كۆچۈرۈپ باققايلا، — دەپتۇ. پادىشاھ خانىشنى ھەم ۋەزىر-ۋۇزرالارنى ئەگەشتۈرۈپ دەرۋازىدىن چىققانىكەن، يولنىڭ يالت-يۇلت چاقنىشىدىن كۆزلىرىنى ئاچالماي قېلىشىپتۇ. ئۇلار ئۆيىدىن نۇقسان تېپىشنى نىيەت قىلىشىپ مېڭىشىپتۇ. يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە مەي باغلاپ پىشقان ئۈزۈم، ئەنجۈر، ئانار، ئالما، شاپتۇللارنى تويغىچە يەپ نادىرنىڭ يېڭى ئۆيىگە كەلگىنىنى سەزمەيلا قاپتۇ. پادىشاھ بىلەن خانىش بۇ ئۆيلەرنىڭ ئۆزلىرى دېگەندىن ئارتۇق ھەشەمەتلىك سېلىنغىنىنى كۆرۈپ قىلچە نۇقسان تاپالماپتۇ. ۋەزىر-ۋۇزرالارمۇ ھەيران بولۇپ:

— ئۆمرىمىزدە بۇنداق ئالىي ئۆينى كۆرمەپتىكەنمىز، ئەي شاھىمىز، ئەمدى ئوردىنىمۇ مۇشۇ نۇسخىدا سالماقلىرى زۆرۈر، — دېيىشىپتۇ. پادىشاھ نادىرنى كۈيئوغۇل قىلماسلىققا باھانە تاپالماي ئىككى ئەلچىگە:

— بولدى، قىزىمنى ئۇنىڭغا ياتلىق قىلىشقا قوشۇلدۇم. ئۇنى چاقىرىڭلار، مەن بىلەن دىدارلاشسۇن، ـ دەپتۇ. بۇ چاغدا نادىر ئۆگزىدە ئولتۇرۇپ بۇلارنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاۋاتقان ئىكەن، ئۇ دەرھال پەسكە چۈشۈپ قېيناتىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ سالام بەرگەندىن كېيىن:

— ئىلتىپاتلىرىغا بارىكاللا شاھ ئاتا، — دەپتۇ. پادىشاھ ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ:

— ئىككىڭلار ئۆمرۈڭلىرىنىڭ ئاخىرىغىچە بىر-بىرىڭلارغا سادىق بولۇپ بەختلىك ياشاڭلار، — دەپتۇ. ئاندىن نادىر بىلەن ئايرىم پاراڭلىشىپ، تويىنى ئاددىي ئۆتكۈزۈشنى خالايدىغانلىقىنى، خەزىنىسىدە ئالتۇننىڭ ئۈنچىۋالا جىق ئەمەسلىكىنى ئېيتىپتۇ.

ـ خاتىرجەم بولغايلا، شاھ ئاتا، — دەپتۇ نادىر ئاتا-بالا بولىدىغان بولدۇق. سېنىڭ-مېنىڭ دېيىشمەيمىز، تويىنى ئاددىيلا قىلساق ماڭىمۇ مەيلى. ئۆزلىرىنىڭ شاھلىق ئابرۇيلىرىغا نۇقسان يېتىدۇ. بارلىق چىقىم مەندىن بولسۇن، تويىنى قىرىق كېچە-كۈندۈز ئۆتكۈزەيلى، ـ دەپتۇ. پادىشاھ ماقۇل بولۇپتۇ. نادىر شۇ قەدەر سېخىلىق قىلىپتۇركى، قوي-كالىلار توپ-توپ سويۇلۇپ ئاش-گۆشلەر ئارقا-ئارقىدىن تارتىلىپتۇ. مېھمانلار يېمىگەن غىزا، ئىچمىگەن شەربەت، ئوينىمىغان ئويۇن، قىلمىغان شوخلۇق قالماپتۇ. شەھەر خەلقى قىرىق كۈنگىچە ئۆيىدىن بىر چىشلەم نان يېمەپتۇ، بىر يۇتۇم سۇمۇ ئىچمەپتۇ. توي بولۇپ ئارىدىن ئۈچ ئاي ئۆتۈپتۇ. بىر كۈنى نادىرنىڭ خوتۇنى ئۇنىڭغا:

ـ ئاتا-ئانامنى سېغىنىپ قالدىم. رۇخسەت قىلسىڭىز كۆرۈشۈپ كېلەي، — دەپتۇ. نادىر رۇخسەت قىپتۇ. خانىش ئۆيىدە قىزى بىلەن مۇڭدىشىپ ئولتۇرۇپ:

ـ ۋاي قىزىم، ئېرىڭىز ھەممە شەرت-تەلەپلىرىمىزنى ئادا قىلىپ مۇرادىغا يەتتى. قانداق سىر-خاسىيىتى باردۇ دەپ ھەيرانمەن، بىلىپ باقسىڭىز بوپتىكەن، — دەپتۇ. قىز قايتىپ كەپتۇ. بىر كۈنى ئېرىنىڭ قۇچىقىدا يېتىپ:

— سىلە قىلالمايدىغان ئىش يوقكەن، بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ — دەپ سوراپتۇ.

— پۇل بولسا ھەممە ئىشنى قىلغىلى بولىدۇ.

ــ سىلىدە پۇل دېگەن شۇ قەدەر جىقما؟

ــ ئــاۋۇ تامــدىكى مىخقــا ئىلىقلىــق چايخــالتىنى كۆردىڭىزما؟ مەن ئۇنىڭ ئىچىگە قول سالساملا لازىملىق ئــالتۇن ئــالالايمەن، پــۇل دېــگەن سەتنى ئــۈز قىلىــدۇ، مايمــاقنى تــۈز قىلىــدۇ، يىراقنــى يېــقىن قىلىــدۇ. توختــام سۇنى ئېقىن قىلىــدۇ، پاكــارنى ئېگىــز قىلىــدۇ، شــاكالنى مېغىز قىلىدۇ، قۇمنى سېغىز قىلىدۇ، كۆتەكنى پــارچىلاپ ئوتۇن قىلىدۇ، سىزدەك شاھ قىزنــى مەنــدەك يېتىمگە خوتۇن قىلىــدۇ، ــ دەپتــۇ. ئەتىسى نادىرنىــڭ خوتــۇنى ئېرىدىن بــۇرۇن ئويغىنىــپ چاي خــالتىنى ئېلىــپ ئاتــا ـ ئانىسىنىڭ ئۆيىگە بېرىۋاپتــۇ. لېكىن چايخالتــا نــادىردىن ئايرىلسا خاسىيىتىنى يوقىتىغانلىقى ئۈچۈن خانىشقا پايدا بەرمەپتــۇ. نــادىر چايخالتــىدىن ئــايرىلىپلا ئالتۇنــدىن ياســىغان يــوللىرى، مەرۋايىــت تــۈۋرۈكلــۈك ئــۆيلىرى، مېۋىلىك كۆچەتلىرى غايىب بوپتۇ. ئۇ ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ ئــۆزىنى كونــا تــام تــۈۋىــدە كۆرۈپتــۇ، نــادىر ئىككــى خىزمەتچىسىگە:

ــ چايخالتامنى خوتۇنــۇم ئــوغرىلاپ كېتىــپ ھەمــمە نەرسىلىرىمدىن مەھرۇم بولدۇم. ئەمــدى مېنــى ئىككىڭــلار بېقىڭلار، ـ دەپتۇ. قادىر بىلەن سادىر:

ـ بىزگە بەرگەن پۇلۇڭلارغا يارىشا ئىشقا سالدىڭلار، ئەمدى بىزدە ھەققىڭلار قالمىدى، بىزگە ئېسىلىۋالماڭلار، ـ دەپتۇ.

ــ رەھــم قىلىڭــلار ئــاغىنىلەر، ــ دەپتۇ يــالۋۇرۇپتۇ نادىر. قادىر بىلەن سادىر مەسلىھەتلىشىپ پەرىزات قىز بەرگەن جىلىتكىنــى نادىرغــا بېرىپتــۇ. جىلىــتكە ئــۇ ئىككىسگە خاسىيىتىنى بىلــدۈرمىگەنلىكتىن جىلىتكىنى ئارتۇقچە يۈك دەپ تاشــلىۋەتمەكچى بولــۇپ تۇرغــانىكەن. نادىر:

ـ ئاغىنىلەر، ماڭا بۇ نەرسىنى بەرگىچە بىر چىشلەم نان بەرگەن بولساڭلارچۇ، ـ دەپتۇ.

ـ خۇش بولساڭلا كىيىڭلا، بولمىسا تاشلىۋېتىڭلا، ـ دەپتــۇ ئىككىــسى. نــادىر جىلىتكىنــى كىــيگەن ئىــكەن، ئۇنىڭ ئالدىدا تۆت مىڭ ئەسكەر قىلىچ ـ ئوقيالار بىــلەن قوراللانغـــان ھالـــدا تىزىلىـــپ تۇرغـــدەك، نـــادىر «جىلىتكىنىــڭ خاسىيىتى قــالتىس ئىــكەن، بــۇ بەكمــۇ ئوبدان ئىش بولدى» دەپ ئەسكەرلەرنى باشلاپ ئــوردا دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا بارغانىكەن، پادىشاھ بىلەن ۋەزىر ـ ۋۇزرالار قورقــۇپ ئالاقزادىلىك بىــلەن تەرەپ ـ تەرەپلەرگە قېچىــپ كېتىپتــۇ. قېچىــپ يوشۇرۇنۇشــقا ئۈلگــۈرەلمىگەن خــانىش بىــلەن قىزنــى تۇتۇۋالغــان نــادىر چايخــالتىنى قولىغا ئېلىپتۇ. شۇ ھامان نــادىر ياسىغان ئــالتۇن يــول، مەرۋايىت ئۆي، جەننەتــتەك بــاغ ئەسلىگە كەپتــۇ. نــادىر جىلىتكىنى سالغانىكەن، تۆت مىڭ ئەسكەر غايىب بوپتۇ. ئۇ خوتۇنىنى ئەگەشتۈرۈپ ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ باياشات تۇرمۇشــىنى داۋاملاشــتۇرۇپتۇ. ئارــىدىن يەنە ئــۈچ ئــاي ئۆتۈپتۇ. بىر كۈنى نادىرنىڭ خوتۇنى ئېرىگە:

ــ دادام بىــلەن ئانــامنى كۆرگــۈم كېلىــپ كەتتــى. ئۇلارنىــڭ يېنىــدا بىــر ـ ئىككــى كــۈن تــۇرۇپ كېــلەي، ــ دەپتــۇ. نــادىر مــاقۇل كەپتــۇ. خــانىش قىــزى بىــلەن مۆگدىشىپ ئولتۇرۇپ:

ــ ئېرىــڭ شــۇنچىۋالا جىــق ئەســكەرنى نەدىــن ئەكەلگەنــدۇ؟ بىلىــپ باقــساڭ بــوپتىكەن، ــ دەپتــۇ. نادىرنىــڭ خوتــۇنى كېچىــسى ئۇنىــڭ قــۇچىقىــدا يېتىــپ تۇرۇپ:

ـ ئەسكەرلەرنى نەدىن تاپتىڭىز؟ ـ دەپ سوراپتۇ.

ــ جىلىتكىنىــڭ خاسىيىتى، ــ دەپتــۇ نــادىر. ئــۇ ئــۇخلاپ قالغانــدا خوتــۇنى چايخالتــا بىــلەن جىلىتكىنــى ئېلىپ ئانىسىنىڭ يېنىغا بېرىۋاپتۇ. نادىر يەنە كونا تام تۈۋىدە ئويغىنىپتۇ. مەرۋايىت ئۆيلىرى، ئــالتۇن يــوللىرى، مېۋىلىك باغلىرى غايىب بوپتۇ. ئۇ قادىر بىــلەن سادىرغا ئاغىنىــدارچىلىقنىڭ يــۈزىنى قىلىــپ يــاردەم بېرىــشنى ئۆتۈنۈپتۇ. قادىر بىلەن سادىر قۇتۇلالماي قالغان چىغ قالپــاقنى ئۇنىڭغــا بېرىپتــۇ. نــادىر چىــغ قالپــاقنى كىــيگەنىكەن ئــۆزىنى ئــۆزى كۆرۈپتــۇ، باشــقىلارغا كۆرۈنمەپتــۇ. ئــۇ چىــغ قالپاقنىــڭ بــۇ خاســىيىتىدىن پايــدىلىنىپ خالىغــان ئاشــخانىلارغا بېرىــپ قورســقىنى تويغۇزۇپتۇ. ئانــدىن ئوردىغا كىرىپتــۇ. ئــۇ بىــر ھۇجرىغا كىرىپ خورەك تارتىپ ئۇخلاۋاتقان خانىشنىڭ كانىيىدىن قــاتتىق سىقىپتۇ. خــانىش نەپەس ئالالمــاي ئويغىنىــپ كېتىپتۇ. قارىسا ئۆيدە ئۆزىدىن باشقا ھېچ كىشى يوق. يەنە كــانىيى بايىقىــدىن بەكــرەك قــاتتىق ســىقىلىپ، قوييۇۋېتىلىپتۇ. خانىش كۈچىنىڭ بارىچە:

ـ ئادەم بارمۇ؟ مېنى قۇتقۇزۇڭلار، ـ دەپ ۋارقىراپتۇ. پادىشاھ خانىشنىڭ ۋەھىملىك ئاۋازىنى ئاڭلاپ يۈگۈرۈپ كىرسە، ئۆيــدە خوتۇنىــدىن باشــقا بىرمــۇ كىــشى يــوق، خانىش تىپىرلاپ بارماقلىرى بىلەن ئۆزىنىڭ كانىيىنى تــاتىلاۋېتىپتۇ. بــارا ـ بــارا بولالمــاي كــۆزلىرى چەكچىيىــپ كېتىپتۇ. پادىشاھ «خانىشقا جىن چاپلاشقان ئوخشايدۇ» دەپ ئۇنى قۇچاقلاپ كۆتۈرگىنىچە ئۆزىنىڭ ھۇجرىسىغا

ئېلىپ چىقىپتۇ. خانىشنىڭ بېشى ياستۇققا تېگىشى بىلەن ئۇنىڭ گېلىنى كۆچلۈك ئىككى قول قاتتىق سىقىپتۇ. خانىش گەپ قىلالمىغانلىقتىن ئېرىنى قول ئىشارىتى بىلەن ياردەمگە چاقىرىپتۇ. پادىشاھ خانىشنىڭ گېلىنى تۇتۇپ باقماقچى بولۇپ قولىنى سۇنغان ئىكەن، ئىككى قول ئورۇنۇپتۇ، ئەمما ئادەم كۆرۈنمەپتۇ. پادىشاھ:

- ئادەم بارمۇ؟ - دەپ ۋارقىرىغان ئىكەن.

- زۇۋانىڭنى يىغ! - دېگەن ئاۋاز بىلەن تەڭ قاتتىق ئىككى پەشۋا ئۇنى تامغا ئۇستۇرۇپتۇ، نادىر بېشىدىن چىغ قالپاقنى ئالغانىكەن، پادىشاھ بىلەن خانىش ئۇنى كۆرۈپ هاڭ-تاڭ قاپتۇ. نادىر:

- قېينانا چايخالتامنى، جىلتكەمنى، خوتۇنۇمنى قولۇمغا بىرمەلا ياكى گاللىرىنى سىققىلى تۇرامدىمەن؟ - دەپ سورىغان ئىكەن، خانىش:

- بېرىمەن، بېرىمەن، - دەپ پالاقلاپ يۈگۈرۈپ بېرىپ چايخالتىنى، جىلتكىنى، قىزىنى ئېلىپ كېلىپ نادىرغا تاپشۇرۇپتۇ. ئارىدىن ئۈچ ئاي ئۆتۈپتۇ. نادىرنىڭ خوتۇنى يەنە:

- ئانامنى، دادامنى كۆرگۈم كېلىپ قالدى. ئۆيگە بېرىپ كەلسەم بولاتتى، - دەپ ئېرىنىڭ ماقۇللىقىنى قولغا كەلتۈرۈپتۇ. خانىش قىزى بىلەن گەپلىشىپ ئولتۇرۇپ:

— ۋاي قىزىم، ئېرىڭىز باشقىلارنىڭ كۆزىگە كۆرۈنمەي هەر ئىشلارنى قىلالايدىكەن، بۇنىڭ سەۋەبى نېمىكىن، بىلىپ باقسىڭىز بوپتىكەن، - دەپتۇ. قىزى ئېرىنىڭكىگە قايتىپ كېلىپ بىر نەچچە كۈندىن كېيىن ئۇنىڭ قويىندا يېتىپ:

— سىز خەقنىڭ كۆزىگە كۆرۈنمەسلىكنى بىلىدىكەنسىز، بۇنى كىمدىن ئۆگەنگەنتىڭىز؟ - دەپ سوراپتۇ. بۇ قېتىم نادىر بۇنىڭ سىرىنى دېگىلى ئۇنىماپتۇ. لېكىن هېلىگەر خوتۇن ناز-كەرەشمە تورلىرىنى كەڭ يېيىپ، ئېرىنى ئىشق-مۇهەببەت شەربىتى بىلەن مەست قىلىپ چىغ قالپاقنىڭ سىرىنى بىلىۋاپتۇ. ئۇ ئېرى ئۇخلاپ قالغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ چايخالتا، جىلتكە، چىغ قالپاقنى ئېلىپ ئانىسىنىڭ ئۆيىگە كېتىۋاپتۇ. نادىر يەنە كونا تام تۈۋىدە ئويغىنىپتۇ. نادىر ئاغىنىلىرىدىن ياردەم تەلەپ قىلغانىكەن، ئۇلار:

- بولدى ئەمدى، سىلىگە بېرىدىغان نەرسىلىرىمىز تۈگىدى، پېشانەڭلىدىكىنى كۆرۈڭلار، - دەپتۇ. نادىر كىشىلەرنىڭ ئوتۇنىنى يېرىپ، سۇيىنى توشۇپ،

ئەخلەتلىرىنى يۆتكەپ بېرىپ گېلىنى بېقىپتۇ. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ ئۇخلاۋېتىپ كۆرگەن چۈشىدە چاچلىرى پاختىدەك ئاقارغان بىر بوۋاي:

- ئوغلۇم، مەخپىيەتلىرىڭنى خوتۇنىڭغا ئاشكارىلاپ قويغىنىڭ ئۈچۈن سېنى كەينى-كەينىدىن نەس بېسىۋەردى. سەن ئەتە سەهەر ئورنىڭدىن تۇرۇپ قىبلىگە قاراپ يەتتە كېچە-كۈندۈز يول ماڭساڭ ساڭا بىر باغ ئۇچرايدۇ. ئۇ مېنىڭ بېغىم، سەن باغقا پەرۋىش قىلساڭ بارلىق هاجىتىڭ هەل بولىدۇ، - دەپتۇ. نادىر هىممەت كەمىرىنى چىڭ باغلاپ قىبلىگە قاراپ يەتتە كېچە-كۈندۈز يول ماڭغانىكەن، راست دېگەندەك بىر كاتتا باغ ئۇچراپتۇ. باغقا كىرىپ قارىسا ئالما، ئانار، نەشپۈت، ئۈزۈم، شاپتۇل كۆچەتلىرىنىڭ تۈۋىدە ئوت-چۆپلەر ئۆسۈپ كېتىپتۇ. ئۇ ئىككى تۈپ كۆچەتنىڭ تۈۋىنى ئوتاپ ئوت-چۆپلەرنى غارال ئىچىدە مەرىشىپ تۇرغان ئۆچكىلەرگە تاشلاپ بېرىپتۇ. قورسىقى ئېچىپ قايسى مېۋىنى يېسەم بولاركىن دەپ تۆت تەرەپكە قارىغىلى تۇرۇپتۇ. شۇ چاغدا بىر قىزنىڭ:

—مە يەرگە كېلىپ گۆش يەڭ، —دېگەن نازۇك ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. نادىر ئاۋاز كەلگەن تەرەپكە ئۇنبەش-يىگىرمە قەدەم ماڭغان ئىكەن، ئىشكى ئوچۇق تۇرغان بىر هۇجرىدىن بايىقى قىزنىڭ:

—مەرهەمەت، - دېگەن ئاۋازىنى ئاڭلاپتۇ. نادىر بۇ ئۆيگە كىرىپ قارىسا داستىخاندا نان، گۆش، چىنە-چەينەكلەر تىزىقلىق تۇرغىدەك. لېكىن بىرمۇ ئادەم كۆرۈنمەپتۇ. ئۇ قورسىقىنى تويغۇزۇپ بولۇپ كۆچەتلەرنىڭ تۈۋىنى چاناپ ئوت-چۆپلەرنى تازىلاپ بىر هارغىچە ئىشلەپتۇ. ئۇسساپ كېتىپ نەشپۈتتىن بىرنى ئۈزۈپ يېگەن ئىكەن، بايتال ئاتقا ئايلىنىپ قاپتۇ. «بۇ قانداق بولغىنى، مەن ئادەم ئىدىمغۇ» دەپ ئويلىنىپ تۇرسا، هېلىقى قىزنىڭ:

- نەشپۈت قېقى يەڭ، - دېگەن ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. نادىر شېخىدا قۇرۇپ قالغان نەشپۈت قېقىدىن بىرنى تېپىپ يېگەن ئىكەن، ئادەمگە ئايلىنىپتۇ. ئۇ كۆزىگە چىرايلىق كۆرۈنگەن بىر ئالمىنى ئۈزۈپ يېگەنىكەن، ئايغىر ئاتقا ئايلىنىپ قاپتۇ. «ئەمدى قانداق قىلارمەن؟» دەپ بېشى قېتىپ تۇرغاندا هېلىقى قىزنىڭ:

- ئالما قېقى يەڭ، - دېگەن ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. نادىر شېخىدا قۇرۇپ قالغان ئالما قېقىدىن بىر تال يېگەنىكەن، ئادەم سۈپىتىگە قايتىپتۇ. ئۇ كۆڭلىدە بىر

ئىشنى پەملەپ بىر سېۋەتكە ئالما بىلەن نەشپۈتنى، يەنە بىر سېۋەتكە ئالما قېقى بىلەن نەشپۈت قېقىنى قاچىلاپ مىسىر شەھىرىگە بېرىپتۇ. ئوردىغا يېقىن، پادىشاھ ئۆتىدىغان يولنىڭ دوقمۇشىدا باققال سىياقىدا ئولتۇرۇپتۇ. بىر دەمدىن كېيىن بۇ يەرگە قىزىنى ئەگەشتۈرۈپ پادىشاھ يېتىپ كەپتۇ. نادىر دەرھال ئۇلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

- پادىشاھى ئالەم، مەلىكە خېنىم، تېتىپ باققايلا، - دەپ شاھقا بىر ئالما، قىزىغا بىر نەشپۈت بېرىپتۇ. پادىشاھ بىلەن قىزى بۇ «سوۋغات»نى يەپلا دادىسى ئايغىرغا، قىزى بايتالغا ئايلىنىپ قاپتۇ. نادىر ئۇچرىغانلىكى ئەرلەرگە ئالما، قىز-ئاياللارغا نەشپۈت بېرىۋېرىپتۇ. شەھەر كوچىلىرىدا ئايغىرلار بايتاللارنى قوغلاشقىلى تۇرۇپتۇ. خېلى ۋاقىتتىن كېيىن شاھنى ئىزدەپ چىققان خانىش بۇ كۆرۈنۈشتىن ھاڭ-تاڭ قاپتۇ. ئۇ يول ياقىسىدىكى دورا دۇكىنىنىڭ ئىگىسىدىن:

— پادىشاھنى كۆردىلىمۇ؟ — دەپ سوراپ. پادىشاھنىڭ ئايغىرغا، قىزىنىڭ بايتالغا ئايلىنىپ قالغىنىنى، ئايغىر بايتالنى قوغلاپ تاغ تەرەپكە كەتكىنىنى بىلىپتۇ. ئۇ «ھېلىقى ھىيلىگەر يېتىمەكنىڭ قىلغان ئىشى بۇ» دەپ ئويلاپ يۈرىكى ئەلەمدىن يېرىلغۇدەك بولۇپتۇ. ئۇ ئوردىغا كىرىپ ھەممە ۋەزىر-ۋۇزرالارنى جەم قىلىپ ئەھۋالنى مەلۇم قىلغاندىن كېيىن:

- قايسىلىرى تاغ تەرەپلەرگە بېرىپ پادىشاھ بىلەن قىزىمنى ئەكىلىپ بەرسىلە ئات كاللىسىدەك ئالتۇن بېرىمەن، - دەپتۇ. بىرمۇ كىشىدىن:

- مەن ئەكىلىپ بېرەي، - دەپ زۇۋان چىقماپتۇ. خانىش ئاخىر نادىرنى چاقىرتىپ كەلتۈرۈپتۇ. نادىر قېينانىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن:

- ئاۋۋال مېنىڭ چايخالتامنى، جىلتىكەمنى، چىغ قالپىقىمنى قايتۇرۇپ بەرسىلە، - دەپتۇ. خانىش ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى ئورۇنلاپتۇ. نادىر جىلتىكىنى كىيگەنىكەن، تۆت مىڭ ئەسكەر ئالدىغا تىزىلىپ تۇرۇپتۇ. ئۇ ئەسكەرلىرىگە كوچىدا قوغلىشىپ يۈرگەن ئاتلانى بىر-بىرلەپ تۇتۇپ ئايغىرلارغا ئالما قېقى، بايتاللارغا نەشپۈت قېقى يېگۈزۈشنى بۇيرۇپتۇ. نادىرنىڭ بۇيرۇقى ئىجرا قىلىنىپ ئايغىرلار ئەرلەرگە، بايتاللار قىز-ئاياللارغا ئايلىنىپتۇ. ئۇلار ئۆيلىرىگە قايتىپ شەھەرنىڭ خاتىرجەملىكى ئەسلىگە كەپتۇ. نادىر جىلتىكىسىنى سېلىپ ئەسكەرلەرنى كۆزدىن غايىب قىلىۋېتىپتۇ. پەقەت پادىشاھ بىلەن قىزىلا ئۆيگە كەلمەپتۇ. خانىش:

- ئەقىللىق كۈيئوغلۇم، قېيناتىڭىز بىلەن خوتۇنىڭىز تېخىچە ئۆيگە كەلمىدى، - دەپتۇ. نادىر:

- سىلە ھەم بارلىق ۋەزىلەر مېنى پادىشاھ دەپ ئېتىراپ قىلىپ تىلخەت يېزىپ بەرمىگىچە ئۇ ئىككىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرمەيمەن، - دەپتۇ. خانىش ئېرىنىڭ ئادەم سىياقىغا قايتىشىنى پادىشاھلىقىدىن ئەۋزەل بىلىپ، ۋەزىر-ۋۇزرالارغا يالۋۇرۇپ نادىرنىڭ تەلىپى بويىچە تىلخەت يازدۇرۇپتۇ. بۇ تىلخەتكە ھەممەيلەن بارمىقى بېسىپتۇ. نادىر بۇنىڭ بىلەنلا قالماي خانىشقا شاھلىق تامغىنى، خەزىنىنىڭ ئاچقۇچلىرىنى تاپشۇرۇشنى بۇيرۇپ ئىجرا قىلدۇرۇپتۇ. ئۇ جىلتىكنى كىيگەن ئىكەن، تۆت مىڭ ئەسكەر ھازىرلىنىپتۇ. نادىر ئۇن ئەسكەرنى تاغقا بېرىپ قوغلىشىپ يۈرگەن ئايغىر بىلەن بايتالنى تۇتۇپ كېلىشكە بۇيرۇپتۇ. باشقا ئەسكەرلەرنى غايىب قىلىۋېتىپتۇ. ئۇن ئەسكەر تاغقا قاچقان ئايغىر بىلەن بايتالنى تۇتۇپ كەپتۇ. نادىر ئالما قېقى بىلەن نەشپۈت قېقى يېگۈزۈپ ئايغىرنى پادىشاھ سىياقىغا، بايتالنى قىزى سىياقىغا كىرگۈزۈپتۇ. پادىشاھ ئايغىرغا ئايلانغاندىن كېيىنكى نايائشان ئىشلىرىنى يادىغا ئېلىپ قىزىغىمۇ، خانىشىغىمۇ، كۈيئوغلىغىمۇ، ۋەزىرلەرگىمۇ قارىيالماي بېشىنى ئىچىگە تىقىپ تۇرۇۋاپتۇ. شۇ سەۋەبتىن ئەر-خوتۇنلۇق ئاتا-بالىلىق مۇناسىۋەت ئۈزۈلۈپتۇ. نادىر شاھلىق تەختىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن ئىككى ئاغىنىسىنى چاقىرىپ بىرىنى ئەسكىرى ئىشلارغا، بىرىنى خەزىنە ئىشلىرىغا، بۇرۇنقى پادىشاھنى مەسلىھەتچىلىككە تەيىنلەپتۇ. ھوقۇقىنى ئادالەتنى ياقلاشقا ئىشلەتكەنلىكتىن ئەدەپ-ئەخلاق مۇستەھكەملىنىپتۇ. قوشنا دۆلەتلەر بىلەن ئىناق-ئىتتىپاق ئۆتكەنلىكتىن، سودا-تىجارەت راۋاجلىنىپ پۇقرالارنىڭ تۇرمۇشى باياشاتلىشىپتۇ. ئۆزىمۇ بىر ۋەزىرنىڭ قىزىنى نىكاھىغا ئېلىپ قېرىپ ئۆلگىچە بىللە ياشاپتۇ.

سۆزلەپ بەرگۈچى: قارىقاش ناھىيىلىك ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق كومىتېتى ئىشخانىسىدىن **ياقۇپ مەتلىك**

نەشرگە تەييارلىغۇچى: قارىقاش ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىدىن **مۇھەممەتئىمىن قۇربان**

تەھرىرى: **تۇرسۇنجان مۇھەممەت**



# ئەقىللىق قىز

(چۆچەك)

بۇنىڭدىن نەچچە يۈز يىللار ئىلگىرى تارىم دەرياسىنىڭ بويىدىكى كاتتا، ئاۋات شەھەرلەرنىڭ بىرسىدە بىر پادىشاھ ياشىغانىكەن. ئۇنىڭ بىرلا ئوغلى بار ئىكەن. ئاي-يىللار ئۆتۈپ پادىشاھنىڭ ئوغلى توققۇز ياشقا كىرىپتۇ. پادىشاھ ئوغلىنى بىلىملىك، ئەخلاقلىق ئادەم بولسۇن دەپ مەكتەپكە بېرىپتۇ. ئۇستازلىرى ھەر قانچە تىرىشچانلىق بىلەن ساۋاق بەرگەن بولسىمۇ، بۇ بالا ياخشى ئۆگەنمەپتۇ. ئەتىگەندە مەكتەپكە بارىمەن دەپ ئۆيدىن چىقىپ ئۇ يەر-بۇ يەرلەردە ئويناپ، كەچتە ئۆيىگە پەيدا بولىدىكەن. ئايلار، يىللار ئۆتۈپ بالا ساۋاتسىز پېتى مەكتەپتىن ئاجراپتۇ. ئەلەمدىن ياكى قەلەمدىن بىرەر ئىشنى ئۆگىنەلمىگەنلىكى پادىشاھنىڭ بېشىنى قاتۇرۇپتۇ. ئاخىرى پادىشاھ بىر ۋەزىرىگە:

— بۇ بالىنى قانداق قىلساق ئەقىللىق قىلغىلى بولار؟ — دەپتۇ. ۋەزىر بىر دەم ئويلانغاندىن كېيىن:

— شاھزادىنى ئەقىللىق ئادەم قىلىش ئۈچۈن تۆۋەندىكى ھايۋاناتلارنى تېپىشقا ئەۋەتەيلى، — دەپتۇ.

— قايسى ھايۋاناتلارنى؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ قىزىقىپ،

— ئون ياشلىق ئوغلاق، يىگىرمە ياشلىق ئۆچكە، ئوتتۇز ياشلىق تۈلكە، قىرىق ياشلىق شىر، ئەللىك ياشلىق يولۋاس، ئاتمىش ياشلىق تۆگە، يەتمىش ياشلىق چاشقان تېپىپ كەلسۇن، — دەپتۇ ۋەزىر. پادىشاھ بۇ مەسلىھەتكە ماقۇل بوپتۇ. ئوغلىغا بۇ تەلەپنى ئورۇنلاشنى بۇيرۇپتۇ. شاھزادە يېتەرلىك ئالتۇن-كۈمۈش ئېلىپ ئېتىغا مىنىپ يولغا چىقىپتۇ. ئۇ نەچچە يۈز يۇرت-مەھەللىلەردىن ئۆتۈپ، چۆل-باياۋانلارنى كېزىپ، دەريا-ساسلىقلارنى كېچىپ، تاغ-داۋانلارنى ئاتلاپ بىر نەچچە ئاي ماڭغاندىن كېيىن ئىمارەتلىرى ھەيۋەتلىك، مېۋىلىرى شەربەتلىك، ئادەملىرى ئەدەپلىك ئاۋات بىر شەھەرگە بېرىپتۇ. ئۇ ئۆزى خالىغان مويسىپىتلەرگە ئۆزىنىڭ نېمە مەقسەتتە كەلگەنلىكىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئاندىن بۇ ئىشتا كىم ياردەم بەرسە نۇرغۇن ئالتۇن-كۈمۈش ئىنئام

قىلىــدىغانلىقىنى ئېيتىپتــۇ. ئەممــا، ھــېچكىم قانائەتلىنەرلىــك جــاۋاب بېرەلمەپتــۇ. شــاھزادە «ئاتامنىــڭ تــاپقىلى بولمايــدىغان ھايۋانــاتلارنى ئىزدەشكە ئەۋەتىشىدىكى مەقستى نېمىــدۇر» دەپ ئويلاپ بېشى قېتىپتۇ. ئۇ تاپالمىدىم دەپ قايتىپ كېتىشنىمۇ ئويلاپتۇ. بىراق، دادىسىنىڭ:

ــ ھوسۇلسىز قايتىپ كەلسەڭ مېنىڭ سەندەك بالام يوق، ــ دېگىنى ئېسىگە كېلىپ يەنە باشقا جايلارغا بېرىش نىيىتىگە كەپتۇ. ئۇ توپىلىق سەھرا يولىــدا كېتىۋېتىــپ ئۇســساپ چىــدىيالماي قــاپتۇ. نەدىن سۇ تاپارمەن دەپ ئەتراپقا قارىسا، ئېگىز تېرەكلەرنىڭ تۈۋىدە بىر ئۆي كۆرۈنۈپتــۇ. شــاھزادە شۇ ئۆينىڭ ئالدىغا كېلىپ:

ــ ئۆيدە ئادەم بارمۇ؟ ــ دەپ ۋارقىراپتۇ.

ــ مانا مەن بار، ــ دېگــىنچە چىرايلىــق بىــر قىز ئىشىكنى ئېچىپتۇ. ئۇ يىگىتنــى كــۆرۈپ ئــۆيگە كىرىپ كېتىپتۇ. ھايال ئــۆتمەي قىزنىــڭ دادىــسى چىقىپ يىگىتنى ئۆيگە باشلاپ كىرىپتۇ. داستىخان يېغىشتۇرۇلغاندىن كېيىن، يىگىــت ئۆزىنىــڭ كــىم ئىكەنلىكىنــى، نــېمە مەقــسەت بــىلەن بــۇ يەرگە كەلگىنىنــى، ئــۇلاردىن ئەقىــل ســورايدىغانلىقىنى ئىزھار قىپتۇ. قىزنىڭ دادىسى:

ــ بۇ ئاسان گەپكەن. ئــاۋۋال قىــزىم ئەقىــل كۆرسەتــسۇن، ئۇنىــڭ كەم يېرىنــى ئانــىسى تولۇقلىسۇن، يەنە كەم يېرى بولسا ئاخىرىــدا مەن گەپ قىلاي، ــ دەپتۇ.

ــ ئــون ياشــلىق ئــوغلاق، ئوتتــۇز ياشــلىق تۈلكە، يەتمىش ياشلىق چاشقان دېگەنــلەر يــوق گەپ. ئۇ ھايۋاناتلار ئۇنچىلىك ئۇزاق ياشىيالمايدۇ. دادىڭىــز ســىزنىڭ ئەقىــل-پاراســتىڭىزنى ســىناش ئۈچۈن شۇنداق دېگەن، ــ دەپتۇ قىز. شاھزادە:

ــ ئەمىسە، گەپنىڭ مەنىــسى نــېمە؟ ــ دەپ سوراپتۇ. قىز:

ــ ئــادەم ئــون ياشــقا كىرگەنــدە ئــوغلاقتەك غەمسىز سەكرەپ ئوينايدۇ. يىگىرمە ياشقا كىرگەندە ئۆچكــىدەك ئالــدىغا كەلــگەن يەرگە دەســسەپ ئىشقى-ھەۋەسىنىڭ كــۆچلىرىنى كېزىــدۇ. ئوتتــۇز ياشقا كىرگەندە تۈلكىدەك چاققان بولــدۇ. قىرىــق ياشقا كىرگەندە شىردەك كۈچلۈك بولــدۇ. ئەللىــك ياشقا كىرگەندە يولۋاستەك قاۋۇل بولىدۇ. ئــاتمىش ياشقا كىرگەندە يولۋاستەك قاۋۇل بولىدۇ. ئــاتمىش ياشقا كىرگەندە ئەقلى سۇسلىشىپ كىم نېمە دېسە شۇنىڭغا ئىــشىنىدىغان، تۆگىــدەك نەگە يېتىلــسە ماڭىــدىغان بولىــدۇ. يەتمىش ياشــقا كىرگەنــدە چاشــــقاندەك قورقۇنچــــاق، ئۆيــــدىن تالاغــــا چىقمايــدىغان بولــدۇ، دېــگەن گەپ، ـــ دەپ چۈشەندۈرۈپتۇ. قىزنىڭ ئانىسىمۇ، دادىسىمۇ تولۇق سۆزلىدى دەپ ئۇنىڭ گېپىگە قوشۇمچە قىلماپتۇ. شاھزادە ئۇلارغا نۇرغۇن ئالتۇن بېرىپ خوشلىشىپ قــايتىش ســەپىرىگە ئــاتلىنىپتۇ. يــالغۇز ئــوغلىنى چوڭقۇر سېغىنىپ كەتكەن پادىشاھ ئۇنىــڭ بــىلەن قۇچاقلىــشىپ-يىغلىــشىپ كۆرۈشــۈپتۇ. كېــيىن پادىــــشاھ ئۇنىڭــــدىن تەلەپنــــى ئورۇنلىغــــان-ئورۇنلىمىغــانلىقىنى ســوراپتۇ. شــاھزادە قىــزدىن ئــاڭلىغىنى بــويىچە جــاۋاب بېرىپتــۇ. پادىــشاھمۇ، خانىشمۇ، ۋەزىرمۇ شاھزادىنىڭ ئەقىل-پاراستىدىن قانائەتلىنىپ سۆيۈنۈپتۇ. پادىشاھ:

ــ بۇ جاۋابنى سەن كىمدىن ئاڭلىــدىڭ؟ ــ دەپ سوراپتۇ. شاھزادە ھېلىقى قىزدىن ئاڭلىغىنىنى ئېيتىپتۇ. پادىشاھ ئەلچى ئەۋەتىپ ئۇ قىزنى كېلىن قىلىش ئارزۇسىنى ئىزھــار قىپتــۇ. قىزمۇ، ئۇنىــڭ ئاتــا-ئانىــسىمۇ خۇشــاللىق بىــلەن مــاقۇللۇق بىلدۈرۈپتۇ. پادىشاھ «ئەقىللىق خوتۇن ئەرنىڭ دۆلىتى» دەپ ئويلاپ قىزغا قىرىق تۆگىدە تويلۇق ئەۋەتىپتۇ. قىرىــق كــۈن كاتتا تــوي قىلىپ قىزنى ئوغلىغــا نىكــاھلاپ قويغانــدىن كېــيىن كــۆڭلى خاتىرجەم بولۇپتۇ.

سۆزلەپ بەرگــۈچى: قارىقاش نــاھىيە ماڭلاي يېزىسىدىن **نۇرمۇھەممەت**

نەشرگە تەييــارلىغۇچى: خوتەن ۋىلايەتلىــك مائارىپ ئىنستىتۇتىدىن **مەۋلان مەتمىن**

تەھرىرى: **مەتسېلىم مەتقاسىم**

# پادىشاھنىڭ خوتۇنى

(چۆچەك)

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا، قېرى خوتۇننىڭ تىزى دولىسىدا، ھەمشمايلىكام ئەرگە تەگكەندە، تۆگىنىڭ قۇيرۇقى يەرگە تەگكەندە يىراقتىكى بىر شەھەردە دانا پادىشاھ بولغان ئىكەن. بۇ پادىشاھنىڭ ئايالى ئۇن بەش يىلغىچە تۇغماپتۇ. شۇ سەۋەبتىن پادىشاھنىڭ كۆڭلى يېرىم، كەيپىياتى بەك تۆۋەن ئىكەن. ھەر كۈنى بامدات نامىزىدا ئاللاغا مۇراجەت قىلىپ:

— ئەي قۇدرىتى چەكسىز ئاللاھ ئىگەم، ماڭا شۇنچىلا دۆلەت، مەرتىۋە. ھەددى ـ ھېسابسىز مال ـ دۇنيا بەردىڭ. بىراق، بىرمۇ پەرزەنت يۈزى كۆرسەتمىدىڭ، مۇشۇ بىر تەلىپىمنى ئىجابەت قىلىپ ماڭا بىر پەرزەنت ئاتا قىلغايسەن دەيدىكەن. ئاللاھ ئۇنىڭ دۇئاسىنى قوبۇل قىلمىدىمۇ، يەنە بىر نەچچە يىل پەرزەنت يۈزى كۆرمەپتۇ. پادىشاھ بۇ غەمنى ئۇنتۇش ئۈچۈن دائىم شىكارغا چىقىدىكەن. ئەمما شىكاردىن قايتىپ كەلسە، «ھارماي كەلدىڭىزمۇ دادا؟» دەپ يۈگۈرۈپ ئالدىغا كېلىدىغان بالىسىنىڭ يوقلىقىدىن شاھنىڭ بالىغا بولغان ئىشتىياقى بارغانسېرى ئۇلغىيىپتۇ. پادىشاھ ئاخىرى بۇ تۇغماس خوتۇننى قويۇۋېتىپ، يېڭىدىن ئۆيلىنىش نىيىتىگە كەپتۇ. ئىشەنچلىك بىر ۋەزىرى:

— ئەي جانابىي پادىشاھ ئالەم، يۇرت ـ مەھەللىلەرنى كېزىپ چىرايلىقتىن چىرايلىق، ئەقىللىقتىن ئەقىللىق، قىزلاردىن بىرىنى تاللىساق، ئۆزلىرىگە يارىسا نىكاھلىرىغا ئالسىلا قانداق؟ ـ دەپتۇ. بۇ گەپ پادىشاھقا خوپ يېقىپتۇ. تەرەپ ـ تەرەپلەرگە ئەلچىلەر ئەۋەتىلىپ، مىڭ قىز تاللىنىپتۇ. بۇلارنىڭ ئارىسىدىن يۈز قىز خىللىنىپ شەھەرنىڭ ئالدىغا كەلتۈرۈلۈپتۇ. شاھ بۇ قىزلارنىڭ ئالدىدىن، كەينىدىن، يېنىدىن قاراپ بېقىپتۇ. ناخشا ئېيتقۇزۇپ، ئۇسسۇل ئويناتتىپ، كۈلدۈرۈپ بېقىپتۇ. شۇنداق قىلىپ مىڭ قېتىم تاسقاپ، مىڭ بىر قېتىم مۆقىمداپ، ئاخىرىدا بىر قىزنى تاللاپتۇ. كاتتا توي ـ مەرىكە قىلىپ ئۇ قىزنى نىكاھىغا ئاپتۇ. شېرىن ئايدىن كېيىن شىكار تاماشىسىنى قايتىدىن باشلاپتۇ. ھەر نۆۋەت شىكارغا چىقسا سەككىز، ئون كۈندە قايتىپ كېلىدىكەن. ئۆيدە بىر كىچىك قونۇپلا ئەتىسى يەنە شىكارغا ماڭىدىكەن. كېنىزەكلەر مەلىكىنىڭ ئەتراپىدا پايپېتەك بولۇپ خىزمەت قىلىسىمۇ، مەلىكە يەنىلا زېرىكىش ھېس قىلىدىكەن. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە مەلىكە بىر بەڭگى بىلەن تونۇشۇپ قاپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن مەلىكە پادىشاھنىڭ شىكاردىن قايتىپ كەلگەن كۈنى ئۇنى ئالدىغا چىقىپ كۈتۈۋالمايدىغان، ئۆيدە خۇشال كۈلمەيدىغان بولۇپ قاپتۇ. «ئەجەب ـ ھە ـ دەپ ئويلاپتۇ پادىشاھ ـ خوتۇنۇمنىڭ ماڭا بولغان قىزغىنلىقى سۇسلىشىپ كەتتى. بۇنىڭ سەۋەبى نېمىدۇر»، پادىشاھ خوتۇنىنىڭ يۈرۈش ـ تۇرۇشىغا، كەيپىياتىغا يوشۇرۇن دىققەت قىلىدىغان بولۇپتۇ، ئەمما رەنجىشكە تېگىشلىك ھېچ ئىش سېزىلمىگەچكە، پادىشاھ «بۇ مېنىڭ گۇمانخورلىقىم ئوخشايدۇ» دەپ ئويلاپتۇ. ئەسلىدە مەلىكە ئاخشىمى شاھنىڭ يېنىدا ياتىدىكەن. بىر دەملىك ھۇزۇرلىنىشتىن كېيىن شاھ ئۇخلاپ قالىدىكەن. مەلىكە سەزدۈرمەيلا ئورنىدىن تۇرۇپ ئاشنىسىنىڭ يېنىغا بېرىپ ياتىدىكەن. تاڭ يورۇپ شاھ ئويغىنىشتىن بۇرۇن قايتىپ كېلىپ، شاھنىڭ قويىنىغا كىرىۋالىدىكەن. بۇ مەخپىيەتلىك شۇ يوسۇندا داۋاملىشىپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە شاھ ئۇيقىدىن سەھەر ئويغىنىپ، ئات باققۇچىنىڭ يېنىغا چىقىپ:

ـ ئاتنى توقۇپ كەل، شىكارغا ماڭىمەن، ـ دەپتۇ.

ئات باققۇچى ئاتنى توقۇپ كەپتۇ. شاھ ئاتقا قاراپ:

ـ ئات تەرلەپ كېتىپتۇ، بۇ نېمە ئىش؟ ـ دەپ سوراپتۇ.

ـ پادىشاھ ئالىيلىرى، ـ دەپتۇ ئات باققۇچى ـ بۇ ئاتنى ئاخشام خۇپتەن ۋاقتىدىن كېيىن خانىش مىنىپ چىقىپ كەتكەن. قايتىپ كەلگىنىگە ئانچە ئۇزۇن بولمىدى. بۇنداق بولىۋاتقىنىغا نەچچە ئاي بولدى.

ـ بۇ ئىشنى نېمىشقا نېمىشقا شۇ چاققىچە ماڭا دېمىدىڭ؟

ـ خانىش ماڭا «ھېچكىمگە تىنمىغىن، بولمىسا

كاللاڭدىن ئايرىلىپ قالىسەن» دەپ قورقۇتقانتى.

پادىشاھ ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇتۇپ، ھېچ ئىش بولمىغاندەك كەيپىياتتا خانىشقا:

ــ مەن شىكارغا ماڭدىم، خۇدايىمغا ئامانەت، ــ دەپ خوشلىشىپ يولغا چىقىپتۇ. لېكىن، يىراققا بارماي، بىر ئاغىنىسىنىڭ ئۆيىدە بىر دەم ئۇخلاپ، خۇپتەن ۋاقتىدىن ئاشقاندا قايتىپ كەپتۇ ـ دە، قېرى سۆگەتنىڭ دالدىسىدا ماراپ تۇرۇپتۇ، راست دېگەندەك خانىشى ئاتنى مىنىپ سىرتقا مېڭىپتۇ، پادىشاھمۇ ئېتىغا مىنىپ خانىشنىڭ قارىسىنى يوقاتماي ماراپ مېڭىپتۇ. پادىشاھنىڭ بىر قارا ئىتىمۇ ئەگىشىپ بىللە مېڭىپتۇ، پادىشاھ بۇ ئىتنى قوغلاپمۇ قايتۇرىۋېتەلمەپتۇ، يول تاغ باغرىغا تۇتاشقان جايدا خانىشى ئاتنى بىر تۇپ جىگدىگە باغلاپ قويۇپ، گەمىگە كىرىپ كېتىپتۇ. پادىشاھمۇ ئېتىنى باغلاپ قويۇپ گەمىنىڭ ئىشىكى تۈۋىگە كېلىپ بىر يوچۇقتىن قارىسا بىر بەڭگى خانىشنى:

ــ ھەي لەنىتى جالاپ، تېزراق كەلمەي شۇ چاققىچە ساقلاتتىڭيا مېنى؟ ــ دەپ تىللاپ ئۇنى ئىككىنى تەستەكلەپتۇ.

ــ ئەل ئايىغى بېسىقسۇن دەپ كېچىكىپ قالدىم، ئالتۇن يىگىتىم، گۇناھىمدىن ئۆتكەيلا، ــ دەپ يالۋۇرۇپتۇ، ئارقىدىنلا بەڭگىنىڭ بويىنىغا ئېسىلىپتۇ. بەڭگى ئۇنىڭ ئۈستىگە يېقىلىپتۇ. خانىشى پادىشاھقا كۆرسەتمىگەن ناز ـ كەرەشمىلىرىنى بەڭگىگە ئىپادىلەپتۇ. بۇنى كۆرگەن پادىشاھ قەھرى ـ غەزىپىنى باسالماي، ئاخىرى گەمىگە بېسىپ كىرىپ، بەڭگى بىلەن تۇتۇشۇپتۇ. ئېلىشا ـ ئېلىشا ئىككىسى بىر ـ بىرىنى يېڭەلمەپتۇ. بەڭگى بىر غەيرەت بىلەن قاتتىق تەپكەن ئىكەن، پادىشاھ ئوڭدىسىغا يىقىلىپتۇ. بەڭگى پادىشاھنى دەسسەشكە پۇتىنى كۆتۈرگەنىكەن، پادىشاھ چەبدەسلىك بىلەن بەڭگىنىڭ پۇتىدىن تۇتۇپلا ئوڭدىسىغا يىقىتىپ كانىيىدىن چىڭ سىقىۋاپتۇ. ئاشىنىسىنىڭ ئۆلۈمگە يۈزلەنگەنلىكىنى كۆرگەن خانىشى قولىغا يوغان تاشنى ئېلىپ ئېرىنىڭ بېشىغا ئۇرماقچى بولۇپتۇ. دەل شۇ پەيتتە پادىشاھقا ئەگىشىپ كەلگەن قارا ئىت خانىشنى چىشلەپ يىقىتىپتۇ. بۇنىڭ بىلەن پادىشاھ ئۆلۈم خەۋپىدىن قۇتۇلۇپ رەقىبىنى ئۆلتۈرۈپتۇ. خانىشنى ئاتقا مىندۈرۈپ، ئىتنى ئەگەشتۈرۈپ ئوردىغا قايتىپ كەپتۇ. پادىشاھ دەردىنى ئىچىگە سىغدۇرالماي ئۆزى ئىشەنگەن بىر ۋەزىرگە ھەم يەتتە كېنىزەككە بۇ ۋەقەنى سۆزلەپ قورسىقىنى بوشىتىپتۇ. يەتتە كېنىزەكنى ئىتنىڭ خىزمىتىدە بولۇشقا، خانىشنى ئىت ئورنىدا خورلاشقا بۇيرۇپتۇ. بىر نەچچە كۈندىن كېيىن پادىشاھ ئەنسىرەشكە باشلاپتۇ: «بۇ ئىشنى ئالدىراپ ئاغزىمدىن چىقىرىپ ساپتىمەن، ۋەزىر ھەم كېنىزەكلەر ئارقىلىق بۇ مەخپىيەتلىك ئەل ـ جامائەتكە ئاشكارىلىنىپ قالسا يۈز ـ ئابرۇيۇم تۆكۈلمەمدۇ؟ بۇ گەپنىڭ يېيىلىپ كەتكەن ـ كەتمىگەنلىكىنى بىلىپ باقسام بولاتتى. قانداق قىلسام بولار...» شاھنىڭ ئىشەنچلىك ۋەزىرى مەسلىھەت بېرىپ:

ــ پادىشاھ نېمە ئۈچۈن ئىتنى ئەزىزلەپ، خانىشنى خورلىدى؟ بۇنىڭغا كىم توغرا جاۋاب بېرەلىسە ئالتۇن ـ كۈمۈش مۇكاپات بېرىلىدۇ، ــ دەپ ئېلان چىقىرايلى، كىشىلەر بۇ ئىشنى ھەقىقەتەن بىلىپ قالغان بولسا، مۇكاپاتقا قىزىقىپ ئۆزلىرىگە يۈز ـ خاتىرە قىلماي، بىلگىنىنى سۆزلەۋېرىدۇ. شۇنىڭغا قاراپ تەدبىر ئويلايلى، ــ دەپتۇ. بۇ مەسلىھەت پادىشاھقا خوپ يېقىپتۇ. ئېلان يېزىلىپ تەرەپ ـ تەرەپلەرگە چاپلىنىپتۇ. يۈزلىگەن ـ مىڭلىغان كىشىلەر مۇكاپاتقا قىزىقىپ ئۆزلىرى بىلگەنچە جاۋاب بېرىشىپتۇ. بىراق، ئەسلىي ۋەقەدىن خەۋىرى بولمىغانلىقتىن، جاۋابى ئۇدۇل بولماي، مۇكاپاتقا ئېرىشەلمەپتۇ. بۇنىڭدىن مەخپىيەتلىكنىڭ ئاشكارىلانمىغانلىقى مەلۇم بولۇپ، پادىشاھ خاتىرجەم بولۇپتۇ. بۇ سەتچىلىكنىڭ كېيىنمۇ يېيىلىپ قالماسلىقى ئۈچۈن كېنىزەكلەرنى، خانىشنى، ئىتنى ئادەملەرنىڭ نەزىرىدىن يىراق بولغان سىرلىق جايغا يۆتكىۋېتىپتۇ. بۇ شەھەرنىڭ يىراق بىر مەھەللىسىدە بىر نامرات دېھقان ياشايدىكەن. بۇ كىشىنىڭ پادىشاھنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرىپ ئالتۇن ـ كۈمۈش مۇكاپات ئېلىش ئۈچۈن ئوردا تەرەپكە قاراپ يولغا چىقىپتۇ. ئادەم ئۇچرىمايدىغان بىر چېغىر يولدا كېتىۋېتىپ ساقال ـ بۇرۇتلىرى، قاش ـ كىرپىكلىرى قاردەك ئاقىرىپ كەتكەن بولسىمۇ، مەڭزى قىپقىزىل تۇرغان بىر بوۋايغا يولۇقۇپتۇ.

ــ ھەي ئۇكا، نەگە، نېمە مەقسەت بىلەن كېتىۋاتىسىز؟ ــ دەپ سوراپتۇ، بوۋاي ئۇنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ:

ــ بەكمۇ خەتەرلىك يولغا مېڭىپسىز، نىيىتىڭىزدىن يېنىڭ، ــ دەپتۇ.

ــ تەلىيىمنى سىناپ باقمىسام بولمايدۇ، ــ دەپ چىڭ تۇرۇۋېتۇ ئۇ كىشى.

ــ ئىرادىڭىز چىڭ ئىكەن، سەپىرىڭىزگە ئاق يول تىلەيمەن، ــ دەپتۇ بوۋاي، ــ نائۇمىد قالماي دېسىڭىز، مېنىڭ گېپىمنى قۇلىقىڭىزدا چىڭ ساقلاڭ. ئۇردا دەرۋازىسىدىن كىرىپ ئوڭ قول تەرەپكە ماڭسىڭىز بىر كۆلنى كۆرىسىز، «بىسمىللاھى رەھمانى رەھىم» دەپ كۆلگە شۇڭغۇسىڭىز سۇ تېگىدە بىر ئىشىكنى كۆرىسىز، ئۈچ نۆۋەت مۇشتلىسىڭىز ئىشىك ئېچىلىدۇ. ئىشىكتىن كىرىپ ئۇدۇلغا ماڭسىڭىز بىر ئاق گۇمبەز كۆرىسىز، گۇمبەزنىڭ ئىچىگە كىرسىڭىز يەتتە تالىپنىڭ كىتاب ئوقۇپ ئولتۇرغىنىنى كۆرىسىز، «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دەپ ئالدىڭىزچە بېرىپ كەينىڭىزچە يېنىڭ، سول تەرەپكە مېڭىپ، كۆك سىرلىق گۇمبەزنىڭ ئىچىگە كىرسىڭىز، يەتتە جاللات قىلىچلىرىنى پارقىرىتىپ سىزنى چاپقىلى كېلىدۇ. سىز ئۇنىڭ ھەر بىرىگە بىر قېتىمدىن تازىم قىلىڭ، تازىم ئارتۇق ياكى كەم بولۇپ قالسا، ئۇلار سىزنى چانىۋېتىدۇ. بۇ يەردىن ساق چىقىپ كېتەلىسىڭىز ئوڭغا بۇرۇلۇپ مېڭىڭ. بۇ يەردە يەتتە يولۋاسنىڭ قەپەس ئىچىدىكى بۇلبۇلگويانىڭ سايرىشىنى كۈتۈپ ياتقىنىنى كۆرىسىز، يولۋاسلارغا ئۈچ قېتىم تازىم قىلىپ، ئۈچ قېتىم چاۋاك چالسىڭىز بۇلبۇلگويا شۇ ھامان سايراپ كېتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن يولۋاسلار سىزگە خىرىس قىلماي جىم يېتىۋېرىدۇ. سىز سول تەرەپكە بۇرۇلۇپ ئاق دەرۋازىدىن كىرسىڭىز قارا سىرلانغان گۇمبەزگە يولۇقىسىز. گۇمبەزنىڭ ئىچىگە كىرسىڭىز راۋاق كۆرۈنىدۇ. راۋاقنىڭ ئۈستىگە چىقىپ كۈن چىقىش تەرەپكە قارىسىڭىز ئالتۇن سىرلىق بىر ئۆينى كۆرىسىز، «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دەپ شۇ ئۆيگە كىرسىڭىز پادىشاھنىڭ سوئالىغا نېمە دەپ جاۋاب بېرىشنى چۈشەندۈرۈپ قويىدىغان كېنىزەكلەر بار. ھېلىقى كىشى بوۋاينىڭ يۇقىرىدىكى گەپلىرىنى بىر ـ بىرلەپ مېڭىسىگە تىزىۋالغاندىن كېيىن ئاقساقالغا:

ــ رەھمەت ئۆزلىرىگە، ــ دەپتۇ. ئاقساقال بۇ كىشىنىڭ كۆزى ئالدىدىلا غايىب بولۇپ كېتىپتۇ. ئۇ خىزىرغا ئۇچراپتىمەن دەپ خۇشال بولۇپ يولغا مېڭىۋېرىپتۇ. ئۇردا دەرۋازىسىدىن كىرىپ خىزىرنىڭ دېگەنلىرىدىن ئېزىقماي، ھەممە رەسمىيەتلەرنى تەرتىپى بويىچە بېجىرىپتۇ. ئاخىرىدا «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دەپ ئالتۇن سىرلىق ئۆيگە كىرگەنىكەن، پەرىزاتتەك چىرايلىق يەتتە كېنىزەك كۆرپە ئۈستىدە ياتقان قارا ئىتنىڭ بەدىنىنى سىلاپ ئولتۇرۇپتۇ. ئىتنىڭ ئالدىدا ھەر خىل غىزا ـ تائاملار تۇرۇپتۇ. بۇ كىشى ھەيران بولۇپ:

ــ ئىتنىمۇ بۇنچىۋالا ئەتىۋارلىغان بارمۇ؟ ــ دەپ سوراپتۇ. پادىشاھ كېنىزەكلەرگە:

ــ نۇرغۇن خەتەرلىك داۋانلاردىن، توساقلاردىن ئۆتۈپ يېنىڭلارغا كەلگەن كىشىگە ئىتنى ئەزىزلەپ خوتۇنۇمنى خورلىغانلىقىمنىڭ سەۋەبىنى ئېيتىپ بەرساڭلا نارازى بولمايمەن، ــ دېگەنىكەن. كېنىزەكلەر بۇ كىشىگە ئىتنىڭ تۆھپىسىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. بۇ كىشى:

ــ نەدە ئۇ ۋاپاسىز خوتۇن؟ ــ دەپ سوراپتۇ. كېنىزەكلەرنىڭ بىرى ئۇنى ئۆينىڭ كەينىگە باشلاپ چىقىپتۇ. قارىسا چىرايلىق بىر جوكان يۇندە كاتىكىدە زەنجىر بىلەن بويىنىدىن باغلاپ قويۇلۇپتۇ. ئالدىغا سۆڭەك ۋە سېسىپ كۆكىرىپ كەتكەن ئاش ـ نان قالدۇقلىرى تاشلاپ قويۇلۇپتۇ. ۋەقەنىڭ تەپسىلاتىنى بىلىپ بولغان بۇ كىشى شاھنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

ــ ئۇلۇغ پادىشاھى ئالەم، سوئاللىرىغا تولۇق ھەم توغرا جاۋاب بېرەلەيمەن، ــ دەپتۇ. پادىشاھ سەتچىلىكنىڭ جەريانىنى قايتا ئاڭلاشنى خالىمىغانلىقتىن:

ــ گەپنى جىق قىلماي، باشقىلار تېگىگە ئاسانلىقچە يېتەلمەيدىغان، سەن بىلەن مەنلا چۈشىنىدىغان قىسقا گەپ بىلەن جاۋاب بەرگىن، ــ دەپتۇ. ئۇ كىشى كۆڭلىگە پۈككەن گەپنى تەمتىرىمەيلا دەپتۇ.

. ــ ئىت ۋاپا، خوتۇن جاپا.

پادىشاھ بۇ جاۋابتىن قانائەتلىنىپتۇ، ۋەدىسىگە ئەمەل قىلىپ، ئۇ كىشىگە نۇرغۇن ئالتۇن ـ كۈمۈش مۇكاپات بېرىپتۇ، بۇ كىشىمۇ مەخپىيەتلىكنى ھېچكىمگە دېمەسلىككە قەسەم قىپتۇ. پادىشاھ خاتىرجەم بولۇپ يەنە ئۈستىلەپ ئالتۇن بېرىپتۇ.

پادىشاھ بىلەن بۇ كىشى ئۆمۈر بويى ئاكا ـ ئۇكىدەك ئىناق خاتىرجەم ياشاپتۇ. «ئىت ۋاپا، خوتۇن جاپا» دېگەن تەمسىل شۇنىڭدىن قالغانىكەن.

سۆزلەپ بەرگۈچى: قارىقاش ناھىيە ياۋا يېزا دېھقانچىلىق مەيدانىدىن توختى گوش

نەشرگە تەييارلىغۇچى: قارىقاش ناھىيىلىك مەدەنىيەت ـ تەنتەربىيە ئىدارىسىدىن غەيرەت ئەخمەت

تەھرىرى: مەتسېلىم مەتقاسىم

# كىمنىڭ تۆھپىسى چوڭ

(چۆچەك)

قەدىمكى زاماندا دەريانىڭ ئۇ قېتىدا ئولتۇرۇشلۇق ياسىناخۇننىڭ ئۈچ ئوغلى بولغانىكەن. چوڭ ئوغلى ئاۋۇت 24 ياشقا، ئوتتۇرانچىسى داۋۇت 22 ياشقا، كىچىك ئوغلى ساۋۇت 20 ياشقا كىرىپ قاپتۇ. ئوغۇللار دادىسى ئىشقا بۇيرۇسا غۇدۇرايدىغان، قىلغان ئىشىنىڭ يېرىمىنى چالا قويىدىغان، نەسىھەت قىلسا چىرايىدىن مۇز ياغدۇرۇپ ئولتۇرىۋالىدىغان بولۇپ قاپتۇ. بۇنىڭدىن ئوغۇللىرىنىڭ خوتۇن ئالغۇسى كېلىپ قالغانلىقىنى پەملىگەن ياسىناخۇن قوشنىسى سادىراخۇننىڭ ئۆيىگە كىرىپ ئۇنىڭغا:

— مەن ئوغۇللىرىم بىلەن يۈز تۇرانە سۆزلىشەي دېسەم قۇلايسىز بولۇپ قالدى، شۇڭلاشقا ئۆزلىرى ئۈچ ئوغلۇم بىلەن ئايرىم-ئايرىم سۆزلىشىپ، كىمنىڭ قىزنى ئالغۇسى بارلىقىنى ئۇقۇپ باقسىلا، شۇنىڭغا قاراپ يول تۇتساق، — دەپتۇ. سادىراخۇن شۇ كۈنى كەچتە ئاۋۇت بىلەن مۇڭدىشىپ ئولتۇرۇپ ئۇنىڭدىن:

— كىمنى ئالغۇڭىز بار؟ — دەپ سوراپتۇ. ئاۋۇت:

— يېزىلىق تېلېۋىزىيە ئۇلاپ تارقىتىش پونكىتىدىكى پاتەمخان بىلەن توي قىلسام مۇرادىمغا يېتەتتىم، دادامدىن مىڭ مەرتىۋە خۇش بولسام پاتەمخان بىلەن مېنى بىر ئۆيدە قىلىپ قويسا، — دەپتۇ. سادىراخۇن ئەتىسى داۋۇت بىلەن پاراڭلىشىپ:

— كىم بىلەن توي قىلىشنى خالايسىز؟ — دەپ سورىغانىكەن.

— ئۆزلىرىدىن خۇش بولۇپ كېتەي، دادامغا ئېنىق دېسىلە، تېلېۋىزىيىدە سۆزلەيدىغان پاتەمخان كۆزۈمنىڭ يېغىنى يېگىلى ئىككى يىل بولدى. ئوغلۇم مەندىن رازى بولسۇن دېسە دادام ماڭا پاتەمخاننى ئېلىپ بەرسۇن، — دەپتۇ داۋۇت. ساۋۇتمۇ ئۆز نۆۋىتىدە:

— ئالسام پاتەمخاننى ئالىمەن، بولمىسا ئۆلگىچە خوتۇن ئالمايمەن، — دەپتۇ. سادىراخۇن ئۈچ ئوغۇلنىڭ خۇددى دېيىشىپ قويغاندەك پاتەمخانغىلا كۆيۈپ قالغىنىنى ياسىناخۇنغا مەلۇم قىپتۇ. ياسىناخۇن «ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟» دەپ بېشىنىڭ ئىچىمۇ تېشىمۇ قېتىپتۇ. ئۇنداقمۇ ئويلاپ، بۇنداقمۇ ئويلاپ ئاخىر «ئوغۇللىرىمدىن بىرسىنى بولسىمۇ مۇرادىغا يەتكۈزەي» دېگەن نىيەتكە كەپتۇ. ئۇ قوشنىسى نىساخاننى پاتەمخاننىڭ يېنىغا ئەۋەتىپتۇ. پاتەمخان مەقسەتنى چۈشەنگەندىن كېيىن:

— ئۈچ ئوغۇل نېمە كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— چوڭ ئوغۇل شۇ قەدەر ئېسىل گىلەملەرنى

توقۇيدۇكى، قارىسىڭىز رەڭمۇ رەڭ، خۇشپۇراق گۈللەر جۇلالىنىپ تۇرغان چىمەنزارغا كېلىپ قالغاندەك راھەتلىنىسىز، — دەپ تونۇشتۇرۇشقا باشلاپتۇ. نىساخان — ئوتتۇرانچى ئوغۇل شان-شۆھرىتى يىراقلارغا كەتكەن مەشھۇر باغۋەن. ئۇ يېتىشتۇرگەن تەبىئىي تەملىك، يەرلىك مېۋىلەر دىلغا راھەت، تەنگە شىپا. كىچىك ئوغۇل ئەينەكلەردىن چىرايلىق شەكىللەردىكى بېزەك-نەقىشلەرنى كېسىدۇ. ئەينەكنى ئادەمنىڭ ھۆسن-جامالىنى ئەسلىدىكىدىن چىرايلىق كۆرسىتىدىغان قىلىپ ئۆزگەرتەلەيدۇ. كۆرسىڭىز كۆزىڭىزگە ئىشەنمەي قالىسىز.

— ۋاي-ۋۇي، ھەجەپ پايدىلىق ھۈنەر كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللىنىدىكەنغۇ ئۇ يىگىتلەر، — دەپتۇ پاتەمخان. ئۇ ئۇزاق ئويلانغاندىن كېيىنمۇ كۆڭلىدە كىمگە ماقۇل بولۇشنى مۇقىمدىيالماي:

— قايسىسى ئۆز كەسپىدە مۆجىزە ياراتسا مەن شۇنىڭ لايىقى بولىمەن، — دەپتۇ. نىساخان پاتەمخاننىڭ جاۋابىنى ئۈچ ئوغۇلغا يەتكۈزۈپتۇ. ئۈچ ئوغۇل ئۆزلىرىنىڭ ھۈنەر-كەسىپلىرىدە يېڭىلىق يارىتىشقا بەل باغلاپتۇ. كېلەر يىلى مۇشۇ كۈنلەردە كارامىتىنى ئاشكارىلايدىغان بولۇشۇپتۇ، چوڭ ئوغۇل تەكرار-تەكرار لايىھەلەپ، كۆڭلىگە ئەرزىگەنگە قەدەر ئۆزگەرتىپ بىر گىلەم توقۇپتۇ. ئوتتۇرانچى ئوغۇل ئالمىنىڭ شىپالىق رولىنى ئاشۇرۇش سىنىقىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. كەنجى ئوغۇلمۇ ئەينەكنى تېخىمۇ يىراقتىن دەل ئېنىق كۆرۈدىغان قىلىش تەتقىقاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپتۇ. كارامىتىنى ئاشكارىلايدىغان پۇرسەت كەلگەندە ئاكا-ئۇكىلار كەنت مەدەنىيەت ئۆيىگە كەپتۇ. بۇلارنىڭ ماھارىتىنى كۆرۈش ئۈچۈن كەلگەن قىز-يىگىتلەرمۇ ئاز ئەمەسكەن. ئوتتۇرانچى ئوغۇل بىلەن كەنجى ئوغۇل ئاكىسىنى ئاۋۋال ماھارىتىنى كۆرسىتىشكە تەكلىپ قىپتۇ. چوڭ ئوغۇل مەيدانغا يېيىپ قويۇلغان چوڭ ھەم چىرايلىق گىلەمنى بىگىز بارمىقى بىلەن كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— مەن توقۇغان بۇ گىلەمنىڭ شۇنداق خاسىيىتى باركى، بەش-ئالتىمىزنى كۆتۈرۈپ بىز خالىغان جايلارغا ئۇچۇپ بارىدۇ. ئۇكىلىرىم، گىلەم ئۈستىگە كېلىڭلا، ھىمىت بىلەن قەمەر، سىلەرمۇ كېلىڭلار، — دەپتۇ. ئىككى ئۇكىسى، ھىمىت بىلەن قەمەر گىلەمگە ئولتۇرغاندىن كېيىن ئاۋۇت:

— ئۇچقىن گىلىمىم، ئۇچقىن، — دېگەنىكەن، گىلەم سىلىقىنا تەۋرىنىپ ئاسمانغا كۆتىرىلىپتۇ-دە. شەرق تەرەپكە سۇرۇلۇپ كۆزدىن غايىب بوپتۇ. بىر نەچچە مىنۇتتىن كېيىن گىلەم ئۇچۇپ كېلىپ لەپ-لەپ پەسلەپ يەرگە چۈشۈپتۇ.

— بېيجىڭ، شاڭخەيلەرنى ئايلىنىپ كەلدۇق، — دەپتۇ چوڭ ئوغۇل ئەتراپىدىكىلەرگە. كىشىلەر بۇ مۆجىزىگە ھەيران بولۇپ ئۇزاققىچە چاۋاك چېلىشىپتۇ. تەكلىپكە بىنائەن ئوتتۇرانچى ئوغۇل ئورنىدىن تۇرۇپ ئالقىنىدىكى ئالمىنى ھەممەيلەنگە كۆرسەتكەندىن كېيىن:

— مەن يېتىشتۇرگەن بۇ ئالمىنى پۇرىغان كىشىنىڭ ھەر قانداق كېسىلى شىپا تاپىدۇ، — دەپتۇ. بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان باكىر بىلەن بائىمە ماڭالماي يېتىپ قالغىنىغا ئىككى يىل بولغان، ئالىي دوختۇرخانىلاردا داۋالىنىپمۇ شىپالىق تاپالمىغان چوڭ دادىسى روزاخۇننى ھارۋىغا ياتقۇزۇپ ئەپكەپتۇ. داۋۇت قولىدىكى ئالمىنى روزاخۇن بوۋايغا پۇراتقان ئىكەن، بوۋاي دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىپتۇ، ئۇ خۇشاللىق كۆز يېشى مەڭزىنى بويلاپ تامچىلىغان ھالدا:

— جېنىمنى قىينىغان پالەچ كېسىلىمنى شۇنداقمۇ ئاسان ساقايتىپ قويدىڭىز، كارامەت ئىشقۇ بۇ!؟ ئاللا رەھمەت قىلسۇن سىزگە، — دەپتۇ. ئەتراپتىكىلەر بۇ مۆجىزىگە ھەيرانۇ ھەس قېلىپ زېمىننى كۆتۈرۈۋەتكۈدەك چاۋاك چېلىشىپتۇ.

— ئەمدى نۆۋەت ماڭا كەلدى، — دەپتۇ ساۋۇت ئورنىدىن تۇرۇپ، — مەن كەشىپ قىلغان بۇ ئەينەكتە جاھاننىڭ قەيىرىنى كۆرۈشنى خالىساق شۇ يېرىنى كۆرەلەيمىز، چوڭ ئاكا، ئاۋۋال سىز دەڭە، قەيەرنى كۆرگىڭىز بار؟

— ئاۋسترالىيەدىكى ئورمانلىقلارغا بەك

قىزنىقىمەن.

— كۆرۈۋېلىڭ مانا، — ساۋۇت چىنىدەك چوڭلۇقتىكى ئەينەكنى ئاۋۇتنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپتۇ، ئاۋۇت ئەينەكتىن شاخ ـ پۇتاقلىرى بىر ـ بىرىگە گىرەلىشىپ كەتكەن ئېگىز ـ پەس دەل ـ دەرەخلەرنى كۆرۈپ ھەيرانلىقىنى باسالمىغان ھالدا:

— ئاللا كارامەت، قىزىل تۇمشۇق پاختەكلەر، قىزىل قۇيرۇق قۇشقاچلار، ئىتباش مايمۇنلار، ئاغزى يوغان يىلانلار ھەجەپ جىققىنە بۇ ئورمانلىقتا، — دەپتۇ. داۋۇت:

— پاتەمخاننى كۆرگىلى بولامدۇ بۇ ئەينىكىڭدە ـ دەپتۇ ساۋۇتنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ، ساۋۇت ئەينەكنى قولىغا ئېلىپ ئىككى ئاكىسىغا:

— قاراڭلار ئەمىسە، — دەپتۇ ـ دە، ئەينەكنى ئىككى ـ ئۈچ ئايلاندۇرغان ئىكەن، دوختۇرخانىنىڭ كېسەل كارىۋىتىدا بىھوش ياتقان پاتەمخان كۆرۈنۈپتۇ. ئاق خالاتلىق دوختۇر ـ سېسترالار پاتەمخاننىڭ جېنىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئالدىراش بولۇپ كېتىپتۇ، بىر دەمدىن كېيىن دوختۇر پاتەمخاننىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا مەيۈسلۈك بىلەن قاراپ ئۈمىد يوق دېگەننى بىلدۈرۈپتۇ. پاتەمخاننىڭ دادىسى بىلەن ئانىسى:

— ئاھ قىزىم! ئاھ يۈرەك پارەم! دەپ يىغلىغىلى تۇرۇپتۇ. داۋۇت:

— يېنىدا بولغان بولسام ئالمىنى پۇرىسا ساقىياتتى، ـ دەپتۇ.

— گىلەمگە كېلىڭلار، — دەپتۇ تۇنجى ئوغۇل، ئۇكىلىرى گىلەمگە ئولتۇرۇپ بولغاندا گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ، — ئۇچقىن گىلىمىم، تېز ئۇچقىن.

گىلەم كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە دوختۇرخانىنىڭ چىملىق مەيدانىغا چۈشۈپتۇ. ئاكا ـ ئۇكىلار يۈگۈرگەنچە پاتەمخاننىڭ يېنىغا كىرىپتۇ. داۋۇت ئالمىنى پۇراتقانىكەن، پاتەمخان شۇ ھامان كۆزنى ئېچىپ ئورنىدىن تۇرۇپ، بىر گۈزەللىكى ئون بولۇپ كېتىپتۇ. پاتەمخاننىڭ ئاتا ـ ئانا، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى خۇشاللىقتىن ئەس ـ ھوشىنى يوقىتىپلا قويۇپتۇ. ئۆزىنىڭ ساقىيىپ كېتىشىدە ئۈچ ئوغۇلنىڭ ئوخشاش تۆھپە ـ مۆجىزىسى بارلىقىنى ئۇققاندىن كېيىن پاتەمخان تەڭلىكتە قېلىپ:

— مەن قايسىڭلارنىڭ كارامىتىڭلارنىڭ قالتىس ئىكەنلىكىنى پەرقلەندۈرەلمىدىم. مېنىڭ كىمگە مەنسۇپ بولۇشۇمنى ئەڭ ياخشىسى ئۆزۈڭلار مۇقىمداڭلار، — دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاكا ـ ئۇكىلار ئوتتۇرىسىدا تالاش ـ تارتىش باشلىنىپتۇ. ئاۋۇت:

— گىلەمگە ئولتۇرغۇزۇپ ئۇلگۇرتۇپ ئېلىپ كەلمىگەن بولسام، ئالمىنى پۇراتقىلى بولامتى؟ — دەپتۇ.

— ئالمىنى پۇراتمىغان بولسام پاتەمخان كېسەلدىن ساقىيالمايتتى، — دەپتۇ داۋۇت. ساۋۇتمۇ:

— مېنىڭ ئەينىكىمدە پاتەمخاننىڭ كېسەل ئىكەنلىكىنى كۆرمىگەن بولساق گىلەم بىلەن ئالمىنىڭ خاسىيىتى جارى بولمايتتى، — دەپتۇ. بىرسى ئۇنداق دەپ، بىرسى بۇنداق دەپ بىر پىكىرگە كېلەلمەي جېدەل جەڭگە ئايلىناي دېگەندە قولۇم ـ خوشنىلار ئارىغا چۈشۈپتۇ. لېكىن قوشنىلارنىڭ بىرسى:

— گىلەمنىڭ كارامىتى قالتىس، — دېسە، يەنە بىرسى:

— ئالمىنىڭ رولى چوڭ، — دەپ، ئۈچىنچىسى:

— ئەينەكنىڭ تۆھپىسى مۇھىم، — دەپتۇ. شۇنداق قىلىپ قوشنىلارمۇ پاتەمخاننىڭ كىمگە مەنسۇپ بولۇشىنى مۇقىمدىيالماپتۇ. پاتەمخاننى ئۈچ ئوغۇلنىڭ قايسىسىغا نىكاھلاپ قويۇشنى مۇقىمداش، — مۇشۇ چۆچەكنى ئوقۇغانلىرىمىزنىڭ ۋەزىپىمىز بولۇپ قالدى. ئويلىنىپ جاۋاب تاپايلى: پاتەمخاننىڭ كېسىلىنى ساقايتىشتا ئۈچ ئوغۇلنىڭ قايسىسىنىڭ تۆھپىسى چوڭ؟

سۆزلەپ بەرگۈچى: قارىقاش ناھىيىلىك سۇ ئىدارىسىدىن مۇھەممەتئىمىن نىياز

ئۆزگەرتىپ نەشرگە تەييارلىغۇچى: قارىقاش ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىدىن مۇھەممەتئىمىن قۇربان

تەھرىرى: مەتسېلىم مەتقاسىم

# ئەھمىيەتلىك سۆھبەتلەر



قاراقاش ناھىيىلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھاكىمى يولداش شىرزات باۋۇدۇن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى توپلاشقا كۆڭۈل بۆلدى ۋە بېغىشلىما يېزىپ بەردى.

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىدە ئىپادىلەنگەن
ۋەتەنپەرۋەرلىك، كوللېكتىپزىملىق، ئىتتىپاقلىق،
ئالىيجاناب ئىلغار روھنى ئەۋج ئالدۇرۇپ،
ۋە ئىناق قاراقاش قۇرۇش، قەدىمىنى تېزلىتەيلى!

شىرزات باۋۇدۇن

2008-يىلى 5-سىنتەبىر

ھاكىم شىرزات باۋۇدۇننىڭ بېغىشلىمىسى



قاراقاش ناھىيىلىك پارتكومنىڭ دائىمىي ھەيئىتى، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى يولداش خۇ چېڭخۇي( سولدىن 3 ـ كىشى) خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى توپلاش ۋە رەتلەش ھەققىدە يوليورۇق بەردى.



قاراقاش ناھىيىلىك مەدەنىيەت ـ تەنتەربىيە ئىدارىسىنىڭ باشلىقى يولداش ئەخمەتجان ماخمۇت كۆرسەتمە بەرمەكتە.



خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تەتقىقاتچىسى يولداش مەمتىمىن قۇربان پىشقەدەملەردىن ماتېرىيال ئىگەللىمەكتە.



يولداش مەمتىمىن قۇربان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى رەتلىمەكتە

بۇ بەتتىكى سۈرەتلەرنى ئابلەت تارتقان